

3
2015

# تەڭرتاغ

天尔塔格

TANGRITAG LITERATURE

ISSN 1004-1745
05>
9 771004 174028

## بۇ ساندىكى نۇقتىلىق ئەسەر ئاپتورلىرى



مەن ئۆزۈمنى «شېئىر بىلەن بىر نەچچە يىل خوشلاشتىم» دەپ، تۇرمۇشنىڭ ئاۋازىنى مۇڭ بىلەن ئاڭلاپ ياشاۋاتقىنىمدا، يەنە شېئىرنىڭ مەندىن بىر دەقىقىمۇ ۋاز كەچمىگەنلىكىنى تۇيۇپ قالدىم. «بۇ قېتىمقى قايتا ئۇچرىشىش مېنى سەنئەتلىك تۇيغۇلارغا تولغان ھاياتىمنىڭ پەللىسىگە يېتەكلەيدۇ» دېگەن ئۈمىدتە ھەممىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدىم. كەل شېئىر، مەنمۇ سېنى تاشلىماسلىققا ئەھدە قىلدىم.

شېئىرلىرىمدىكى ھەربىر بەلگە، سۆز، ئىستىئارە؛ ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئوي، ھېس، ئىماگ ۋە مەنە ئارقىلىق ئۆزۈم، ئۆز تۇيۇم ھەم ئاياللارنىڭ ئىچكى ئالەمنى قېزىپ، ئادىمىلىك تۇيغۇلىرىنى يورۇتۇشقا تىرىشسام؛ ئەڭ يۇقىرى چەكتە ھەرىكەتكە كەلگەن ھېسلىرىم بىلەن مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە، تەبىئەت گۈزەللىكىگە، ئادەم روھىيىتىگە قاراپ ئاقتىم...

— گۈلنىسا ئىمىن گۈلخان

# تەڭرىتاغ

## دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
## ياشلار ئالاھىدىلىكى مىللىي ئۇسلۇب


**2015.3**

(ئومۇمىي 170 - سان)



**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:**

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان، ئادىل مۇھەممەت تۇران، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىت بەرقى، ئالىمجان ئازات، ئەسقەر ياسىن، گۈلباھار ناسىر، مۇختار مەخسۇت، مەتتۇرسۇن ئېلى، مامبەت تۇردى، مۇھەممەدسالىھ مەتروزى، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، ئوسمان قاۋۇل، ئۆمەرجان سىدىق، ئىمىن ئەھمىدى



ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى




# تەڭرىتاغ

2015 ـ يىللىق 3 ـ سان

(ئومۇمىي 170 ـ سان)

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

(ھەر تاق ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ)


## مۇندەرىجە


### تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

نۇرمەمەتنىڭ مايلامچىلىق دۇكىنى (پوۋېست) ......روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش 15

### شېئىر ۋە باھا

1000 پارچە شېئىرنىڭ ماۋزۇ تەھلىلىدىن ھاسىلات.........مۇھەممەد ھوشۇر 5

### ئەدىبلەر تەتقىقاتى

مانا بۇ ـــ مۇتەللىپ سېيىت (ئەدەبىي خاتىرە) ....تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس 44

### شېئىرىيەت ئۇپۇقى

كېچىنىڭ گۈللۈكى..........................گۈلنىسا ئىمىن گۈلخان 37

بىر ئوت ئۇندۇ قەدىمىي كۈيدە.........................نۇرشات مەمتېلى 39

مىڭبىر كېچىدىن قايتىش..................................ئالىمجان ئازات 42

### قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

پۇچۇق ئەينەك (ھېكايە)..................ئابدۇراخمان ئىسمائىل(قىرغىز) 71

### ئىجادىيەت تەجرىبىخانىسى

ئەسەرنىڭ پۇرىقى..............................رابىگۈل ۋەلى تەرجىمىسى 79

ئىمران سالاھى شېئىرلىرىنى بويلاپ...........قۇدرەت قۇربان تەييارلىغان 100

ئىمران سالاھى شېئىرلىرىدىن......................ئەركىن نۇر تەرجىمىسى 104

### ئىناق جەمئىيەت كارتىنىلىرى

«ئىشتات سىرتىدىكى ئاتا» ـــ لى يۈك................................جاڭ مو 84

### پېشقەدەملەر قەلىمى

سەپەر خاتىرىلىرى (شېئىر).............................ئىمىن ئەھمىدى 68



باش مۇھەررىر:

**پولات ھېۋىزۇللا**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**ئەركىن نۇر**

مۇھەررىرلەر:

**ئالىم خالىدىن**

**ئەكبەر سالىھ**

**ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

**مۇسا ئەھەد** (تەكلىپلىك)

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:

**شاۋكەت شۆھرەت**

مەسئۇل كوررېكتور:

**قەييۇم تۇرسۇن** (تەكلىپلىك)

كوررېكتور:

**دىلارە ھەبىبۇللا**

# TANGRITAG

ژۇرنىلىمىز ئېلخەت ساندۇقى: E-mail:tangritag1986@126.com

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنشىڭ كوچىسى 5 ـ نومۇر
تېلېفون: 4696807 ، 4658897 ـ 0991
پوچتا نومۇرى: 830092
باسقۇچى: ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
فورماتى: 1/16 787 X 1092 مىللىمېتىر
7 باسما تاۋاق
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 ـ خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنالنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى: ISSN1004 - 1745
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرناللارنىڭ داۋاملىق نەشر قىلىنىش نومۇرى: CN65 - 1012/I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 58
پارچە سېتىلىش باھاسى: 10.00 يۈەن

刊　　名：《天尔塔格》
主管单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会
主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地址：乌鲁木齐市新兴街5号
电话：0991-4658897，4696807
邮政编码：830092
印刷：乌鲁木齐隆益达印务有限公司
发行：乌鲁木齐市各地邮政局
订阅：全国各地邮政局
开本：1/16　787 X 1092　7印张
外发行点：中国国际书商总公司
国内统一连续出版物号：CN65-1012/I
国际标准连续出版物号：ISSN1004-1745
邮发代号：58-83
定价：10.00元

## راست ئىشلار خاتىرىسى

يۇرتۇمدىكى كۆنلەردە (ئەدەبىي خاتىرە)..............ئابدۇرېھىم زۇنۇن 60

## ياشلار ئەدەبىياتى

دەريالار شارقىراپ ئۆتتى ئۈستۈمدىن (نەسر)..........نۇرئەلى تۇرۇپ كۆكيار 57
بىز كېتەيلى (شېئىر)..............................پەرىدە ياقۇپ 98
يىللار (ھېكايە).........................يۈسۈپجان مۇھەممەد ئەرتۇغ 107
نەسرلەر...............................بۇسارەم تۇرسۇن لالە 109
غەزەل ۋە مۇخەممەس ..................ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات 59

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتچىسى، مەرھۇم يازغۇچى ــ مۇتەللىپ سېيىت

مۇقاۋا 1 ـ بەت سۈرىتىنى ئىمىن پالتۇ تارتقان
ژۇرنال نامىنى نىياز كېرىم شەرقى يازغان

## شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى تېزلىتەيلى

• ئىقتىسادىي تەرەققىيات تۈرتكە بولىدىغان يېرىلىك تۈزۈم ۋە ھۆكۈمەت قائىدە-تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان، قېلىپلاشقان، تەرتىپلىك بازار مۇھىتى بەرپا قىلايلى!

• بايلىق ۋە مۇھىتقا زىيان يەتكۈزۈدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلايلى!

• ناتوغرا رىقابەتكە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي ئادىل رىقابەتنى قوغدايلى!

• كارخانىلارنى قانۇن بويىچە تەدبىر بەلگىلەش، قانۇنلۇق تىجارەت قىلىش، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، سەممىي بولۇش، لەۋزىدە تۇرۇشقا يېتەكلەيلى!

• ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ قانۇن ئىدارە قىلىش كاپالىتىنى كۈچەيتەيلى!

• مونوپول ساھەلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ناتوغرا رىقابەت ۋە رىقابەتنى چەكلەش قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلايلى، سودا پارىخورلۇقنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلايلى!

• زامانىۋىي كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىپ، كارخانا تىجارىتى ۋە باشقۇرۇشنى قانۇن ئىدارە قىلىش ئىزىغا سالايلى!



# 1000 پارچە شېئىرنىڭ ماۋزۇ تەھلىلىدىن ھاسىلات

**مۇھەممەد ھوشۇر**

**ئاپتور ئىلاۋەسى:**

**مەزكۇر تېمىنىڭ مەقسىتى**

يېڭى ئەسىردىن بۇيانقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىنى ئەيىنەنرەك تەسۋىرلەش شېئىرىيىتىمىزنىڭ كەلگۈسى مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىيات ئىستىقبالى ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بىر تېما. ئەمما بۇ خىل ئەمگەك ناھايىتى كۆپ ئىجتىھات ۋە زور ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ سەللىمازا ھۆددىسىدىن چىقىش ئاسان ئىش ئەمەس.

تۆۋەندە ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان «ھاسىلات» دەل مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كىچىككىنە بىر قېتىملىق ئۇرۇنۇش. ئۇنىڭدا 2005 ـ يىلدىن بۇيان ئىككى چوڭ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان 1000 پارچە شېئىرنىڭ ماۋزۇسىغا قارىتا ئىستاتىستىكىلاش ئۇسۇلى بويىچە تېما ۋە سۆزلۈك تەھلىلى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، نۆۋەتتىكى شېئىرىيەت تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن كىچىككىنە بىر كۆزنەك ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

«ماۋزۇ»نى تەھلىل تېمىسى قىلىپ تاللىۋېلىشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب ـ ئۇنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا بىر پۈتۈن شېئىردىكى مەزمۇن ۋە كەيپىيات بىلەن ناھايىتى زىچ باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىدە. ئوبيېكتىپ تەھلىل ۋە سانلىق ئىستاتىستىكا قىلىشقا قولايلىق ئىكەنلىكىمۇ بۇنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبىدۇر.

ئەلۋەتتە، ماۋزۇنىلا تەھلىل قىلىش ئارقىلىق نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن مەنزىرىسىنى دەل ۋە ئىنچىكە سىزىپ، شېئىرىيىتىمىزدىكى نۇرغۇن زۆرۈر ۋە نازۇك مەسىلىلەرنى يارقىن يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇ ھەممىمىزگە ئايان بىر مەسىلە.

تۆۋەندە مەزكۇر تەھلىلگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۇقۇم، مەسىلىلەرنى ئىزاھلاپ ئۆتىمەن:

**ئەسەر تاللاش دائىرىسى**

مەزكۇر تەھلىلىمىزگە تاللانغان 1000 پارچە شېئىرنىڭ ھەممىسى يېڭى ئەسىردىن بۇيانقى ئۇيغۇر

**شېئىر ۋە باھا**

شېئىرىيىتىنىڭ غول ئېقىنىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان «تارىم» ۋە «تەڭرىتاغ»دىن ئىبارەت ئىككى ساپ ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ 2005-يىلىدىن 2014-يىلىغىچە بولغان سانلىرىدىن ئىختىيارىي تاللىۋېلىندى. تاللاشقا ھېچقانداق ئالاھىدە شەرت قويۇلمىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «تارىم»دىن تاللانغان ئەسەر 528 پارچە، «تەڭرىتاغ»دىن تاللانغىنى 472 پارچە.

## ئەسەر تاللاش شەرتى

ئەسەر تاللىغاندا «دەۋرىمىزگە يېقىن بولۇش، ئىختىيارىي بولۇش، تەكشى بولۇش» پرىنسىپىنى قوللاندۇق. ئومۇمەن خاس ماۋزۇلارنى تاللاپ «شېئىرلار»، «ئىككى شېئىر»، «رۇبائىيلار» دېگەنگە ئوخشاش تۇرداش ماۋزۇلارنى بىردەك ئىشلەتمىدۇق.

## ئىشلەتكەن قورال

رەتكە تۇرغۇزۇش، ئىستاتىستىكىلاش ۋە مىقدارلىق ئانالىز قىلىشلارغا باشتىن-ئاخىرى مىكرو سوفت شىركىتىنىڭ يېزىق بىر تەرەپ قىلىش دېتالى office 2013نىڭ ئىچىدىكى سانلىق ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش ۋە جەدۋەل لايىھەلەش قورالى Excel 2013نى ئىشلەتتۇق.

## بىرىنچى، 1000 پارچە شېئىرنىڭ تېما تەھلىلى

كېسىپ ئېيتقاندا، شېئىرنىڭ ئۆزى بىر خىل تۇيغۇ سەنئىتىدۇر. ئوقۇرمەنگە نىسبەتەنمۇ مەلۇم بىر پارچە شېئىردىن ئەستە قالىدىغىنى ئۇنىڭدىكى مەنتىقلىق مەزمۇندىن كۆرە نازۇك كەيپىياتتۇر. شۇڭا شېئىرلارغا قارىتا تېما تەھلىلى يۈرگۈزگەندە، مېنىڭچە ئۇنىڭ تۇيغۇ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىر قەدەر مۇۋاپىق ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبلىك مەزكۇر 1000 پارچە ئەسەرنىڭ تېما يۈزلىنىشىگە قارىتا تەھلىل يۈرگۈزگەندە مەن مۇشۇ ئۆلچەمنى ئاساس قىلدىم. يەنى ماۋزۇ ئىپادىلىگەن تۇيغۇ ۋە مەنە قاتلاملىرى بويىچە بۇ شېئىرلارنى چوڭ-كىچىك تېمىلارغا ئاجراتساق، ئۇلارنىڭ مىقدار تەرتىپى مۇنداق بولدى:

بىرىنچىسى، ئىشق-مۇھەببەت تۇيغۇلىرى: بۇ نۆۋەتتىكى شېئىرىيىتىمىزدە ئەڭ كەڭ ئۇچرايدىغان تېما خاھىشى بولۇپ، بىز تاللىغان 1000 پارچە ئەسەردە تەخمىنەن ھەر ئۈچىنىڭ ئىچىدە بىرسى چوقۇمكى مۇھەببەت لىرىكىسىدۇر. ئۇلارنىڭ تەركىبىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلىگەندە «سۆيگۈ ئوبيېكتىغا كۆڭۈل ئىزھار قىلىش»، «سۆيگەن يارنى سېغىنىش»، «مۇراد-مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىش» تىپىدىكى ئەسەرلەر مۇتلەق كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئىككىنچىسى، ماكان تۇيغۇلىرى: شائىرنى ئوراپ تۇرغان فىزىكىلىق ياكى پسىخىكىلىق ئورۇن سېزىمىدىن شەكىللەنگەن ئەسەرلەر بولۇپ، سەيلە-ساياھەت ئەستىلىكلىرى، يۇرت، ۋەتەن مېھرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈردىكى شېئىرلار ئىچىدە تەبىئەت لىرىكىلىرى ئەڭ زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، يەككە تېمىلارنىڭ مىقدارى بويىچە رەتكە تىزغاندا پەقەت سۆيگۈ ئىزھارى تىپىدىكى لىرىكىلاردىنلا كېيىن تۇرىدۇ.

ئۈچىنچىسى، ئۆزلۈك تۇيغۇلىرى: شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە تۇرلۇك سالاھىيەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن لىرىكىلار بولۇپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، «تۇيغۇ ئىچىدىكى تۇيغۇ»دۇر. ئۇنىڭدا ئىجتىمائىيلىقتىن كۆرە شەخسىيلىك ۋە ئۆزۈمچىللىك ئاساسىي مېلودىيە ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچىسى، زامان تۇيغۇلىرى: شائىرنىڭ فىزىكىلىق ياكى پسىخىكىلىق ۋاقىت سېزىمىدىن شەكىللەنگەن ئەسەرلەر بولۇپ، ھاياتنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىدىكى تۇز تەمى ۋە سىر ئەسرالىرى بىلەن سۇغىرىلغاچقا، كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىككە ۋە قويۇق ئەسلىمە خاراكتېرىگە ئىگە.

بەشىنچىسى، ئادىمىيلىك (ئىجتىمائىيەت) تۇيغۇلىرى: يەنى ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئىشق-مۇھەببەتتىن سىرت باشقا تۇيغۇلاردىن شەكىللەنگەن ئەسەرلەر بولۇپ، چېتىلىشى ۋە تېما دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ. بۇ خىلدىكى شېئىرلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى — شەيئىلەرنى ئومۇمىي توپنىڭ كوللېكتىپ ئېڭى بىلەن كۆزەتكەچكە، نىسبەتەن قويۇق دىداكتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

ئالتىنچىسى، ھەرىكەت-ھالەت تۇيغۇلىرى: كلاسسىك شېئىرىيەتتە نىسبەتەن ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل تېما خاھىشى بولۇپ، شائىرنىڭ مەلۇم بىر خىل جىسمانىي ياكى روھىي ھەرىكەتنى ئورۇنلىغاندىكى ھېس-تۇيغۇلىرى، شۇنداقلا تاشقى دۇنيانىڭ ھەرخىل ھەرىكەتلىك ھالىتىدىن ئالغان تەسىراتلىرى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەردۇر. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ

ماۋزۇسى ئومۇمەن پېئىللاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بەلگىلىك پەلسەپىۋى قاراشلارغا يۇزلەنگەن.

يەتتىنچىسى، شەيئى تۇيغۇلىرى: ئەتراپىمىزدىكى ئادەمدىن سىرت تۇرلۇك جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇداتنىڭ شائىر ۋۇجۇدىنى غىدىقلىشىدىن ھاسىل بولغان شېئىرلار بولۇپ، ناھايىتى كۆچلۇك مەسەللىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدا تۇرلۇك-تۇمەن شەيئىلەردىكى بەزى ھادىسىۋى ئالاھىدىلىكلەر ئىنسانلارنىڭ مىجەز-خۇلقىغا تەققاسلىنىدۇ.

ئەمدى بۇلارنىڭ كونكرېت تەھلىلىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ (چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۇچۇن ھەربىر تېما خاھىشىغا بەشتىن مىسال كەلتۇرۇلدى.)

| نىسبىتى | جەملىمىسى | مىساللار | سانى | تارام تېما | باش تېما |
|---|---|---|---|---|---|
| 29.4% | 294 | «بىر قىزغا»، «تۇغۇلغان كۇنۇڭگە»، «يۇرىكىمدە ئۆڭمەس سۆيگۇ بار»، «دىلبەر سېنى قانىمدىن سۆيۇپ»، «يۇرىكىمنى ساڭا ئۆتۇنەي» | 162 | ئىزھار | ئىشق-مۇھەببەت تۇيغۇلىرى |
| | | «سېغىنىش كۈيى»، «ئەسلەپ قالدىم نىگارىم سېنى»، «سېنىڭ ۋەسلىڭ»، «ئاي چىققۇچە ساقلايمەن»، «مەن سېنى سېغىنغاندا» | 45 | سېغىنىش | |
| | | «رومالىڭنى قايرىۋەت»، «سالام دەڭلار كاككۇكقا»، «كەل دىلبەر»، «ئاتىغىنا ئىسمىمنى جېنىم»، «ئەي پەرى بىر سۆي مېنى» | 35 | ئىلتىجا | |
| | | «دەرد لىرىكىسى»، «يامغۇر بولۇپ تۆكۇلۇپ كەتتىم»، «بولالمىدىم ئەپسۇس ھېچنېمەڭ»، «ھېچكىمگە ئېيتقۇم يوق سەن سالغان دەردنى»، «ھەسرەت» | 28 | ئازاب | |
| | | «جۇدالىق نىداسى»، «خەير-خوش»، «سېنىڭسىز ياشاش»، «يىراق گۇللىرى»، «يۇرىكىمدە مىڭ دېڭىز ھىجران» | 14 | ھىجران | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | قىياپەت | 10 | «بۇلاق كۆز»، «سىنىڭ كۆزلىرىڭ»، «سىنىڭ خالىڭ»، «كىچىلەر چىچىڭنىڭ بىر تىلى ئىدى»، «قوزىچاقتەك ئوماق دىلبىرىم» | | |
| ماكان تۇيغۇلىرى | تەبىئەت | 132 | «قۇملۇقتىكى ئاي»، «ھەسەن ـ ھۈسەن»، «تاغ تەسۋىرى»، «تىنىق كۆل»، «توغراق ناخشىسى» | 188 | 18.8% |
| | يۇرت ـ ۋەتەن | 39 | «سەھرايىم»، «كىرىيە مېھرى»، «خوش خوتەن»، «ئانامنىڭمۇ ئانىسى ۋەتەن»، «شانلىق توي بۇگۈن» | | |
| | يەر ـ جاي | 17 | «ئاي كوچا»، «قەبرىستان»، «ئۇلۇغ ئاتا سۇ ئامبىرى»، «پويىزدا»، «D مېھمانسارىيى» | | |
| | ھايات | 39 | «ھاياتنى چۈشىنىش»، «ھايات يولى»، «پېشانە»، «ئۆمۈرگە تەبىر»، «بىلگەنلەرگە گۈزەلدۇر ھايات» | | |
| | ئۈمىد ـ ئىشەنچ | 23 | «مەن بىر ئوقيا»، «ئۈمىد كۈيلىرى»، «يىلىنجار قەلبىمدە بىر گۈزەل ئارمان»، «بۇ كۈنۈمدىن ئەتەم باشقىچە»، «چىللايدۇ ئۆتمۈشۈم گۈزەل بىر سەھەر» | | |
| | خىيال ۋە چۈش | 20 | «توختاۋسىز خىيال»، «خىياللىرىم»، «چۈش قەسرى»، «قاپىيەسىز چۈش»، «چۈش ياپراقلىرى» | | |
| ئۆزلۈك تۇيغۇلىرى | ئاياللىق | 18 | «ئايال»، «شائىر ۋە شېئىر، ئايال»، «چىن ئايال»، «ھەقىقىي ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار»، «چوكان» | 161 | 16.1% |
| | غېرىبلىق | 18 | «تەنھالىق بىر مېنى قىيناپ تۇرسىمۇ»، «ھەسرەتلىك كۆڭلۈم»، «ئازابىقا قايتىش»، «كېچە ۋە يالغۇز يول يۈرگۈچى»، «مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم»، «قەلبىمدىكى باياۋان» | | |
| | ئەرلىك | 14 | «يىگىت قەھرى»، «ئىشىكنىڭ كەينىدىكى ئەر»، «يىلان ئەر»، «ئەركەكلەر قېنى سىلەر»، «سۆيۈملۈك لۈكچەك» | | |
| | مەنىۋىيەت | 11 | «روھ پەرۋازلىرى»، «روھنىڭ سۈرىتى»، «روھنىڭ ئاۋازى»، «روھ جىلۋىسى»، «ئېچىرقىغان روھنىڭ نىداسى»، «كىملىك» | | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | مامات | 10 | «بىز دۇنياغا بولمايمىز ئەركان»، «قاراڭغۇ ئۆيۈمدە ئۆلۈپ قالسام گەر»، «ئۆلۈم ناخشىسى»، «هايات ـ مامات ئارىلىقى»، «مامات لىرىكىسى» | | |
| | تېڭىرقاش | 8 | «بەلكىم...مەن»، «قېچىشنى ئويلايمەن ئۆزۈمدىن بىر رەت»، «بىلەلمىدىم»، «قورقىمەن»، «تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا مەن» | | |
| زامان تۇيغۇلىرى | پەيتلەر | 53 | «شائىر ئۇۋغا چىققان بىر كۈنى»، «يانۋارنىڭ ئون ئۈچى»، «سائەت يەتتە بولدى»، «مەن خىيالغا ئايلانغان كېچە»، «14 ـ مارت، سەيشەنبە»، «بىر دەقىقە» | 111 | 11.1% |
| | پەسىللەر | 18 | «قار سېغىنىش»، «ياز»، «قىش نەقىشلىرى»، «كۈز لىرىكىلىرى»، «قىش كېچىسى» | | |
| | ياشلىق | 13 | «ياشلىق يالداملىرى»، «مەن ياش تېخى»، «ياشلىق تامچىلىرى»، «ياشلىق گۈلى»، «ئوتتۇز ياش» | | |
| | بالىلىق | 12 | «بالىلىق چاغلار»، «بالىلىقنى سېغىنىش»، «بالىلىقنى ئىزدەش»، «چوغ سۇنغان بالا»، «چوڭ بولماقتا شەھەردە بالا» | | |
| | تارىخ | 10 | «تارىخ»، «سۇجۇپ»، «قەدىمىي قەلئە»، «كىروران»، «ئون ئەسىر» | | |
| | قېرىلىق | 5 | «ئۆمۈر ئالبومىنى ئاچتىم»، «پەسىلسىز يىللار»، «ياشاندىم»، «ئۆمۈر ئىزى»، «نەۋقىران چاغلىرىم كەتتى» | | |
| | ئېھتىرام | 33 | «شائىر ئولمەيدۇ»، «ئابدۇللا تالىپقا مەرسىيە»، «قالدۇردۇڭ مەنىۋى بىباھا مەنىۋى مىراس»، «ئەلۋىدا، تۆھپىكار ئىنسان»، «يۈسۈپ خاس هاجىپ شەنىگە» | | |
| ئادىمىلىك تۇيغۇلىرى | قان ـ قېرىنداشلىق | 21 | «ئانامنىڭ ئېتىزلىرى»، «ئاتا قەسىدىسى»، «دادامنىڭ سايىسى»، «ئوغلۇمغا»، «بوۋامغا» | 85 | 8.5% |
| | ئەخلاق | 13 | «بەتخەجلىك»، «ئازمىغىن»، «ئوخشىماس»، «قوشلاپ بەرسە شەيتىنىم مېنى»، «چۈنكى سەن ــ هايۋان»، «هاراقكەشكە» | | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئەنئەنە | 7 | «دوپپا»، «چۆل ئوغلى»، «مۇقام لىرىكىسى»، «مىللەت ھەققىدە»، «بىزنىڭ پولۇ» | | |
| | دوستلۇق | 6 | «سالام دوستلار»، «يىراقتىكى دوستۇمغا»، «ساۋاقداش»، «دوستلارغا سۆز»، «چىن دوستلۇق» | | |
| | ھېسداشلىق | 5 | «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق»، «يېتىم بالا»، «ۋېلىسىپىتلىق كىراكەش»، «تىلەمچى ئانا»، «زىمىستاندا بىر بالا» | | |
| ھەرىكەت ـ ھالەت تۈيغۇلىرى | ھەرىكەت | 35 | «گۈلگە قاراش»، «سۇ تالىشىش»، «ئۆي كۆچۈش»، «تونېلدىن ئۆتۈش»، «يالغۇز كوچا ئايلىنىش» | 45 | 4.5% |
| | ھالەت | 10 | «ھىلال تىرناقلىرىنى ئېلىۋاتقان قىز»، «توغراق كاۋىكىدا ئولتۇرغان قىز»، «چاچ تارايدۇ ئېرىقتا سۇمبۇل»، «تاشقا سۆزلەۋاتقان ئادەم»، «خاتىرە كۆيدۈرۈۋاتقان قىز»، «چوغ سۇنغان بالا» | | |
| شەيئى تۈيغۇلىرى | جىسىملار | 18 | «بۆرەكسىمان كەتمەن»، «تارىشا گۈگۈرت»، «تاش قاتمىغا ئايلانغان ياپراق»، «بىر تال ئېغىر پەي»، «بىر سېۋەت تۇخۇم»، «بەلباغ»، «سايىنىڭ تېشى»، «ھاۋانچا» | 32 | 3.2% |
| | جانىۋارلار | 14 | «دالا قارلىغاچلىرى»، «ئاق قۇشقاچ»، «ئاق بوز ئات»، «تاشپاقىنىڭ قۇلىقى»، «تۆگە» | | |
| باشقىلار | | | | 84 | 8.4% |

ئەلۋەتتە، بۇ جەدۋەل ھەرگىزمۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تېما يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا مەن جەدۋەلنىڭ ئاخىرىدا قاشالىغان دائىرە ئىچىگە كىرمىگەن 84 پارچە ئەسەرنى ئالاھىدە ئەسكەرتتىم، بەلكىم سان بۇنىڭدىن كۆپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى بۇ تەھلىلدە تولاراق كۆز مۆلچەرىمگە ۋە ئۆزۈمنىڭ بەدىئىي ھەزىم قىلىش سەۋىيەمگە تاياندىم. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ مۇتلەق ئىلمىي يەكۈن بولۇشى ناتايىن. بۇ پەقەت دېڭىزدىن تامچە بولۇپ شېئىرىيىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن ئازراق چۈشەنچە بېرەلىسە ئەجەب ئەمەس.

## ئىككىنچى، 1000 پارچە شېئىرنىڭ سۆزلۈك تەھلىلى

1000 پارچە شېئىر ماۋزۇسىدا جەمئىي 2330 دانە سۆز بولۇپ، بۇلارنى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرقايسى سۆز تۈركۈملىرى بويىچە ئايرىغىنىمىزدا ئېرىشكەن نەتىجە تۆۋەندىكىچە:

| تەرتىپى | سۆز تۈركۈمى | سانى | نىسبىتى |
|---|---|---|---|
| 1 | ئىسىم | 1308 | 56% |
| 2 | پېئىل | 466 | 20% |
| 3 | سۈپەت | 184 | 7.9% |
| 4 | ئالماش | 159 | 6.8% |
| 5 | رەۋىش | 81 | 3.5% |
| 6 | سان | 70 | 3% |
| 7 | باغلىغۇچى | 26 | 1.1% |
| 8 | ئىملىق | 15 | 0.6% |
| 9 | تىركەلمە | 13 | 0.55% |
| 10 | مىقدار سۆز | 7 | 0.3% |
| 11 | تەقلىدىي سۆز | 1 | 0.04% |

دېمەك، ئىسىم، پېئىل، سۈپەت ۋە ئالماشتىن ئىبارەت تۆت سۆز تۈركۈمىنىڭ ئومۇمىي سانى 2117 دانە بولۇپ، ئومۇمىي سۆزلەم سانىنىڭ %90نى ئىگىلىگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسىي سۆز تۈركۈملىرىنىڭ تەكرارلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

**ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ئىسىملار**

| تەرتىپى | تۈپ سۆز | تۈرلىنىشى | چاستوتىسى |
|---|---|---|---|
| 1 | گۈل | گۈل، گۈللەر، گۈلى | 30 |
| 2 | يۈرەك | يۈرەك، يۈرىكىمدە، يۈرەكلەر | 29 |
| 3 | ئانا | ئانا، ئانام، ئانامنىڭ | 19 |
| 4 | كەچ | كېچە، كېچىدە، كېچىلەر | 18 |
| 5 | مۇھەببەت | مۇھەببەت، مۇھەببەتنىڭ، مۇھەببەتكە | 17 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 6 | يول | يول، يوللار، يولۇچى | 17 |
| 7 | كۈن | كۈن | 15 |
| 8 | ئاي | ئاي | 15 |
| 9 | ئوت | ئوت، ئوتتىن | 15 |
| 10 | قىز | قىز، قىزى، قىزلار | 14 |
| 11 | هايات | هايات، هاياتىم | 14 |
| 12 | ئايال | ئايال، ئاياللار | 14 |
| 13 | قەلب | قەلبىمدە، قەلبىمدىكى، قەلب | 13 |
| 14 | كۆڭۈل | كۆڭۈل، كۆڭۈلگە، كۆڭلۈڭ | 13 |
| 15 | ئىز | ئىزدەش، ئىزدىمە | 13 |
| 16 | چۈش | چۈش، چۈشلىرىمگە | 12 |
| 17 | دىلبەر | دىلبەر، دىلبىرىم، دىلبەرنىڭ | 12 |
| 18 | دەريا | دەريا، دەرياسى | 12 |
| 19 | كۆز | كۆزى، كۆزلىرىڭ | 12 |
| 20 | بالا | بالا، بالىلار | 11 |

## ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن سۈپەتلەر

| تەرتىپى | تۈپ سۆز | تۈرلەنمىسى | چاستوتىسى |
|---|---|---|---|
| 1 | تەنها | تەنها، تەنهالىق | 7 |
| 2 | يىراق | يىراقتىكى، يىراق | 7 |
| 3 | ئۇنتۇلماس | ئۇنتۇلماس، ئۇنتۇپ | 6 |
| 4 | گۈزەل | گۈزەل، گۈزەللىك | 6 |
| 5 | ئاق | ئاق | 5 |
| 6 | چىراي | چىرايلىق | 5 |
| 7 | ئۇلۇغ | ئۇلۇغ | 4 |
| 8 | يېڭى | يېڭى | 4 |
| 9 | يېگانە | يېگانە | 3 |
| 10 | يالغۇز | يالغۇز، يالغۇزلۇقۇم | 3 |

## ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن پېئىللار

| چاستوتىسى | تۈرلەنمىسى | تۈپ سۆز | تەرتىپى |
|---|---|---|---|
| 38 | سۆيگۈ، سۆيۈپ، سۆيۈملۈك | سۆي | 1 |
| 24 | بولۇپ، بولدۇم، بول | بول | 2 |
| 17 | دەپ، دېدىم، دەيمەن | دېيىش | 3 |
| 16 | بار، بارمۇ | بار | 4 |
| 15 | سېغىنىش، سېغىندىم | سېغىنىش | 5 |
| 14 | كەتتىڭ، كەتتىم، كەت | كەت | 6 |
| 14 | كەلسەڭ، كەلدىم، كەل | كەل | 7 |
| 11 | چىققان، چىقساڭ | چىق | 8 |
| 10 | قالدى، قالساڭ | قال | 9 |
| 9 | كۆيۈك، كۆيدۈرۈپ | كۆيۈش | 10 |
| 8 | كۆرۈپ، كۆرگەن | كۆر | 11 |
| 8 | ياشاش، ياشاپ | ياشاش | 12 |

## ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ئالماشلار

| چاستوتىسى | تۈرلەنمىسى | تۈپ سۆز | تەرتىپى |
|---|---|---|---|
| 58 | مەن، مەندىن | مەن | 1 |
| 44 | سەن، سېنى | سەن | 2 |
| 12 | ئۆزۈمگە، ئۆزۈمدىن | ئۆز | 3 |
| 7 | شۇ، شۇنداق | شۇ | 4 |
| 7 | ئۇ، ئۇنىڭ | ئۇ | 5 |
| 6 | بۇ | بۇ | 6 |

### ئۈچىنچى، بۇ شېئىرلاردا ئومۇملاشقان ئىماگلار

ئەمدى بىز يەنە مىقدار تەرتىپى بويىچە مەزكۇر 1000 پارچە ئەسەردىكى كۆپرەك ئىشلىتىلگەن ئىماگلارغا قاراپ باقايلى:

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ئادەم ئورگانىزملىرى: يۈرەك، كۆز، چاچ

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن تەبىئەتناملىرى: ئاي، كۈن، دەريا، تاش، سۇ، يامغۇر، تاغ، يۇلتۇز

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ئۆسۈملۈك ناملىرى: گۈل، جىگدە، توغراق

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ھايۋانات ناملىرى: قۇشقاچ، قۇشلار، يىلان، ئات، تۆگە، بۇلبۇل، تۇمۇچۇق

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ۋاقىت ناملىرى: بۈگۈن، كەچ، ئاخشام، تۈن

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن پەسىل ناملىرى: باھار، ياز، قىش، كۈز

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن سانلار: بىر، ئىككى، مىڭ

ئەڭ كۆپ تەكرارلانغان جاي ناملىرى: خوتەن، قەشقەر، سەھرا، ئېلى

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن رەڭلەر: ئاق، قىزىل

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەن ئۆزلەشتۈرمە سۆزلەر: لىرىكا، تېلېفون

### خۇلاسە

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى پايانسىز بىر ئوكيانغا ئوخشايدۇ. ئۇنى ھەر تەرەپتىن تولۇق تەسۋىرلەش مەلۇم بىر شەخسنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. بىراق بۇ قېتىمقى ئورۇنۇشنىڭ بەلكىم ئۇنىڭ مەلۇم قىرغاقلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ئازتولا ياردىمى بولۇشى مۇمكىن، مەزكۇر تەھلىلنىڭ مەقسىتىمۇ دەل مۇشۇ.

ئاخىرىدا بۇ شېئىرلارنىڭ ماۋزۇسىنى تاللاش، كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش ۋە رەتلەشكە ھەمكارلاشقان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى كاتىباتلىق 2010 - يىللىق 2 - سىنىپتىكى 24 نەپەر ئوقۇغۇچۇمغا ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

ھەرقانداق بىر نەشرىيات، گېزىت - ژۇرنال، رادىيو ئىستانسىسى، تور بېكىتى ياكى شەخسنىڭ ژۇرنىلىمىزدىن ئۆز مەيلىچە ئەسەر ئېلىپ ئىشلىتىشى (ئاپتورىغىمۇ ھەق بەرمەي رادىيودا ئاڭلىتىشى، توپلام قىلىپ نەشر قىلىۋېلىشى ياكى ھەرخىل توپلاملارغا كىرگۈزۈشى) ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە فىلمى، ئاۋازلىق ئەسەرگە ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. ئەگەر، ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلىرىنى تولۇق ئۆتەپ، ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئىشلەتسە بولىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار بايقالسا، جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. بۇ ئۇقتۇرۇش، ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

**«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**



# نۇرمەمەتنىڭ مايلامچىلىق دۇكىنى

(پوۋېست)

روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش

1

ئىشىكتىن چىقىپلا ئاسمانغا قارىدىم. «يەنە يامغۇر ياغىدىكەن-دە؟» دېگەننى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈش بىلەن تەڭ ۋۇجۇدۇمغا .بىر خىل ئۈمىدسىزلىك تارالغاندەك بولدى. چۈنكى، نەچچە كۈندىن بېرى قۇياشنىڭ كۈلۈپ چىقىشىنى شۇنچىلىك ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقان بولساممۇ، ئەمما سەھەردىلا شەھەر ئاسمىنىنىڭ تۇرۇلگەن قاپىقىنى كۆرمەكتە ئىدىم. يامغۇر ياغقان كۈنلەردە «ئاياغ مايلايمەن» دەپ كوچىغا چىقىۋېلىشىنىڭ كۈلكىلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئەمما بۈگۈن يەنە بىر ئورۇندۇقنى ئالدىمغا قويىۋېلىپ، كونا بىنانىڭ دالدىسىدىكى تامنىڭ تۈۋىدە ھەربىر ئادەمگە ئۈمىد بىلەن قاراپ ئولتۇراتتىم. يامغۇرنىڭ سەل پەسىيىشىنى، ئايىغى بۇلغىنىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ مەن تەرەپكە قايرىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم...

خېلى ئۇزۇنغىچە بىردەم ئاسمانغا، بىردەم ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇردۇم، جىمجىت ئولتۇرۇش خىيالنى چالغىتسا كېرەك، بىردىنلا ئۆتمۈش، كەچمىشلىرىممۇ يامغۇرغا ئايلىنىپ، خىيالىم ئاسمىنىدىن تۆكۈلۈشكە باشلىدى...

«ھەممە ئىش تەقدىر-پېشانە بويىچە بولىدىكەن. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئانام بالىياتقۇ راكى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. شۇندىن كېيىن، ئائىلىمىزنىڭ قىيىنچىلىقى تېخىمۇ كۆپىيىپ، مېنىڭ زىممەمدىكى يۈك بارغانچە ئېغىرلاشتى. ھەئە، دادامنىڭ ئىككى پۇتى ئېچمايماق بولۇپ، بىمالال ھەرىكەت قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدىكى دادام، مەن ۋە ئىككى سىڭلىم تۆت جان تاماق يېيىشىمىز، كىيىم كىيىشىمىز كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ ئىككى سىڭلىم ئوقۇمىسا بولمايتتى... شۇڭا مەن مەكتەپتىن توختاپ، ئىش تېپىپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. دەسلەپتە كىشىلەرنىڭ ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا قارىشىپ، ئۆيلىرىدە ئىشلەمچىلىك قىلىپ دېگەندەك يوقتىن ياخشى كىرىم قىلدىم. ئەمما

تۇرمۇش تەسۋىرلىرى

مەھەللىدىكى كىشىلەر پاختا تېرىش مەزگىلىدىن باشقا ۋاقىتلاردا پۇل بېرىپ ئادەم ئىشلىتىشكە ئۇنچە ئېھتىياجلىق بولمىغاچقا ئىش تېپىش تەس ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن يېشىمنىڭ كىچىكلىكى سەۋەبى، چوڭلار بىلەن تەڭ ئىشلىسەممۇ، ئاخىرىدا ئالىدىغان ھەققىم باللارغا لايىق بولۇپ چىقاتتى. بەزىدە كۈنبويى ئىشلىسەم، قورسىقىمنى تويغۇزۇپ قويغىنىنى ھېساب قىلىپ، قۇرۇق قول يولغا سېلىپ قويغان ئادەملەرمۇ بولدى... شۇڭا يۇرتتىن چىقىپ باشقا يەرلەرگە بېرىپ بېقىش ئويىغا كەلدىم. چۈنكى كۈنلەر ئۆتۈپ، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىق سەۋەبلىك چوڭ سىڭلىممۇ كىشلەرنىڭ ئىشىنى قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى. ئەينى چاغدا گەرچە سىنىپ مەسئۇلىمىز ماڭا ناھايىتى ئامراق بولسىمۇ، ئوقۇشتىن توختاش نىيىتىمنى ئېيتىپ يىغلاپ سالغىنىمدا، ئۇمۇ خىلى ئۇزۇن جىمىپ كەتكەندىن كېيىن: ‹بوپتۇ ئۇكام، بىزنىڭمۇ سىلەرگە قىلالايدىغان ياردەملىرىمىز چەكلىك. سەن ئەقىللىك، مەكتەپتىن چىقىپ كەتسەڭمۇ ياخشى ئادەم بولىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. مەن مەكتەپ مەسئۇللىرىغا ئېيتاي...› دېگەنىدى كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ. دېمەك، ئوقۇشتىن توختىشىم ئوقۇتقۇچۇم ھەم ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ ئازابلىق بولغانىدى. ئەمدى كېلىپ يەنە سىڭىللىرىمنى كىشلەرنىڭ قولىغا تەلمۈرتۈپ قويسام قانداق بولىدۇ؟...

مانا شۇنداق كۆڭلۈم يېرىم يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تېلېۋىزوردىن ئۇرۇمچىدە گېزىت كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سېتىپ، خېلى ياخشى كىرىم قىلىۋاتقان بىر بالا ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ مېنىپ بولسىمۇ، كىشلەرگە بېقىنىپ ياشاشنى خالىماي، مۇشۇ ئىش بىلەن تېلېۋىزورغا چىققۇدەك ھالەتكە يەتكەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ‹ئۇرۇمچى› دېگەن گەپ ئېغىزىمغا كىرىۋالدى. ‹ئۇرۇمچىگە بارىمەن،— دەيتتىم ئۆزۈمگە،— چوقۇم بارىمەن، ماڭىمۇ بىرەر چىقىش يولى تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس...› ئەمما بېكەتلەرگە بېرىپ ئۇقۇشسام، ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن خېلى پۇل كېتىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. دادامنىڭ، ئۆينىڭ ئەھۋالى ماڭا ئايان، ئۇنچىلىك پۇل چىقمايدۇ. مەھەللىدىكى ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلارنىڭ ماڭا پۇل بېرىپ تۇرۇشىدىن ئۈمىد يوق. شۇڭا مۇئەللىمىمنىڭ ئالدىغا باردىم. مەكتەپنىڭ توپىلاڭ مەيدانىدا بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ، ئويۇمنى ھەم پۇلنى ھامان بىر كۈنى قايتۇرىدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. مۇئەللىمىم پۇل بەردى ۋە ماڭا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك-يات ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن ماڭماسلىق، چوقۇم ئۇرۇمچىدە توختاش، ئاللىقانداقتۇر چىرايلىق ۋەدىلەرگە ئالدىنىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتمەسلىك، توغرا يول بىلەن پۇل تېپىش، ئۆزىگە ھېچ بولمىسا ھەپتىدە بىر قېتىم تېلېفون قىلىپ تۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئەسكەرتتى. مەن ئۇنىڭغا ئېيتقانلىرىنى چوقۇم ئېسىمدە تۇتىدىغانلىقىم ھەققىدە ۋەدە بەردىم.

شۇ كۈنى كەچتە ئۆيىمىزدە غۇلغۇلا بولدى. ئاخىر، كىچىك سىڭلىم يىغلىدى، چوڭ سىڭلىم ئاشخانىغا كىرىۋالغانچە چىققىلى ئۇنىمىدى، دادام مېيىپ پۇتىغا تىكىلگىنىچە بويىنىنى قىسىپ ئولتۇرۇپ قالدى...

ئەتىسى بانكىغا باردىم. ئىشىكتىن كىرىپلا ھودۇقۇش بىلەن ئەتراپقا قاراپ، كۆزۈم بىر ئىش بېجىرگۈچى خانىمنىڭ تولىمۇ ئىللىق چىرايىغا چۈشۈش بىلەن يول بويى سۈرۈپ كەلگەن تەشۋىشلىرىم ئازراق پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى. شۇڭا باشقا كۆزنەكتىكىلەر نەچچە-نەچچە قېتىملاپ بىكار بولغان بولسىمۇ، ئەمما بىرەر سائەتچە ساقلاپ، «ئىللىق خانىم»نىڭ قولى بىكار بولغاندا ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم ۋە ئۆزۈمنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلىمەكچى ئىكەنلىكىمنى، شۇڭا ئۆيدىكىلەرگە پۇل سېلىش ئۈچۈن كارتا بېجىرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى، بولسا ماڭا پۇل سېلىش ۋە ئېلىشنى ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. خانىم ماڭا خېلى ئۇزۇن سىنچىلاپ قارىدى. بەلكىم، ئۇ مېنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزۈمگە قاراپ ھەممە ئەھۋالنى چۈشەنگەندۇ ياكى ئۈمىدلىك بېقىشلىرىمنى يەردە قويۇشنى مۇۋاپىق كۆرمىگەندۇ، كۆزنەك ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئامانلىق قوغدىغۇچىنى چاقىرىپ، ماڭا كارتا بېجىرىشكە لازىملىق جەدۋەلنى تولدۇرۇپ بېرىشنى ئېيتتى. ئۇمۇ بىر ياخشى كىشىكەن، ماڭا شۇنداق ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، ھاجىتىمنى راۋا قىلدى. مەن بۇ جەرياندا، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىمنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ «سەن دېگەن ئوغۇل بالا-ئەركەك! چوقۇم دېگىنىڭنى قىلالايسەن» دېدى ۋە ئۆيدىكىلەردىن بىرەرىنى ئۆزىگە تونۇشتۇرۇپ قويۇشۇمنى، كېيىن كارتىنى ئېلىپ كەلسە، تەكشۈرۈش، پۇل ئېلىشقا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن تولىمۇ خۇش بولۇپ، رەھمىتىمنى بىلدۈردۈم. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ مېنىڭ

بېشىمنى قاتۇرۇۋاتقان بىر مەسىلە ئىدى...

شۇنداق قىلىپ، ھەممە ئىشنى جايىدا يولداپ، ئۈرۈمچىگە قاراپ ئاتلاندىم. دادام ۋە سىڭىللىرىم بېكەتتە كۆزلىرى ياش يۇقى ئۇزىتىپ قالدى...

شۇ كۈنى ئەسىر ۋاقتىدىن ئۆتكەندە ئۈرۈمچىگە كەلدىم. ئەمما كاللامدا «گېزىتچى بالا» تەسىرىدىن شاخلانغان خىيال، ئارزۇلاردىن ئۆزگە كۆپ ئويلىنىش، ئىككىلىنىشلەر بولمىغاچقا، ئۈرۈمچىگە تەييارلىقسىزلا، ئېنىقنى ئېيتقاندا، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپلا گېزىتلەرنى سېتىپ، ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ كېتىدىغاندەك بىر تۇيغۇدا كەلگەنىدىم.

— نەگە بارىسىز؟ — قۇلىقىمغا كىرگەن كىراكەش بالىنىڭ ئاۋازى ماڭا بۇ شەھەردە قويۇلغان تۇنجى سوئال بولدى.

«راست، نەگە بارىمەن؟...» مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئەمەس، ئەمدى ئۆزۈمدىن شۇنداق سوراۋاتاتتىم.

— ھە، گېزىتخانىغا، — بىرھازادىن كېيىن ئاران ئويلاپ تاپقان جاۋابىمغا يەنە سوئال قايتتى.

— قايسى گېزىتخانىغا؟

كاللامغا بىردىنلا «گېزىت، گېزىتچى بالا» كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما دەماللىققا گېزىتخانىنىڭ ئىسمىنى تاپالماي يەنە تۇرۇپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە مەن ئۆزۈمگە يات، ناتونۇش بىر شەھەرنىڭ باشقىچە ھاۋاسى، شەكلى، مۇھىتى ئالدىدا تەمتىرەۋاتاتتىم... كىراكەش بالا ماڭا قاراپ سەت بىرنى ئالىيىپ قويغاندىن كېيىن، ماشىنىسىنى ئاجايىپ بىر تېز سۈرئەتتە قوزغىتىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ماڭا، گويا بۇ بالا ئەمەس، بەلكى مەن تۇپرىقىنى دەسسەپ تۇرغان مۇشۇ شەھەر خىرىس قىلىشنى باشلىغاندەك تۇيۇلۇپ، ۋۇجۇدۇمنى سوغۇق تەر باستى.

— نەگە بارىسىلەر؟ دۆڭكۆۋرۈككىمۇ ياكى بەيگە مەيدانىغىمۇ، چىقىڭلا، غاچچىدە ئاپىرىۋېتىمەن!

مەن ئىلگىرى «دۆڭكۆۋرۈك» دېگەن ئىسمىنى كۆپ ئاڭلىغاچقا، ئىككىنچى كىراكەشنىڭ سۆزى بىلەن قەلبىم بىردىنلا يورۇغاندەك بولۇپ، ئىككىلەنمەي ئولتۇرمايلا ماشىنىغا چىقتىم. ئۇ بالا دېگىنىگە ئەمەل قىلىپ، مېنى بەك تېز، غاچچىدە مەنزىلىمگە يەتكۈزدى...

بۇ يەرگىمۇ كەلدىم، ئەمما ماشىنىدىن چۈشۈپ نەچچە قەدەم ماڭغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە داۋاملىق ماڭسام ئېزىپ قالىدىغاندەك بىر ھېستا جايىمدا تۇرۇپ ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئاسمانغا ئاستا-ئاستا تۈننىڭ قاراڭغۇ پەردىسى يېپىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ شەھەر تىنچلىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ماشىنىلار شۇنچە كۆپ، ماشىنىدىن ئادەم كۆپ، يىراقتىلا چىراغ تارتىلغان كىچىك بازارلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئادەملەرنىڭ كۆپلىكى گېزىت ئوقۇيدىغان خېرىدارلارنىڭ كۆپلىكىدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك ئۆزۈمنىڭ، دادام ھەم سىڭىللىرىمنىڭ كەلگۈسىنى پارلاق بىر تۇيغۇدا قانچىلىك ۋاقىت خىيال قىلىپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئاشقازىنىمنىڭ پىژژىدە قىلىشى بىلەن قورسىقىمنىڭ ئاچقانلىقىنى پەملەپ ئاشخانىدىن بىرنى كۆزلەپ ماڭدىم.

لەڭمەن ئوخشىغان ئىدى. «پۇل تېجەيمەن» دەپ ئاپتوبۇس يولدا تاماققا توختىغاندىمۇ بىر نەرسە يېمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئاشنىڭ سېيى تۈگىگەن سۇيىگە ئاق ئاش سالغۇزۇپ تويغۇدەك يەۋالدىم. تەنگە ماغدۇر كىرگەندىن كېيىن، ئاشخانا غوجايىنىنىڭ يېنىدىكى كىشىگە «ئۆزىنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئۈرۈمچىلىك ئىكەنلىكىدىن باشلىنىپ، ياشلىقىدا نەچچە ئېزىپ، تۈزۈلۈپ ھەم جاپالارنى تارتىپ ئاخىرى بۈگۈنگە ئۇلاشقانلىقىغىچە بولغان كۈنلىرى ھەققىدە» سۆزلەپ بېرىۋاتقان ھېكايىسىگە بىر خىل قىزىقىش بىلەن قۇلاق ياقتىم. داۋاملىق ئاڭلىغۇم بولسىمۇ، ئەمما ئاشخانىغا كىرىپ-چىقىدىغان خېرىدارلار كۆپ بولغاچقا، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھېسابات قىلغىلى ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم.

— ۋوي!... بۇ؟... — تىلىمغا بۇندىن ئارتۇق گەپ كەلمەيتتى، يانچۇقلىرىمنى نەچچە ئۆرۈپ-چۆرۈپ، پۇلۇمنى تاپالمىدىم. ئاشخانىدىكى ھەممە كىشى ماڭا قاراۋاتقاندەك جىددىيلىشىپ، بەدەنلىرىم چىلىق تەرگە چۆمۈلدى.

— بولدى ئوغلۇم، چاتاق يوق، كېلەر قېتىم كىرگەندە بېرەرسەن، — غوجايىننىڭ بۇ سۆزى مېنى بىر يورۇقلۇققا باشلاپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما خىجىللىقتا بەكلا قىزىرىپ كەتكەن ئوخشايمەن، ئۇ يەنە ماڭا تەسەللى بېرىپ، ئاشخانىدىن چىقىشىمغا ئىجازەت بەردى، — بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، مېڭىۋەرگىن بولدى.

ئۈرۈمچىگە كېلە-كەلمەيلا يولۇققان پېشكەلچىلىك مېنى ئوبدانلا تەمتىرەتتى. يېشىم كىچىك بولسىمۇ، ئەمما يېزىدا تارتقان جاپا-مۇشەققەت، تۇرمۇش، چېنىقىش شارائىتلىرى ئالدىدا ئۆزۈمنى ئالىبۇرۇن چوڭ بولۇپ

كەتكەندەك ھېس قىلاتتىم. ئەمما پۇل قاپچۇقۇمنى ئىشتان يانچۇقۇمنىڭ كەينىگە سېلىۋېلىپ، خۇددى ئۆز ئۆيۈمدە يۈرگەندەك بەخىرامان يۈرۈشۈم، يەنە كېلىپ يات بىر شەھەردە سەگەك بولۇشنىڭ ئورنىغا سائەتلەپ خىيال سۈرۈپ كېتىشلىرىم مېنىڭ يەنىلا بىر بالا ئىكەنلىكىمدىن دېرەك بېرەتتى. شۇنداق، پۇلۇم ئوغرىلانغان، ئارقا يانچۇقۇم كېسىلگەن ئىدى.

ئاشخانا غوجايىنىغا رەھمەت ئېيتىپ، تاماق پۇلىنى ئەتە ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىمنى ۋەدە قىلىپ ئاشخانىدىن چىقتىم. مېنى تېخىمۇ ئېغىر غەم باستى، قولۇمدا نەچچە قۇر كونا كىيىم ۋە يۇرتۇمنىڭ قۇرۇتۇلغان يېمىشلىرى قاچىلانغان سومكىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. «نەدە ياتىمەن؟ گېزىتنى قايسى پۇلغا ئالىمەن؟...» ئويلىغانچە پۇت-قولۇم بوشىشىپ، ناتونۇش تاشقى پىلانېتاغا كېلىپ قالغاندەك قورقۇنچ بېسىشقا باشلىدى. بۇ ئۆرۈمچىنىڭ 9-ئاي مەزگىللىرى بولۇپ، ھاۋامۇ خېلىلا سوغۇق ئىدى. «ئاشخانا غوجايىنىدىن بىر كېچە قونالغۇ بېرىشنى...» بۇ خىيال مېنى قانچە تېز خۇش قىلغان بولسا، يەنە شۇنچە تېز نومۇسقا سالدى، چۈنكى يەنە قېلىنلىق قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغان ئىدى. دەل شۇ پەيتتە، كۆزۈم كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى بىر چىملىقتا چۈشۈش بىلەن ھېرىپ كەتكەن گەۋدەمنى ئۇنىڭغا تاشلىدىم. «ئۇھ!...» ئېغىر بىر نەپەس بىلەن ھەقسىز، كاتتا بىر سارايىنى تېپىۋالغانلىقىمدىن خۇش بولدۇم، خۇش بولمايمۇ بۇنىڭدىن باشقا نېمە ئامالىم بولسۇن...؟

بىر كېچىنى شۇنچە تەستە تاڭ ئاتقۇزدۇم. سەھەردە مۇئەللىمىنىڭ چۈشۈمگە كىرىپ: «تۇر ئورنۇڭدىن، پۇل ئوغرىلانسا ھېچ گەپ ئەمەس، ھەرگىز ئۆزۈڭنىڭ روھى، ئىرادەڭنى باشقىلارغا ئوغرىلىتىپ قويما! سەن مېنىڭ ياخشى ئوقۇغۇچۇم... ئۆزۈڭگە ئىشەن...» دېگەن سۆزلىرىنى بۇگۈنكى يېڭى ھاياتىمنىڭ ئەتىگەنلىك ناشتىسى قىلىپ، قايتىدىن دۆڭكۆۋرۈككە كەلدىم. نەچچە سائەت ئۇياق-بۇياق ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئىشنى نەدىن باشلاشنى پەقەتلا بىلەلمىدىم. ئۆزۈمنى سەل ھارغاندەك سەزگەندە، ئازراق ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىر دالدىغا كېلىپ، ئەمدى ئولتۇرۇشۇم بىلەن كۆزۈم بىردىنلا مايلامچىلىق قىلىۋاتقان بىر بالىغا چۈشتى. ئۇنىڭغا يىراقتىن خېلى ئۇزۇن قاراپ تۇردۇم، ئۇنىڭ ئادەملەرگە بولغان مۇئامىلىسى ناھايىتى ئىللىق، قوللىرى ئىنتايىن چاققان ئىدى. بالىغا ھەۋىسىم كەلدى، قولى بوشىغاندا ئالدىغا باردىم. ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ ئۆرۈمچىگە يېڭى كەلگەنلىكىمنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغانلىقىمنى ئېيتتىم.

— مايلامچىلىق قىلامسەن-يا؟ — دېدى ئۇ ئۈستىبېشىمغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، خۇددى كونا دوستلىرىغا گەپ قىلىۋاتقاندەك شۇنچە تەبىئىي، يېقىملىق بىر ئاۋازدا.

ئۆزۈمنىڭمۇ ئەتىگەندىن بېرى خېلى كۆپ ئادەملەرگە ئېغىز ئۈمەللەپ بولۇپ، توختاپ قېلىشىم، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ماڭا ناتونۇش ئىكەنلىكىدىن ئىدى. ئەمما بۇ بالىغا كەلگەندە مەندە ھېچقانداق ئىككىلىنىش بولمىدى.

— مەيلى، قانداق ئىش بولسا، پۇل تاپىدىغانىنىڭ ئىشىنى قىلسام بولاتتى، — دېدىم مەنمۇ جاۋابەن. بۇ سۆزنى قىلىۋاتقاندا ئاۋازىم تىترەپ كەتتى، مەن ھاياجانلىنىپ قالغان ئىدىم. شۇنداق، بۇ مېنىڭ ئىش تاپقاندىكى ھەم يېڭى بىر كۈنۈمنىڭ باشلىنىشى ئالدىدىكى خۇشاللىقىم ئىدى.

— ئەمىسە مېنىڭ بىر كونا ئورۇندۇقۇم ۋە سايمان ساندۇقۇم بار. بىر نەچچە كۈن سىناپ باق، بولىدىكەن، دەپ قالساڭ، ئەھۋالغا قارارسەن... — دېدى ئۇ يۇرتىمىزدا ئىلگىرى مېنى ئىشقا سالغان، پىشقان ئىش باشلىرىدەك قىسقا، كەسكىن قىلىپ.

مەن ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇرۇپ، ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم، ئۇمۇ قانداق قىلىشىم ھەققىدە ئاندا-ساندا سۆزلەپ قوياتتى. قول بوشىغان ۋاقىتلاردا، مەن ئۇنىڭغا ئۆز كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرەتتىم، ئۇ ئانچە-مۇنچە سوئال سوراپ سۆز قىستۇرغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سۆزلىرىمنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلايتتى.

— ئەسلىدە ئۈچ تاشتىن دۆڭكۆۋرۈككە مېڭىپ كەلسە بەك يېقىن، ئۇ شوپۇر سەندىن 10 كوينى ئارتۇق ئېلىۋاپتۇ، بۇ 20 كويلۇق يول ئەمەس...

— شۇنداقمۇ؟...

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىمگە قارىتا توغرا باھا بېرىشلىرىگە «شۇنداقمۇ؟»دىن باشقىنى دېيەلمەيتتىم...

— يانچۇقۇڭدىكى پۇلنى ساناپ باق، — دېدى ئۇ بىر چاغدا. مەن خېرىدارلار بەرگەن پۇلنى ئۇنىڭغا بەرسەم، ئۆزۈمنىڭ ساقلىشىم كېرەكلىكىنى

ئېيتقان ئىدى.

— ئەمسە، ئاخشام يېگەن تاماقنىڭ پۇلىنى ئاپىرىپ بەرگىن.

مەن شۇنداق ئويلىساممۇ ئەمما بۇ تەڭتۇش ئۇستازىم، شاپائەتچىمنى «نىمە دەپ قالار؟» دەپ ئېغىز ئاچالماي ئولتۇراتتىم. ئۇنىڭ ھالال، دۇرۇسلىقى ئالدىدا شۈكرىلەر ئېيتىپ، ئۇ كۆرسىتىپ قويغان بويىچە ئاشخانىغا قاراپ چاپتىم...

مەن ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مايلامچى بولۇپ كەتتىم. قونالغۇمۇ نۇرمەمەتنىڭ ياتىقى — ئىككى قەۋەتلىك كونا بىر بىنانىڭ بۇرجىكىدىكى كۈن نۇرىمۇ چۈشمەيدىغان كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆي بولدى.

نۇرمەمەت ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسام، ئۆزۈمنى شۇنچە خاتىرجەم، غەمسىز ھېس قىلاتتىم. ئاخشاملىرى ھېرىپ — ئېچىپ كىرگىنىمىزدە ئالدىمىزغا چاي — ناننى قويۇۋېلىپ، كونا ساۋاقداش، دوستلاردەك سائەتلەپ مۇڭدىشىپ كېتەتتۇق. ئۇ ئاتا — ئانىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغانلىقىنى ئېيتقان ۋاقتىدا، دائىم كۆزىگە ياش ئالاتتى. مېنىڭمۇ ئانام كۆز ئالدىمغا كېلىپ، تەڭ ياش تۆكەتتىم. شۇنداق، ئىككىمىز كۈلگەندە تەڭ كۈلۈپ، يىغلىغاندا، تەڭ يىغلايتتۇق. كۈندۈزىمۇ ئورۇندۇقلىرىمىزنى يانمۇ يان قويۇۋېلىپ، كۈنبويى ئايرىلمايتتۇق. شۇڭا ماڭا مايلامچىلىقمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك، راھەت بىلىنەتتى. ئىچ — ئىچىمدىن بېرىلىپ ئاياغ مايلايتتىم، ھەتتا بەزىدە بىر كۈننىڭ قانداقلارچە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالاتتىم.

كەچتە ياتىقىمىزغا قايتىپ، پارچە — پۇرات پۇللىرىمىزنى تۆكۈپ ساناشقا باشلايتتۇق. ھەربىرىمىزنىڭ يەتمىش — سەكسەن كويدىن كىرىم قىلغانلىقىمىز مەلۇم بولاتتى. ھەر ئايدا ئۆيدىكىلەرگە يەتتە — سەككىز يۈز كوي سالاتتىم، يەنە كېيىنلىك ئۈچۈن يېنىمدىكى كارتىغا پۇل قويياتتىم. شۇنداق قىلىپ ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا، سىڭلىمنىڭ چوڭى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى، ھەتتا ماڭا ئورۇمچىگە ماڭغانلاردىن مۇكاپات گۇۋاھنامىسىنىمۇ ئەۋەتتى. شۇنچىلىك خۇش بولدۇم. شۇ مۇكاپات گۇۋاھنامىسىنىڭ ئىچىدە كىچىك سىڭلىمنىڭمۇ سالام خېتى بار ئىكەن. ئۇمۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى بولغانلىقىنى، چوقۇم ياخشى ئوقۇپ مېنى مايلامچىلىقتىن ئازاد قىلىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ... دادامنىڭمۇ سالامەتلىكى ياخشى تۇرۇۋاتىدۇ...

شۇنداق قىلىپ، نۇرمەمەت بىلەن ئىككىمىز ئۆزۈن يىللىق دوستلاردەك بىر — بىرىمىزدىن ئايرىلالماس ھالغا كەلدۇق. مەن يەتتە مىڭ كويدەك پۇل يىغدىم، نۇرمەمەتنىڭمۇ ئونمىڭ كويدىن ئېشىپتۇ. شۇڭا ئىككىمىز بىرلىشىپ مايلامچىلىق دۇكىنى ئاچماقچى بولۇپ، تېخىمۇ تىرىشىشقا باشلىدۇق...

ئەمما ئويلىمىغان يەردىن نۇرمەمەت كىرىپ قالدى.

ئاۋۋال ئۇنىڭ يىغقان پۇللىرى كەتتى، ئاندىن ئۆزۈم يىغقانلىرىمنىمۇ تۆلەشكە باشلىدىم. ھازىر يېنىمدا بارى مىڭ كويدىن ئارتۇقراق پۇل. بۇمۇ تۈگىسە قانداق قىلىشىمنى بىلمەيمەن. شۇڭا يامغۇر ياغسىمۇ «بىر تىيىن بولسىمۇ تاپارمەنمىكىن» دەپ دۈگدەرەپ ئولتۇرىمەن. ئەگەر مەن پۇل تۆلىيەلمىسەم، نۇرمەمەتنى داۋالاش توختاپ قالىدۇ. سۆيۈملۈك دوستۇمنىڭ پۇل يوقلۇق سەۋەبلىك داۋالىنالماي قېلىشىغا قاراپ تۇرۇش ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر...»

2

خىيالىمدىن قايتىپ، نۇرمەمەت دائىم ئولتۇرىدىغان جايغا قارىدىم، ئۇ يەرگە يامغۇر تامچىلىرى ئۆزۈلمەي چۈشۈۋاتاتتى، پىيالىچىلىك بىر كاتەككە يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۇلىرى يۇقىرىدىن چۈشكەن تامچىلارنىڭ تەسىرىدە ئەتراپقا چاچرايتتى.

يامغۇر تامچىلىرىغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزۈمنى تۇيۇقسىز بىر گەۋدە توستى. بېشىمنى كۆتۈردۈم، يامغۇرلۇق تۇتۇۋالغان بىر قىز ئۇدۇلدىمەستىن ئالدىمدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. شۇ ھامان قولۇمغا دەسمال، چوتكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئايىغىنى مايلاشقا باشلىدىم.

— يامغۇردىمۇ چىقىۋېرىپسىزغۇ؟ — دېدى قىز سۈزۈك ئاۋازدا.

بۇ تونۇشلا ئاۋاز ئىدى، «قاچان ئاڭلىغان بولغىيتتىم؟» بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراش بىلەن تەڭ نەچچە كۈن ئىلگىرىكى بىر ئىش ئېسىمگە كەلدى:

ھەپتە ئىلگىرى بولسا كېرەك، بىر قىز ئايىغىنى مايلاتقاچ مېنى گەپكە سالدى:

— جەنۇبتىن كەلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ئاقسۇدىن، — دېدىم مەن.

— يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشقا ئىمكانىيەت

بولمىدىمۇ؟

— ياق... — دېدىم بېشىمنى چايقاپ. قىز خېلى ئۇزاق ئۇندىمەي ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە ئېغىز ئاچتى:

— نەچچە كۈن ئىلگىرى ئايغىمنى مايلىتىۋالاي، دەپ كەلسەم، بىر كىتابقا شۇنچىلىك چۆكۈپ ئوقۇپ كېتىپسىز. ئورۇندۇققا ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ، كىتابىڭىزغا تارتىشقان ھالدا يېنىڭىزدا دۈم قويۇپ، ئايغىمنى مايلاشقا باشلىدىڭىز. بۇ جەرياندا سىز ئوقۇپ تۈگىتەي دەپ قالغان كىتابقا دىققەت قىلدىم، «قاينام ئۇركىشى» رومانى ئىكەن. لېكىن، كىتابنىڭ كەينى يىرتىق بولۇپ، ئىككى-ئۈچ باب يوقلۇقىنى بىلدىم. چۈنكى، كىتابىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىدە تېخى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھايات ئىكەن. ئەسلى ئۇ روماندا لۇتپۇللا مۇتەللىپ قەتل قىلىنىپ ئاخىرلىشىدۇ ئەمەسمۇ... شۇڭا بۇ كىتابنىڭ يېڭىسىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئالغاچ كەلدىم.— قىز گېپىنى داۋام قىلغاچ سومكىسىدىن بىر كىتابنى ئالدى،— ئېلىڭ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كىتاب ئوقۇشنى قولدىن بەرمەڭ. چۈنكى كىتاب ئادەمنى تاۋلايدۇ، ئەقىل-پاراسىتىنى ئاچىدۇ...— دەسلەپ تەمتىرەپ قالدىم، ئاندىن قىزنىڭ قولنى قايتۇرۇشنى خالىماي:

— رەھمەت... رەھمەت...— دەپ كىتابنى ئالدىم.

ھازىر ئالدىمدا تۇرغىنى ئەنە شۇ قىز ئىدى.

— ۋوي، سىزمىدىڭىز؟— دېدىم كۈلۈمسىرەپ،— دىققەت قىلماي قاپتىمەن. ئۆزىڭىزچۇ، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟

— ياخشى... بۈگۈنكىدەك يامغۇرلۇق، سوغۇق كۈنلەردە خېرىدارمۇ يوق دېيەرلىك ھەقچان...— دېدى قىز يەنە بىر پۇتىنى يۆتكىگەچ.

— ھەئە، دېگىنىڭىز توغرا... شۇنداقتىمۇ «خېرىدار يوق» دەپ ئۆيدە بىكار يېتىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. چۈنكى، بىر دوستۇم مېنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمغا موھتاج...

— دوستۇم؟ ئۇ مېيىپمىدى؟

— ياق، مېيىپ ئەمەس، كېسەل...

— ئېغىرمۇ؟

— ئېغىر...— دېدىم مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ، ئاندىن قوشۇپ قويدۇم،— ئاتا-ئانىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغان... بەك ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق ئىدى...

قىزغا نېمە سەۋەبلىك يۇرتتىن چىققانلىقىم، نۇرمەمەت بىلەن قانداق تونۇشۇپ، بىرگە مايلامچىلىق قىلغانلىقىم، نۇرمەمەتنىڭ نېمە كېسەل بىلەن يېتىپ قالغانلىقى... دېگەندەكلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ بەردىم.

— دېمەك، سىزدىن باشقا ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم قىلغۇدەك ھېچكىمى يوقكەن-دە؟

«ھەئە» دېگەندەك بېشىمنى لىڭشىتتىم.

قىز چوڭقۇر تىنىۋالدى.

ئۇنىڭ كىچىككىنە، ئەمما ئەسلىدىن سۈپەتلىكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئايغى پارقىراپ، ئەينەكتەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمما قىزنىڭ ئايغىنىڭ پارقىراش-پارقىرىماسلىقى بىلەن كارى يوقتەك قىلاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ماڭا خېلى ئۇزاق تىكىلىپ قالدى. بىلىمەن، ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتاتتى...

— ئەتىمۇ مۇشۇ يەردە بولامسىز؟— دېدى ئۇ بىر چاغدا.

— ھەئە...— دېدىم قىزغا قاراشتىن خىجىل بولغاندەك يۈزۈمنى تۆۋەن قىلىپ.

— سىنىپىمىزدىكى باللارغا ئەھۋالنى دەپ باقاي. ئازراق بولسىمۇ، دوستىڭىزغا كۆڭلىمىز بولۇپ قالار. ئەتە چۈشتىن كېيىن مۇشۇ يەردە كۆرۈشەيلى...

ئۇندىمىدىم، ئەمما كۆزۈمگە لىغىمىدە كەلگەن ياشنى مەجبۇرىي توختىتىۋالدىم.

توۋا، مۇشۇ كۈنلەردە ئەجەب بولۇپ كېتىۋاتىمەن دېسە، ئازراق ئىشقا ھاياجانلىنىپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىسە، كىچىككىنە ئىشتىن تەسىرلىنىپ كۆزۈمگە ياش ياماشقان... ياكى بۇ رومانلارنى كۆپ ئوقۇغانلىقىمنىڭ سەۋەبىمىكىن؟

قىز كۈنلۈك كۆتۈرۈۋالغان ئادەملەر ئارىسىدا غايىب بولغانىدى. ئۇنىڭ ئاق پىشماق يۈزى، يوغان، قاپقارا كۆزى ھەم سەل ۋىجىك گەۋدىسى كۆز ئالدىمدا لەيلەپ تۇراتتى.

بىردىنلا قىزنىڭ پۇل بەرمەي كەتكەنلىكىنى بىلدىم. دېمەك، بۈگۈنكى تۇنجى خېرىدارىم مېنى قۇرۇق قول قىلغانىدى. ئەمدى كەچكىچە قانداق بولۇشى ئۆزىگە ئامانەت...

يامغۇر چۈشتىن كېيىن توختىدى. بۇلۇتلار شالاڭلىشىپ، قۇياش جامالىنى كۆرسەتتى. مەنمۇ كونا بىنانىڭ تۆۋىدىن بۇرۇن ئولتۇرىدىغان جايىمغا كېلىۋالدىم. مانا، ئەمدى خېرىدارلىرىم كۆپىيىپ كەتكەنىدى. «دېمەك، ئويۇمنىڭ ئەكسىچە تۇنجى خېرىدارنىڭ ئايغى ياراشقان چېغى...»

ئالدىمدىكى خېرىدارغا بىلىندۇرمەي مىيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم.

قولۇم ئاياغلار ئۈستىدە ئويناۋاتتى، ئاۋۋال

چوڭراق چوتكا بىلەن تازىلايتتىم، ئاندىن ماي سۈرتۈپ، مەخسۇس چوتكا بىلەن چوتكىلايتتىم، ئاخىرىدا دەسمال بىلەن قايتا-قايتا سۈرتەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئاياغلار ئىگىسى قارىسا ئەكسىنى كۆرگۈدەك چاقناپ كېتەتتى. ھەر قېتىم بىر ئادەمنىڭ ئايىغىنى مايلاپ بولغىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ بۇ ھۈنەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغانلىقىمدىن سۆيۈنۈش تۇيغۇسىغا چۆمەتتىم. شۇڭا قولۇمنىڭ تالغىنىنى، ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ بېلىمنىڭ ئاغرىغىنىنى سەزمەيتتىم...

يول بويىدىكى چىراغلار يانغاندا، ئاندىن قولۇم سەل بوشىدى. يەنە ئولتۇرسام، خېرىدارلارمۇ چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئەتىگەنكى نان بىلەن قىلىنغان ناشتىدىن بېرى تاماق يېمىگەچكە، قورسىقىم تارتىشىپ كەتكەنىدى. ئەڭ مۇھىمى، نۇرمەمەتنىڭ قېشىغا تاماق ئېلىپ كىرمىسەم بولمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان ئادەملەر چىقىشقاق ئىكەن، ھەركۈنى دوختۇرخانا ئاشخانىسىدىن نۇرمەمەتنىڭ بىلىتىگە تاماق ئالغاچ چىقىۋاتىدۇ، بولمىسا، ماڭا تېخىمۇ تەس بولاتتى...

ئورۇندۇق-سايمانلىرىمنى تېزلىكتە يىغىشتۇرۇپ ياتىقىمىزغا ئەكىرىپ قويۇپلا دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدىم. تۇرۇپلا نۇرمەمەتكە ياخشىراق تاماق ئاپارغۇم كەلدى. ھېلىمۇ بىچارە دوستۇم نەچچە كۈندىن بېرى پۇلنى ئاۋايلاپ دوختۇرخانىنىڭ سۇيۇق-سەلەڭ تاماقلىرى بىلەنلا قالغانىدى. دوختۇرلار «گېلىغا قۇۋۋەتلىكرەك يېسۇن» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنداق قىلىپ بولالمايۋاتاتتىم...

بىر قاچا شورپىنى كۆتۈرۈپ كېسەلخانىغا كىردىم. ئۇ كارىۋاتنىڭ مىدىرلىشى بىلەن كۆزىنى ئېچىپ ماڭا بىر قارىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى.

— بولدى، يېتىۋەر ئاداش، — دېدىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟

— ياخشى... سېنى بەك جاپاغا سېلىپ كەتتىم...

نۇرمەمەت ھاسراپ، دېمى سىقىلغاندەك ئىنجىقلاپ سۆزلەيتتى. ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى، تاتارغان چىرايى ئۇنى تېخىمۇ روھسىز كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ بىر كۈن ئىچىدە شۇنچە كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ ھالىتىگە قاراپ يۈرىكىم ئېچىشىپ، كۆزۈمگە ياش كەلدى. ئەمما كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزۈمنى كۆتۈرەڭگۈ تۇتتۇم:

— نەدىكى جاپا ئۇ ئاداش؟ ھەرگىز ئۇنداق ئويلىما... قارىسام، خېلى ئوبدانلا تۈزۈلۈپ قالغاندەك قىلىسەن. پات ئارىدا ئىككىمىز يانمۇ-يان ئولتۇرۇپ ئاياغ مايلايمىز.

— دېگىنىڭ كەلسۇن ئاداش...

— كەچۈرگىن، سەل كېچىكىپ قالدىم، — دېدىم ئۇنى يۆلىگەچ، — شورپا ئىدى، ئىسسىقىدا ئىچىۋال...

شۇ كۈنى نۇرمەمەتنىڭ «قايتىپ كەتكىن» دېگىنىگە ئۇنىماي ياتاقتا قالدىم. بىز خېلى بىر ھازاغىچە مۇڭداشتۇق. بىر چاغ بولغاندا، سىرتتىكى بىر كۈنلۈك ئەمگەكنىڭ ھاردۇقى يەتتىمۇ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ يوتقىنىغا بېشىمنى قويغىنىمچە ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. تۇۋۋا، شۇنچىلىك تاتلىق ئۇخلاپتىمەن دېسە... خۇددى بۇ سۆيۈملۈك دوستۇم بىلەن ئۆز ياتىقىمىزدا يانمۇ-يان يېتىپ ئۇخلىغاندەك. ئاشۇ ھالەتتە تاڭ ئاتقىنىنىمۇ سەزمەيلا قاپتىمەن...

سەھەردە سىرتتىكى ئاشخانىلاردىن ئۇنىڭغا تاماق ئەكىردىم. ئۆزۈممۇ قۇرۇق چايغا چۆكۈرۈپ، نان بىلەن ناشتا قىلىۋالدىم. ئۇنىڭ مىجەزى بۈگۈن خېلى ياخشىلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى. «ئىلاھىم، بۇ دوستۇمنى مۇشۇ ياخشى بولغانچە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە نېسىپ قىلغىن» دەيتتىم ئىچىمدە...

نۇرمەمەتتىن سورىسام، دوختۇرلار ھازىرچە پۇل ئۆتكۈزۈشنىڭ گېپىنى قىلماپتۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە بازارغا چىقمىسام بولمايتتى. دوختۇرخانىدا ياتقان ئىكەن، ھەرۋاقىت پۇل تەلەپ قىلىش ئېھتىماللىقى بار...

ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، لىفت ئارقىلىق تۆۋەنگە چۈشتۈم. سىرتقا چىقىپلا ئادىتىمچە ئاسمانغا قارىدىم. ھاۋا بۇلۇتلۇق بولسىمۇ، ھەرھالدا يامغۇر ياغىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن كۆڭلۈم سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى...

بۈگۈن ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئوچۇقچىلىققا جايلىشىپ، ئەمدىلا سايمان ساندۇقنى ئېچىپ تۇرۇشۇمغا ئالدىمدىكى ئورۇندۇققا خېرىداردىن بىرى ئولتۇرۇشقا تەمشەلدى. ئىتتىكلا چوتكا بىلەن ماينى قولۇمغا ئالدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

دەرھال «خېرىدار»غا — تونۇ گۇنىكى قىزغا قارىدىم ۋە جاۋاب سالام قايتۇردۇم:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام...
— مەن كەلگىلى بىرەر سائەتتەك بولدى.
— دوختۇرخانىغا بارغانىدىم.
— ئەتىگەن تاماق ئايرىپ بېرىپ كەپسىز ـ دە؟
— ئاخشام بارغان پېتى شۇ يەردىن كېلىشىم.
— دوستلىرى ئۈچۈن سىزچىلىك قىلالايدىغانلار كۆپ ئۇچرىمايدۇ.
— ئىنساننىڭ تەبىئىتى شۇنداقكەن، ئۆزى مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن كۆكلەپ، باشقىلارنىمۇ مېھرى ـ مۇھەببىتى بىلەن كۆكەرتىشكە ئۇرۇنىدىكەن...
«ۋاھ، ئاجايىپ كىتابىي سۆزلەرنى قىلىپ كەتتىمغۇ!» دېگەنلەر ئۆتتى كۆڭلۈمدىن.
قىز ئۈندىمىدى.
— ئايغىڭىزنى مايلاپ قويايمۇ؟
قىز جاۋاب بېرىپ بولغىچە، بىر ئايال ئالدىراپ كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. «سەت بولدى» دېگەندەك ئۇنىڭغا ئەيۇ سوراش مەنىسىدە قارىدىم. قىزمۇ ئىللىق كۈلۈمسىرەپ «مايلاۋېرىڭ» دېگەندەك بېشى بىلەن ئىشارە قىلدى.
ئايالنى يولغا سېلىشىم بىلەن قىز ئولتۇردى.
— تۇنۇگۈنكى پاراڭلىرىڭىزنى ئاڭلاپ بىر قىسملا بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ لېۋىنى چىشلەپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — مەن بۇ شەھەردە كۈنلىرىنى سىلەردەك ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەن. «بىر مايلامچى بالا ئېغىر كېسەل دوستىنى مايلامچىلىق قىلىپ داۋالىتىماقچى» دېگەن گەپنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان بولسام، ھەرگىز ئىشەنمىگەن بولاتتىم... كېچىچە دېگۈدەك ئۇخلىيالماي چىقتىم. ئاخىر، سەھەردە مەكتەپكىمۇ بارماي بۇ يەرگە كەلدىم. سىلەرمۇ ياشاۋېتىپسىلەرغۇ؟ بىرەر كۈن مەكتەپتىن قالسام، نېمە بوپتۇ!
ئارىنى سۈكۈت باستى. شۇ تاپتا نېمە دېيىشنى بىلمەيتتىم. خېلى ئۆزۈندا ئاندىن يەنە ئۇ ئېغىز ئاچتى:
— مېنىڭمۇ قولۇمدىن كۆپ ئىش كەلمەيدىكەن. بۇنى ئاز كۆرمەي ئېلىڭ، دوختۇرخانىغا ئۆتكۈزەرسىز...
قىز ئاپئاق قوللىرى بىلەن قىپقىزىل پۇللاردىن بىر نەچچىنى ماڭا تەڭلەپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قولىدىكى پۇللارغا ھەرقانچە قىلساممۇ قولۇمنى ئۇزىتالمايۋاتاتتىم. ھاياتىمدا كۆپلىگەن جەبىر ـ جاپالارنى چېكىپ، تالاي قېتىملاپ ئاچ ـ ئۇسسۇز قالغاندىمۇ، ھېچقاچان تەييارغا ھەييار بولغان ئەمەسمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىز تۇنۇگۈن «ساۋاقداشلىرىمغا ئەھۋالنى دەپ باقاي» دېگەنىدى. ئەمما بۈگۈن مەكتىپىگىمۇ بارماي بۇ يەرگە كەپتۇ. قارىغاندا، پۇلنى ئۆز يېنىدىن چىقارغان...
ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىشىم قىزنى تەڭلىكتە قالدۇرغان بولسا كېرەك، ئۇ قولىنى بىر قېتىم يىغىۋېلىپ ئارقىدىن قايتىدىن سۇندى:
— بۇ پەقەت دوستىڭىز ئۈچۈن...
شۇنداق، دوستۇمنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن پۇل كېرەك، مەيلى كىمنىڭ بولسۇن، دوستۇم ئۈچۈن سۇنۇلغان قولنى بولسا سۆيىمىكىم زۆرۈر!
ئۇنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىشىم شۇنچىلىك ئوڭايسىز، بىئەپ بولدىكى، ئۆزۈمگە ھەممە ھەرىكىتىم قاملاشمىغاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. پۇلنى سىقىمداپ، بېشىمنى تۆۋەن سالدىم ۋە مەيۈس ئاۋازدا دېدىم:
— رەھمەت... دوستۇم ساقايغاندىن كېيىن بۇ پۇلنى چوقۇم قايتۇرىمىز...
— دوستىڭىزغا مەندىن سالام ئېيتىڭ...، — دېدى قىز ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — مەن ماڭاي. پۇرسەت بولسىلا، سىزنى ئىزدەپ تۇرىمەن.
— ماقۇل... ئاللاغا ئامانەت...
قىز ئىككى قەدەم سېلىپلا توختاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى:
— ھە راست، سورىماپتىمەن، ئىسمىڭىز نېمە ئىدى؟
— نىياز.
— مېنىڭ ئىسمىم زىبا.
— ھە.
«چىرايلىق ئىسمىكەن» دېگەن سۆز تىلىمنىڭ ئۇچىغا كېلىپ توختاپ قالدى. نېمە دەپ ئۇنى سىرتقا چىقىرالمىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ چۈشەنمىدىم.
قىز كەتتى. ئۇ تاكى كۆزۈمدىن يىتكىچە قاراپ تۇردۇم. ئاندىن «زىبا» دېگەن ئىسىمنى قايتا تەكرارلىدىم ۋە بىردىنلا ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلگەندەك بولدى. «نىياز بىلەن زىبا»... قەيەردە ئوقۇغان بولغىيتتىم بۇ كىتابنى؟ توغرا، «ئۆزبېك خەلق داستانلىرى» ئىدى، يادا بېقىۋېتىپ ئوقۇغانىدىم، ئۇنىڭدا نىياز بىلەن زىبانىڭ ئاجايىپ شېرىن مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلىنەتتى. نىيازنىڭ دائىم تەكرارلايدىغان «مەن سېنىڭ گۈلدەك يۈزۈڭدىن ئايلىناي، بىر قىيا باقمىن قارا كۆز ئاي زىبام!» دېگەن بېيىتلىرى ھېلىغىچە

ئېسىمدە...

«توۋا، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم،— دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدۈم كۆڭلۈمدىن ۋە بىردىنلا قىزىرىپ كەتتىم،— كىتابنى تولا ئوقۇپ، بەك رومانتىك بولۇپ قالدىممۇ نېمە؟... توۋا، سۇرۇپ يۈرگەن خىياللىرىمنى! داستاندا تەسۋىرلەنگەن نىياز بىلەن زىبانىڭ بۇ شەھەردە مايلامچىلىق قىلىۋاتقان نىياز ھەم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان زىبا بىلەن نېمە باغلىنىشلىقى بولسۇن؟...»

ئادەمنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان خىيالىمنى يىغىشتۇرۇپ، يەنە بىر خېرىدارنىڭ ئايىغىنى مايلاشقا تۇتۇش قىلدىم.

چۈشتە بىر بوتۇلكا سوغۇق سۇ بىلەن بىر گىردىنى يەۋالدىم، شۇنىسى يېتەرلىك ئىدى. كەچتە بەك قاراڭغۇغا قالماي نۇرمەمەتنىڭ يېنىغا ئالدىرىدىم. بۈگۈن ئاياغ مايلىتىدىغانلار كۆپ بولغاچقا، ئوبدانلا چارچىغانىدىم. ئېھتىيات قىلمىسام، دەلدۈگىنىپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتىم. ئەسلىدە تويۇپ بىر تاماقلىنىۋالسام بولاتتى، لېكىن، دوستۇمنى كېسەل كارىۋىتىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزۈم ئاشخانىدا بەخىرامان تاماق يەپ ئولتۇرۇشقا كۆڭلۈم قويمىدى. شۇڭا دوختۇرخانا ئالدىدىكى ئاشخانىدىن بىر قاچا پولۇ، ئاندىن ياندىكى ناۋايدىن ئۈچ نان ئېلىپ، كېسەلخانىغا كىردىم.

ئىشىكتىن كىرىش بىلەنلا يۈرىكىم ئېغىزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. كۆردۈمكى، نۇرمەمەتنىڭ بۇرنىغا بىر نەرسە تىقىپ، ئاللىقانداقتۇر نەيچىلەرنى ئۇلاپ قويۇشقانىدى. ئۇ مېنى كۆرۈش بىلەن بىر خىل ئازابلىق كۈلۈمسىرىدى.

ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قولىنى تۇتتۇم.

— بۇ... بۇ... نېمە ئىكەن؟

— ئەنسىرىمە بالام،— دېدىكى ياندىكى كارىۋاتتىكى بوۋاي،— ئوكسىگېن سۈمۈرتۈپ قويىدى. نەپەس يەتمىگەللەپ قالدۇ.

— شۇنداق، باشقا ئىش يوق. ئولتۇرە نىياز.

يىغلىۋېتىشكە ئاران تۇراتتىم، بۇ گەپتىن يۈرىكىم جايىغا چۈشتى.

— نېمە ئەكەلدىڭ؟ قورسىقىم بەك ئاچتى،— دېدى نۇرمەمەت،— ھېلىمۇ سەن بولۇپ قاپسەن، بولمىسا قانداق قىلار بولغىيتىم؟

— پولۇ ئەكىردىم... بولدى مىدىرلىماي يات، مەن يېگۈزۈپ قويىمەن...

بىلىمەن، نۇرمەمەتنىڭ كۆڭلى تاماق تارتىدىغاندەك ئەمەس، پەقەت مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈنلا يەۋاتىدۇ.

— بولدى سەنمۇ يېگىن،— دېدى ئۇ تاماق يېرىم بولغاندا.

— مەن يەپ كىردىم،— دېدىم كۈلۈمسىرەپ،— قېنى ئالە...

بۇ نۇرمەمەتكە تۇنجى قېتىم يالغان ئېيتىشىم ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ يالغانچىلىقنى «مۇناپىقلىقنىڭ بەلگىسى» دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ھەر ئىشتا راست سۆزلۈك بولۇشنى ئادەت قىلغانىدىم.

شۇنداق، نۇرمەمەت كۆپ ئىشلاردا ئۈلگە بولۇپ كەلدى. باشقىلارغا كۈلۈمسىرەپ مۇئامىلە قىلىشنى، ھەرقانداق يەردە ئەدەپ-قائىدىنى ساقلاشنى، ئۆزگىلەرنىڭ ھەققىنى يېمەسلىكنى ماڭا ئۇ ئۆگەتكەنىدى. شۇڭا بىر نەچچە قېتىملاپ باشقىلار زىيادە پۇل بەرگەن ياكى پۇل ياندۇرۇپ بېرىشمەي كۆتمەي كېتىپ قالغاندا، ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ قايتۇرۇپ بەرگەنىدىم. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ماڭا ھەر كۈنى كۆزۈمنىڭ ساق-سالامەت ئېچىلغىنىغا، رىزقىمنىڭ يېتىشىپ تۇرغىنىغا قانداق تەھسىن ئېيتىشنى ئۆگەتكەن ئىتتىقادلىق قېرىندىشىم ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا يالغان ئېيتمىسام بولاتتى... بۇ قېتىمقى يالغانچىلىقىمنى ئۆزى كەچۈرەر.

نۇرمەمەت بىر نەچچە قېتىم «بولدى، يېمەيمەن» دەپ تارتىنىشتى. ئەمما مەن «بۇنچىلىك تاماق يېمىسەڭ قانداق بولىدۇ؟» دەپ پولۇنى يېگۈزۈپ تۈگەتتىم. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئېشىپ قالغۇدەك تاماق ئەمەس ئىدى.

كېسەلخانىنىڭ سۇخانىسىغا كىرىپ تاماق قاچىسىنى يۇيۇۋەتتىم. ئاندىن نۇرمەمەتنىڭ قېشىغا چىقىپ كارىۋاتتا ئولتۇردۇم.

— ساڭا بىر گەپنى دەيمۇ؟— دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

— دېگىنە ئاداش... سەندىن يېڭى گەپ ئاڭلىمىغىلىمۇ خېلى بولدى...— دېدى ئۇ بېشىنى سەل ئۆرە قىلىپ.

— ئالدى بىلەن بۇ پۇلنى ساناپ باقە، نەچچىلىك ئىكەن؟

نۇرمەمەت تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن پۇلنى ساناشقا باشلىدى.

— ساق ئىككى مىڭ، كارتاڭدا ئۇنچىلىك يوق ئىدى...؟— دېدى ئۇ ماڭا ھەيرانلىق ھەم سوئال

نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— تۈنۈگۈن بىر ئوقۇغۇچى قىزغا سېنىڭ ئەھۋالىڭنى دەپ بەرگەنىدىم، بۈگۈن سەھەر بۇ پۇلنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. نەچچە پۇل ئىكەنلىكىنى ساناپمۇ كۆرمىگەنىدىم. ئۇ ساڭا سالام ئېيتتى.

— ئوقۇغۇچى قىز دېگىن... قارىغاندا، بىرەر زەردارنىڭ قىزى ئوخشايدۇ. ساڭا كۆزى چۈشكەن چېغى؟

مەن ئىتتىكلا ياندىكى كارىۋاتتىكى بوۋايغا قارىدىم، ئۇ بىر خىلدا خىرىلداپ ئۇخلاۋاتاتتى.

— بولدى قىلە، بىزدەك مايلامچىلارغا زەردارنىڭ قىزى نەدە تۇرۇپتۇ؟ تۈنۈگۈنكى يامغۇردىكى ھالىتىمنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىغان چېغى، — گېپىم تۈگىشى بىلەنلا «ئاپلا، بۇ گەپنى دەپ نېمە قىلاردىم؟» دەپ تېپىرلاپ كەتتىم. مەن خۇددى «سېنى دەپ يامغۇردىمۇ بىچارىلەرچە ئولتۇردۇم» دەپ مىننەت قىلىۋاتقاندەك گەپ قىلغانىدىم.

— مەن دېمەكچى...

— ئۆزۈڭگە ئىشەن، ئاداش، — دېدى نۇرمەمەت مېنى ئوڭايسىز كەيپىياتتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغاندەك، — سەن ئۆزۈڭ بىلەن تەڭتۇش يىگىتلەرنىڭ ئەڭ نوچىسى بولۇشقا لايىق. گەرچە مايلامچىلىق باشقىلارنىڭ نەزىرىدە بەك ئاددىي بىر ئىش بولسىمۇ، ئەمما بىز ئۆزىمىزنى تۆۋەن كۆرمەيمىز. ھالال يولدىكى ئەمگەكتىن نومۇس قىلماسلىق كېرەك... سەنمۇ 16 ياشقا كىرىپ قالدىڭ، قارا، بۇرۇتلىرىڭ خەت تارتىپ، بارغانسېرى گەۋدىلىك بولۇپ كېتىۋاتىسەن. ئۆزۈڭگە ئىشەنسەڭلا، لايىقىدا قىزلار ئۇچرىسا، مۇھەببەت كۆزى بىلەن قاراشنى ئۆگەن ئەمدى...

بۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزلار توغرۇلۇق تۇنجى قېتىم پاراڭ بولۇشى ئىدى. شۇڭا نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدىم.

— ئۇندىمەيسەنغۇ؟ قىزىرىپ كەتكىنىنى بۇنىڭ قىزلاردەك، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. مەنمۇ گەدىنىمنى قاشلاپ تەڭ كۈلۈپ قويدۇم ۋە:

— ئاۋۋال سەن دوختۇرخانىدىن چىققىن، ئاندىن قىزلارغا مۇھەببەت كۆزى بىلەن قاراشنى ئويلىشاي، — دېدىم.

— مۇھەببەت كەلگەن ۋاقىتتا، ھەرقانداق سەۋەب ئەسقاتمايدۇ، ئۇ ئۆزى خالىغانچە يۈرەككە بۆسۈپ كىرىۋېرىدۇ.

— پاھ، خۇددى مۇھەببەتلىشىپ باققاندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟ قارىغاندا، سېنىڭمۇ كۆز تىككەن ئادىمىڭ بار ئوخشىمامدۇ؟

— ئىشقىلىپ... مەن شۇنداق ھېس قىلىمەن، — دېدى نۇرمەمەت ۋە دەرھال گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، — ئەمدى كەتكىن، بەك كەچ بولۇپ كەتتى.

— بولدىلا ئاداش، بۈگۈنمۇ ياتاققا قايتمايچۇ؟

— ياق، نىياز، بىر كۈن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىڭ يېتەر، كېچىسى بولسىمۇ سوزۇلۇپ يېتىپ ئارام ئالغىن.

— سېنىڭ قېشىڭدا تېخىمۇ ياخشى ئارام ئالىدىكەنمەن، ئۇيقۇمۇ بەك تاتلىق بولىدىكەن.

نۇرمەمەت جىمىپ قالدى. ئورۇندۇقنى ئاخشام قويغان يېرىمگە ئەكېلىۋېتىپ قارىسام، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىۋېتىپتۇ.

— بۇ... بۇ... يىغلاۋېتىپسەنغۇ، ئاداش؟...

— سېنى بەك جاپاغا سېلىپ قويدۇم...

— ۋاي بولدى قىلە. مەن نېمە جاپا چەكتىم؟ ئادەمنى تەڭلىكتە قويۇپ دەپ يۈرگەن گەپلىرىڭنى قارا!

شۇنداق قىلىپ يەنە ئۇنىڭ كارىۋىتىغا بېشىمنى قويۇپ يېتىۋالدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇيقۇم كەلمىدى، دەپ ئۇنىمۇ ئۇيقۇسىز قويۇشنى خالىمايتتىم. خېلى ئۇزاققىچە كۆزۈمنى يۇمۇپ ياتتىم. ئائىلەمدىكىلەرنى، ئۆزۈمنىڭ ئۆرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنكى كۈنلىرىمنى، نۇرمەمەتنىڭ بۇرۇنقى جۇشقۇن پەيتلىرىنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدىم...

تاڭ سەھەردىلا بىر نەچچە دوختۇر كېسەلخانىغا كىرىپ، نۇرمەمەتنىڭ كارىۋىتى ئەتراپىدا خېلى ئۇزاققىچە بىر نەرسىلەرنى دېيىشتى. ئۇلارنىڭ پات-پات ماڭا قاراپ قويۇشلىرىدىن گەپنىڭ ماڭىمۇ چېتىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. چۈنكى، بۇرۇنمۇ دوختۇرلار بىر نەچچە قېتىم مەن بىلەن ئايرىم پاراڭلاشقان، مېنىڭ نۇرمەمەتنىڭ نېمىسى ئىكەنلىكىمنى، دوختۇرخانىغا كېتەرلىك چىقىمنى قانداق ھەل قىلىدىغانلىقىمنى تەپسىلىي سۈرۈشتۈرگەنىدى. شۇ تاپتىمۇ بەلكىم، نۇرمەمەتنىڭ قارىغۇچىسى يوق يېتىم بالا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا مېنىڭ قاراۋاتقانلىقىمنى دېيىشىۋاتقان بولسا كېرەك. مەيلى، نېمە دېيىشسە دېيىشسۇن، ئەڭ مۇھىمى دوستۇمنى «پات يېقىندا دوختۇرخانىدىن چىقسا بولىدۇ» دېسىلا بولاتتى...

دوختۇرلار چىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى

ئىشكتىن چىقىپ كېتىۋاتقاچ يەنە ماڭا تەكرار قاراپ قويۇشتى.

— نېمە دېيىشتى بۇلار، ئاكا؟— دەپ سورىدىم بىمار بوۋاينىڭ 40 ياشلار ئەتراپىدىكى ئوغلىدىن.

— مەنمۇ تازا ئۇقۇپ بولالمىدىم،— دېدى ئۇ نۇرمەمەتكە قاراپ قويۇپ،— كەسپىي ئاتالغۇلارنى چۈشەنمەك تەسكەن... دوستىڭىزنىڭ پات ئارىدا ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى دېيىشكەندەك قىلامدۇ - نېمە؟

دېمىسىمۇ بۈگۈن نۇرمەمەتنىڭ ئەھۋالى خېلى ياخشىلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ئوكسىگېن سۈمۈرىدىغان نەرسىمۇ ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئېلىۋېتىلگەنىدى. شۇڭا ئۇنى ناشتا قىلدۇرغاندىن كېيىن خوشلىشىپ، يەنە بازارغا چىقىپ كەتتىم.

شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. نۇرمەمەت ھېلى ياخشى بولۇپ، ھېلى ئېغىرلىشىپ دېگەندەك تولا ئۆزگىرىپ تۇراتتى. زىبا ئەكېلىپ بەرگەن ھەم مېنىڭ يېنىمدىكى پۇللارنىمۇ تۈگەپ بولدۇق. بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلار، قانداق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرەركىن ئەمدى؟...

## 3

زىبا ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ، نۇرمەمەتنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى. مەن بىلەن تەگتۈش چىقىپ قالغۇدەك، ناھايىتى چىرايلىق ۋە چىقىشقاق بۇ قىزنىڭ نېمە دەپ بىزگە بۇنچە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ئۆزۈممۇ ھەيران ئىدىم. گەرچە پات - پات نۇرمەمەتنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى گەپلىرىنى ئېسىمگە ئالساممۇ، ئەمما زىباغا بۇ گەپنى چېتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم.

بۈگۈنمۇ يەنە يامغۇرلۇق كۈن بولدى. يامغۇر ياغسىلا ھېلىقى كونا بىنانىڭ دالىنىغا بېرىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتىم. ئورۇندۇقنى قويۇپ، ئىككى - ئۈچ سائەت ئىچىدە ئىككى ئادەمنىڭ ئايىغىنى مايلىغاندىن سىرت، بىكارلا ئولتۇردۇم. نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلۈم يېرىم ئىدى. نۇرمەمەتنىڭ كېسىلى ھېچ ياخشىلىناي دېمەيتتى، بارغانسېرى ئورۇقلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايى تاتىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ساقىيالماسلىقىدا مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم باردەك، دوختۇرخانىغا يېتەرلىك پۇل ئۆتكۈزەلمەي داۋالاشنى كېچىكتۈرگەندەك تۇيغۇدا بولۇپ، ۋۇجۇدۇم ئۆرتىنەتتى. دادامغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى دېگەندىم، ئۇ:

«نۇرمەمەتكە ياخشى قارا، بالام، ‹مۇساپىرنىڭ قاياشى مۇساپىر› دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قالغان، قارىغۇچىسى يوق بالا ئىكەن. ھەرگىز بويۇن قىسىپ، ئاچ - توق قالمىسۇن. بىزگە پۇل سېلىشنىمۇ ۋاقتىنچە ئويلاشما، ئىلگىرى سېلىپ بەرگەن پۇللىرىڭدىن بار تېخى... يەنە ئۆزۈم، شاپتۇللىرىمىزدىنمۇ ئانچە - مۇنچە كىرىم بولىدىغان چىراي...» دېدى ماڭا مەدەت، كۈچ بېرىپ. دادامنىڭ سۆزلىرىدىن شۇنچىلىك سۆيۈندۈم، «رەھمەت، دادا» دېدىم كۆزۈمگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

زىبانىڭ قاچان يېنىمغا كەلگەنلىكىنى سەزمىگەن ئىكەنمەن، ئېتىلىك كۆز يېشىمنى سۈرتۈپ، جاۋاب سالام قايتۇرغاچ ئورنۇمدىن تۇردۇم:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

— بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنىمىز، شۇڭا سىز بىلەن كۆرۈشكەچ دوستىڭىزنى يوقلاپ باراي دېگەنتىم. بەربىر يامغۇردا خېرىدارمۇ كۆپ ئەمەسكەن.

توغرا، ئەسلىدە بىزدە بىراۋ كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى يوقلايدىغان ئادەت بولسىمۇ، ئەمما نۇرمەمەتنى ھازىرغىچە ھېچكىم يوقلاپ باقمىغانىدى. بىراۋ يوقلاپ كېلەر، دەپمۇ ئويلىمايتتۇق. شۇڭا زىبانىڭ «دوستىڭىزنى يوقلاپ كېلەيلى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم شۇنچىلىك ئىللىق بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ:

— سىزنى ئاۋارە قىلارمىزمۇ؟— دېدىم سەل ئىككىلەنگەندەك.

— ئۇنداق بولمايدۇ، بەربىر بۈگۈن باشقا ئىشىممۇ يوق.

نەرسە - كېرەكلىرىمنى ياندىكى ناۋاينىڭ قاراپ قويۇشىغا ھاۋالە قىلىپ، دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدۇق.

يامغۇر تامچىلىرى باش - كۆزلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئادەملەر شالاڭ يولدا زىبا بىلەن يانمۇ - يان كېتىپ باراتتىم. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇمۇ كۆڭلۈكنى ئاچماي ماڭماقتا ئىدى. مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بىر ئۆرۈم چېچى خۇددى يامغۇر تامچىلىرى بىلەن ئويناشقاندەك ئىككى يانغا چايقىلىپ تۇراتتى.

— يۈزىڭىزگە قارا سۈركىلىپ قاپتۇ،— دېدى تۇيۇقسىز زىبا ماڭا بۇرۇلۇپ.

— ھە...نەگە؟— دېدىم مەن دەرھال قولۇمنى

يۈزۈمگە ئاپىرىپ.

— بولدى سۈرتمەڭ، شۇنداق يارىشىپتۇ.

زىبا چىرايلىق كۆلۈمسىرەپ يۈزۈمگە قاراپ قويدى.

دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىن مەن نۇرمەممەتكە چۈشلۈك تاماق، زىبا يەل-يېمىشلەرنى ئالدى.

كېسەلخانىغا كىرسەك، نۇرمەممەت سەل ئۆرە بولغان هالدا هېلىقى كۈندىلىك خاتىرىسىگە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ ئولتۇراتتىكەن. ئۇ بىزنى كۆرۈش بىلەن دەرهال خاتىرىسىنى ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ، تېخىمۇ ئۆرە بولماقچى بولدى.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ، — دېدى زىبا ئىتتىكلا نۇرمەممەتنىڭ قېشىغا بېرىپ، — خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، يامان ئەمەس.

— بۇ ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن ئوقۇغۇچى قىز زىبا، — دېدىم مەن تونۇشتۇرۇپ، — بۈگۈن دەرسى يوقكەن...

— سىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى ئۇ مەيۈس هالدا، — ئەمدى دوستۇمدىن ئۆتۈپ سىزنىمۇ ئاۋارە قىلىشقا باشلاپتىمەن.

— ياقەي، — دېدى زىبا، — هامان قان-قېرىنداشقۇ بىز...

كېسەلخانىدا بىرەر سائەتتەك ئولتۇردۇق. ئاندىن ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن نۇرمەممەتكە مەسئۇل دوختۇرنى تېپىپ پاراڭلاشتۇق. زىبا ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزاق بىر نەرسىلەرنى دېيىشتى. دوختۇرنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن، ماڭا زىبامۇ بىردىنلا بوشاپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— نېمە دەيدۇ؟

— كېسىلى سەل مۇرەككەپ ھەم ئېغىر ئوخشايدۇ. ئۇ تازا ياخشى گەپ قىلمايۋاتىدۇ.

زىبا شۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلمىدى. مېنىڭمۇ روھىم چۈشۈپ كەتكەندى. شۇڭا يەنە ئارتۇقچە سوئال سوراشنى خالىمىدىم.

زىبا يەنە كېسەلخانىغا كىرىپ ئون مىنۇتتەك ئولتۇردى. ئاندىن سومكىسىدىن يۈز يۈەنلىك پۇلدىن بىر نەچچىنى ئېلىپ كارىۋات ئۈستىدە قويدى.

— ئاز بولسىمۇ، خىراجەت قىلارسىلەر.

— ياق، بۇنداق قىلماڭ، — دېدى نۇرمەممەت دەرهال پۇلنى ئېلىپ زىباغا تەڭلەپ، — ھېلىمۇ ئۆتكەندە بەك كۆپ ياردەم قولىڭىزنى سۇندىڭىز.

— بۇ ساۋاقداشلىرىمنىڭ كۆڭلى، ئالمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى زىبا نۇرمەممەتنىڭ قولىنى كەينىگە قايتۇرۇپ، — مەن ماڭاي، يەنە كېلىپ تۇرىمەن.

— ئاللاغا ئامانەت، — دېدى نۇرمەممەت مەيۈس ئاھاڭدا.

— سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمىدىم، — دېدىم مەن زىبانى ئۇزىتىپ چىقىپ، — بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر...

— بەك ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمەڭ، — دېدى زىبا، ئاندىن سومكىسىدىن قەغەز ئېلىپ بىر نەرسىلەرنى يېزىپ، ماڭا سۇندى، — بۇ يانفون نومۇرۇم، ھەرقانداق ئىش بولسا، تېلېفون قىلىڭ.

— ماقۇل، رەھمەت...

زىبانىڭ يەنە بىر نەرسە دېگۈسى باردەك، ئەمما دېيەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ مەن بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن خۇددى بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تارتىنىشقان هالدا لىفت تەرەپكە كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ زىلۋا قامىتى كۆزۈمدىن يىتكۈچە قاراپ تۇردۇم.

كېسەلخانىغا قايتىپ كىردىم. نۇرمەممەت «نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىقماي بۇ يەردە قالدىڭ؟» دەپ مېنى خېلى ئەيىبلىدى. مەن گەپنى باشقا ياققا بۇراپ تۇرۇۋالدىم.

نۇرمەممەتكە چۈشلۈك تاماقنى يېگۈزۈپ بولۇپ، دوختۇرخانىدىن چىقتىم. يامغۇر يەنىلا يېغىۋاتاتتى. كۆنۈپمۇ كەتكەندىم بۇ شەھەرنىڭ يامغۇرلىرىغا. شۇڭا يامغۇرلۇق سېتىۋېلىشنىمۇ خالىمايتتىم. ناۋايغا ئامانەت قويغان ئورۇندۇق-ساندۇقلىرىمنى ئېلىپ، يەنە هېلىقى كونا بىنانىڭ دالدىسىغا كەلدىم. دوستۇم ئۈچۈن بىر تىيىن بولسىمۇ تېپىشىم كېرەك ئىدى...

ھەرهالدا يامغۇر كەچكە يېقىن سەل پەسلىگەندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە خېرىدارنىڭ ئايىغىنى مايلاپ يولغا سالدىم. كوچا چىراغلىرى يانغاندىن كېيىن، نەرسە-كېرەكلىرىمنى ياتاققا ئاپىرىپ قويۇپ، ئىشىكنى قۇلۇپلىدىم. دوستۇم دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغاندىن بېرى بۇ دېرىزىسى يوق، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان ياتاق ماڭا تېخىمۇ قاراڭغۇ، سوغۇق بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا زادىلا ياتاقتا تۇرغۇم كەلمەيتتى.

«ئادەمنى غېرىبلىق باسسا يامغۇر ياغامدۇ ياكى يامغۇر ياغسا غېرىبلىق باسامدۇ» بىلمىدىم، ئىشقىلىپ، مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى مەن

ئۇچۇن يامغۇرمۇ، غېرىبلىقمۇ ئوخشاشلا تولا ئىدى. مانا شۇ تاپتىمۇ دوختۇرخانىغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، سەل پەسەيگەن يامغۇر يەنە ئەدەپ، ئۇستىبېشىمدىن قۇيۇلماقتا... «مېڭىۋېرەي، — دەيمەن ئىچىمدە، — مېڭىۋېرەي... بۇمۇ راھەتكەنغۇ! بەلكىم، بەدىنىمدىن ئېقىپ چۈشكەن يامغۇرلارغا قوشۇلۇپ، غەم - غۇسسىلىرىممۇ يۇيۇلۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس...»

دوختۇرخانىنىڭ چوڭ زالىدا بىردەم ئولتۇرۇۋالدىم. چۈنكى، نۇرمەمەتنىڭ يېنىغا بۇنداق ھالەتتە چىقسام، كۆڭلى يېرىم بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چاچلىرىم بىرئاز قۇرۇپ، كىيىملىرىم سەل شامالدىغاندىن كېيىن، لىفىت ئارقىلىق يەتتىنچى قەۋەتكە چىقتىم. كېسەلخانىغا كىرسەم، يەتتە - سەككىز دوختۇر نۇرمەمەتنىڭ كارىۋىتىنى چۆرىدەك تۇرۇپ كېتىپتۇ. يۈرىكىم «قارت» تىندە قىلدى - دە، دەرھال كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، نۇرمەمەتنىڭ قولىنى تۇتتۇم.

— قانداقراق ئاداش؟

— ياخشى...— ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ پەس ئىدى.

— سىز بۇ بىمارنىڭ قارىغۇچىسىمۇ؟— سورىدى دوختۇرلاردىن بىرى.

— ھەئە،— دېدىم.

— بۇياققا چىقىڭە.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقتىم. يۈرىكىم شۇنچىلىك گۈپۈلدەك سېلىۋاتاتتى. «نېمە دەر؟» دەيتتىم ئىچىمدە قۇيۇندەك پىرقىراپ.

— سىز بىمارنىڭ نېمىسى بولىسىز؟— دېدى دوختۇر ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ.

— دوستى... ئەڭ يېقىن دوستى...— دېدىم مەن تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— بىمارنىڭ سىزدىن باشقا چوڭراق ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلىرى يوقمۇ؟

— يوق، دوختۇر. ئۇ كىچىكلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغانىكەن، ئۆزى تىنكەندەكلا يالغۇز.

دوختۇر ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى.

— ئەمىسە گەپنى ئۇچۇق دەۋېرەي، دوستىڭىزنىڭ كېسىلى ئاخىرقى چەككە بېرىپ قاپتۇ. يەنە بىر نەچچە كۈنلا بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن. ئىدىيەڭىزدە تەييارلىق بولسۇن...

— نېمە دېدىڭىز دوختۇر؟!— كۆزۈمدىن پۇرقىراپ ياش تۆكۈلدى.

— خەۋەر قىلغۇدەك ئادەملەر بولسا خەۋەرلەندۈرۈپ، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار.

دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىدىن دەلدەڭشىپ چىقتىم. تۆت قەدەم بۇياققا كېلىپلا تامغا بېشىمنى تىرەپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتىم. ھاياتىمدا ھېچقاچان بۇنچىلىك تۆكۈلۈپ، ئېزىلىپ يىغلىمىغانىدىم.

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۆزۈمنى ئازراق بېسىۋالدىم. ئاندىن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ، يۈز - كۆزلىرىمنى يۇيدۇم، كېسەلخانا ئىشىكىنىڭ قېشىغا كېلىپ خېلى ئۇزاق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە كىردىم.

نۇرمەمەت كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا قاراپ قويۇپ:

— يىغلىدىڭمۇ نىياز؟— دېدى پەس ئاۋازدا.

— ياق،— دېدىم مەن يۈزۈمنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قېچىپ يانىدىكى كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان بوۋاي تەرەپكە قاراپ.

— ھېلى سېنىڭ يىغلىغان ئاۋازىڭنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم،— دېدى ئۇ،— ئەنە كۆزۈڭمۇ قىزىرىپ كېتىپتۇ، قاچۇرمىغىن، دوختۇرلار ساڭا كۆڭۈلسىز گەپ قىلدى، شۇنداقمۇ؟

— ياق، ئۇنداق دېمىدى،— دېدىم - يۇ، ئەمما ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمىدىم.

— مەن ھېس قىلىپ بولغان، نىياز،— دېدى نۇرمەمەت،— ھېچقىسى يوق، تەقدىرىم شۇنداق پۈتۈلگەن بولسا، پۈتمىشكە قارشى چىقىپ بولماس... ئەمدى، يالغان ئېيتما ئاداش، دوختۇرلار زادى نېمە دەيدۇ؟

كۆڭلۈم قاتتىق يېرىم ئىدى، ئۇنىڭغا دوختۇرنىڭ گېپىنى تەكرارلاشنى خالىمايتتىم. ئەمما، شۇ تاپتا ئۇ مەندىن چوقۇم راست گەپ قىلىشنى ئۆتۈنۈۋاتىدۇ...

— مىجەزىڭنى تازا ياخشى ئەمەس دەيدۇ،— دېدىم ئاخىر پۈتۈن غەيرىتىمنى يىغىپ.

ئۇنىڭدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ خېلى ئۇزاق ياتقاندىن كېيىن، پىچىرلاپ دېگۈدەك سورىدى:

— ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولسا كەلسۇن، دېدى، شۇنداقمۇ؟

«سەن قانداق بىلسەن؟» دېگەندەك ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا قارىدىم.

ئۇ ئېغىر ئۇھسىندى. مەن بولسام، ئەمدى بىر ئېغىز گەپ قىلساملا، تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك

قىلاتتىم.

— شۇنداق قىلايلى، نىياز، — دېدى نۇرمەمەت ۋە بېشىدىكى خاتىرىدىن بىر ۋاراق يىرتىپ نېمىلەرنىدۇر يازدى، — ئىشلارنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. بوپتۇ، بۇ دادام بىلەن ئانامنىڭ تېلېفون نومۇرلىرى، خەۋەر قىلىپ قويغىن...

— نېمە؟! — دېدىم ئەندىكىش ئىچىدە، — سەن كىچىكلا يېتىم قالغانمەن، دېگەنىدىڭغۇ؟!...

— شۇنداق ئاداش، — دېدى نۇرمەمەت، — مەن كىچىكلا يېتىم قالغان، ئاتا-ئانام ھايات تۇرۇپ يېتىم قالغانمەن...

— بۇ... بۇ... قانداق بولۇپ...؟

ئارىنى يەنە سۈكۈت باستى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدىن ياش تامچىلىرى سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىغانىدى. خېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن ئۇ ھېلىقى كۆك تاشلىق خاتىرىنى ماڭا سۇندى:

— ھەممە ئىشلار مۇشۇ خاتىرىگە يېزىلغان، ئۇنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەسلەپكى يىللىقىدىن باشلاپ يازغانىكەنمەن. كىچىكلا ساۋاتىم چىقىپ، ئۇنى-بۇنى جىجىلاپ كۆڭگەنلىكىم ئۈچۈن ئىملايىمۇ، جۈملىلىرىمۇ خېلى راۋان چىقىپتىكەن... مەزمۇنى كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىسىلا، ئوقۇشتا بەك قىينالمايسەن، ئوقۇپ باققىن ئاداش...

نۇرمەمەتنىڭ قولىدىن خاتىرىنى ئالدىم.

— بۈگۈن ياتاققا كەتكىن، نىياز، — دېدى ئۇ خېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن.

— ياق، قېشىڭدا... — دېيىشىم بىلەن تەڭ ئۇ سۆزۈمنى بۆلدى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي ئاداش، ياتاققا بېرىپ ئوبدانراق دەم ئېلىۋالغىن...

ئۇنى يەنە تەڭلىكتە قويۇشنى خالىمىدىم.

سىرتتا يەنە سىمىلداپ يامغۇر يېغىۋاتقانىكەن. كۆك تاشلىق خاتىرىنى ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن، دەپ قولتۇقۇمغا مەھكەم قىسىپ ياتاققا قاراپ ماڭدىم.

ياتاققا كىردىم، يوتقان-كۆرپەمنى سېلىپ، كىيىمىم بىلەنلا ئۈستىگە تاشلاندىم. سۇۋاقلىرى دەز كەتكەن تورۇسقا قاراپ بىر ئاز ياتقاندىن كېيىن، دۈم بولۇپ ياستۇقنى پوكىنىمغا باسقىنىمچە نۇرمەمەتنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە چۆكتۈم...

4

«4-ئاينىڭ 14-كۈنى.

دادام بىلەن ئانام يەنە سوقۇشۇپ كەتتى. مەن بولسام، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا يىغلاشقا باشلىدىم. بىر چاغدا دادام ئانامنىڭ مەڭزىگە قاتتىق بىر تەستەك سالدى، ئانام يىقىلىپ چۈشتى. ئارقىدىن بولدى قىلماي يەنە قالايمىقان تېپىپ-چەيلەشكە باشلىدى. ۋارقىراش-جارقىراش، ئېغىزنى بۇزۇپ تىللاش، يىغلاشلارنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. بىر چاغدا ئانام ئورنىدىن تۇردى ۋە ماڭا قاراپ ئېتىلىپ كېلىپ: ‹سەن تەتۈر پېشانە بولمىغان بولساڭ، مەن بۇنداق ئۆيدە ياشامتىم؟› دەپ مېنى ئۇرۇشقا باشلىدى. مەن بېشىمنى ئىككى قولۇم بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ‹ئانا، ئۇرماڭ!...› دەپ يىغلاپ يېلىناتتىم. ئەمما ئانام دادامدىن ئالالمىغان ئۆچىنى مەندىن ئالماقچى بولغاندەك ئۇرۇشنى توختاتار ئەمەس ئىدى، ئېغىز-بۇرنۇمدىن قان ئېقىۋاتاتتى... ئانام بۇ ھالىمنى كۆرمىگەندەك ساراڭلارچە ئېغىزىنى بۇزۇپ، ئۇرۇۋېرەتتى. بىر چاغدا ئۇ بىقىنىمغا قاتتىق بىرنى تەپتى... ئاھ خۇدا!... ئىككى پۈكۈلۈپ قالدىم، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، تىنىقىم توختاپ قالغاندەك بولدى...

4-ئاينىڭ 23-كۈنى.

مەكتەپتىن بىرخىل ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆيگە كەلدىم. ھەقىقەتەن بىكار ئەنسىرىمىگەن ئىكەنمەن، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا يەنە ۋارقىراش-جارقىراش، يىغلاشلارنى ئاڭلىدىم. يۈزۈمدىكى كۆكلەر تېخى ساقايمىغانىدى، بىقىنىمنىڭ ئاغرىشىمۇ بېسىقمىغاچقا، راۋۇرۇس ماڭالمايتتىم. ئەگەر مەن يەنە تاياق-تېپىك ئىچىدە قالسام... ئاخىرىنى ئويلاشتىن قورقاتتىم. ئەمما ئۆيگە كىرمەي ئامالىم يوق ئىدى. بىر خىل مىسكىنلىك، مەيۈسلۈك ئىچىدە ئاستاغىنا ھويلىغا قەدەم باستىم. ئۆي ئىچىدىن تىنىش ئاڭلانمىدى. بىر چاغدا دادامنىڭ ‹قانداق قىلسەن؟! رازى بولساڭ، مانا ئۆي! ئۇ ئۆيگىمۇ بېرىپ، بۇ ئۆيگىمۇ كېلىپ تۇرىمەن. ئەگەر كۆنمىسەڭ قانداق قىلساڭ ئىختىيارىڭ!› دېگىنى ئاڭلاندى. ‹بالىنىچۇ، بالىنى قانداق قىلىمىز؟!› دېدى ئانام زەردە بىلەن. ‹ئەگەر مېنىڭ قېشىمدا تۇرسۇن دېسەڭ، بېقىش ھەققىنى بېرىمەن. ياق، باقمايمەن دېسەڭ، ماڭا بەر› دېدى دادام. ‹ئاشۇ بۇزۇققا بالىنى تاشلاپ بېرەمتىم؟! پۇل بېرىسەن! بىر مىليون!› دېدى ئانام. ‹مانا بىر مىليون!...› يەنە ۋارقىراش، جارقىراش، يىغلاش، گۈلدۈر-غالاپ باشلىنىپ كەتتى. شۇ تاپتىمۇ يەنە ئانامنىڭ تاياق يەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا چىدىماي ئۆيگە كىردىم ۋە ئانامنى تاياقتىن توسۇۋالماقچى بولغاندەك قۇچاقلىۋالدىم. ئەمما

تۇيۇقسىز قۇلاق تۈۋىمگە قاتتىق بىر نەرسە ئۇرۇلدى...

5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى.

دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقىنىمغا بىر نەچچە كۈن بولدى. بۇ جەرياندا ئانام ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى، دادام كېلىپ باقمىدى. ئەسلىدە، ھېلىقى كۈنى ئانامغا ئېتىلغان تېپىك مېنىڭ قۇلاق تۈۋىمگە تېگىپ كەتكەنىكەن. ئىككى كۈن ھوشسىز يېتىپتىمەن. ئانامنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ دەپ بېرىشىچە، دادام يەنە بىر خوتۇن ئېلىۋاپتۇ. ھازىرمۇ شۇ خوتۇننىڭ يېنىدا ئىمىش. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانامغا ئىچىم ئاغرىدى، دادامغا نەپرەتلەندىم. دادام ئۈچ يىلدىن بېرى تاشچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، خېلىلا پۇل تاپقانىدى، ئەمدىلا ئائىلىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغاندا، ئۆيىنى، ئايالىنى ئىككى قىلىۋېلىشى ھەرقانچە قىلساممۇ كۆڭلۈمگە سىغمايتتى...

5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.

دادامنىڭ ئۆيگە كېلىپ باقمىغىنىغا نەچچە ھەپتە بولۇپ كەتتى. شۇڭا ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمغا ئىشىنىشكە باشلىدىم. ئاناممۇ بارغانسېرى تېرىككەك، جىلخور بولۇپ كەتتى. ئىككى ئېغىز گەپنىڭ بىرىدە مېنى ‹تەتۈر پېشانە› دەيتتى، ئىككى كۈندە بىر قۇلىقىمنى سوزۇپ، پېشانەمنى دۆشكەلەيتتى... بەزىدە ئۆزىنى ئۆزى ئۇرۇپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆينىڭ ئىچىنى ئوڭتەي ـ تونتەي قىلىۋېتەتتى... بۇنداق ۋاقىتلاردا قورقۇنچتىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالاتتىم. بىلمىدىم، مەن نېمىنى خاتا قىلغاندىمەن؟...

6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى.

بۈگۈن مەكتەپتىن كەچرەك قويۇپ بەردى. ئىشىكتىن كىرىشىمگە يەنە ئانامنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلدىم. ‹مۇشۇ چاغقىچە نەدە يۈردۈڭ، نېمە ئىش قىلدىڭ نائەھلىنىڭ پۇشتى؟! تايىنلىق سەنمۇ داداڭدەك بارىدىغان يېرىڭ بولسا بارساڭ بولمامدۇ؟!...› دەيتتى ئۇ يىغلىغاچ. ‹مەكتەپتىن كەچ قويۇپ بەردى ئانا› دېگەن گېپىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، پەقەت مېنى ئۇرۇۋالسا خۇماردىن چىقىدىغاندەك تامغا ئۇستۇرەتتى، تېپەتتى... مەن بولسا يىلىناتتىم، يالۋۇراتتىم... ئەمما، تاياق... يەنە تاياق... نېمە ئىش بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم...

7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.

كەچتە مەكتەپتىن كەلسەم، ئۆيدىن ئانامنىڭ كىمگىدۇر قاتتىق ۋارقىراۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ‹دادام كەپتۇ ـ دە؟› دېگەنلەر ئۆتتى كۆڭلۈمدىن. ئىشىك ئالدىدا خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، ئىچكىرىگە كىردىم. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، دادامنى كۆرگۈم كەلگەنىدى. ئۇ ئۇرسىمۇ مەيلى، كۆرۈشۈۋالاي دەپ ئويلايتتىم. ئەمما ئۆيدە ئانام تېلېفوننى قۇلىقىغا تۇتۇۋېلىپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراۋاتقانىكەن. ‹مەن قاچانغىچە سېنىڭ بالاڭنى بېقىپ ئۆتىمەن، ھەزىلەك؟!— دەيتتى ئانام،— سەن بىر بۇزۇقنىڭ ئىشتىنىغا دۈم چۈشۈپ، بەخىرامان يۈرسەن، مەن ماۋۇ تەتۈر پېشانە بالاڭنى بېقىپ ئولتۇرىمەن، شۇنداقمۇ؟! ئۇخلاپ چۈش كۆرۈپسەن! مەن ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ھەممىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! سەندەك ئىپلاسنى!... ئاۋۇ يەتمىش ئادەمدىن ئاشقان بۇزۇقنى!... يەنە ماۋۇ ئىتنىڭ كۈچۈكىنى... ھەممىڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!...› تۇۋۋا نېمە ئىش بولۇپ كەتتى، ئانا دېگەنمۇ شۇنداق بولامدىغاندۇ؟ راستىنلا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك ئېتىلىپ كېلىپ، گېلىمنى بوغۇپ يۈرگىنى نېمىسى؟... كۆزلىرىم چەكچىيىپ، تىنالمايلا قالدىم... ئاھ خۇدا، مېنى ئۆزۈڭ قۇتقۇز!...

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

ئانامنىڭ كۆزلىرى ناھايىتى ۋەھىملىك چەكچىيىپ كەتكەنىدى، ئۆينىڭ ئىچىدە ساراڭدەك پىرقىرايتتى، ئۆزىنى تامغا ئېتىپ، شىردەك ھۆركىرەيتتى، ئالدىغا ئۇچرىغاننى تېپىپ ـ ئېتىپ، چاقاتتى. چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرى، تەر ـ ياشلار بىلەن يۈزلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. گېلىنىڭ بوغۇلۇپ كەتكىنى بىلەن كارى يوق تېخىمۇ كۈچەپ ۋارقىرىماقچى، تىللىماقچى بولاتتى... بۇ ئانامنىڭ دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ھالىتى. بىلىمەن، دادام بىلەن تېلېفوندا شۇنداق تىللىشىدۇ. داداممۇ قارىسىنى كۆرسەتمەي، تېلېفوندا جەڭلىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا كۆپىنچە بارلىق كەلگۈلۈك ماڭا كېلىدۇ. ئانام ‹بۇ تەتۈر پېشانە› دېدىمۇ، قارا بوراندا قالغىنىم قالغان. نەچچە كۈن ئىلگىرىمۇ ئانامنىڭ يۇگۇرۇپ كەلگىنىنى بىلىمەن، قانداقلارچە ئۇچۇپ بېرىپ تامغا سوقۇلغانلىقىمنى بىلەلمەي قالدىم... كۆزۈمنى ئاچسام، ئانام مېنى

قۇچاقلاپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. دائىم شۇنداق، ئانام مېنى بىر قەپەس ئۇرغاندىن كېيىن، قۇچاقلاپ يىغلايدۇ، بۇ ئىش بىر، ئىككى قېتىم ئەمەس، ساناپ تۈگەتكۈسىز تەكرارلاندى. ھەر قېتىم تاياق يېگەندىن كېيىن بىر نەچچە كۈنگىچە قىزىپ، جۆيلۈپ چىقىمەن. ئەمدى ياخشى بولسام، يەنە ئانامنىڭ غەزەپلىنىشى باشلىنىدۇ. بۇنداق كۈنلەر قاچانمۇ ئاخىرلىشار؟...

12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى.

ئىچ ئەزايىم ئاغرىپ، پات ـ پات پۈكۈلۈپ قالىدىغان بولۇپ قالدىم. تاياق ئىچىمگە ئۆتۈپ كەتتى ھەقچان... بەزى كېچىلىرى خۇددى ئىگىزلىككە ئېسىلىپ قالغاندەك لەيلەپ چىقىمەن، ئۆزۈمنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈك، ئويغۇلۇق ياكى ئويغاق ئىكەنلىكىمنى بىلەلمەي خىرە ـ شىرە تۇيغۇلاردا بولىمەن. ئاخشاممۇ شۇنداق بولدۇم، بىر كېچىنى ئۇخلىدىممىكىن، دېسەم ئويغىنالماي، ئويغاقمىكىن دېسەم، ئۇخلىيالماي ئۆتكۈزدۇم. ئەتىسى تاڭ يورۇغاندەك ئىدى، ئەمما قوپاي دېسەممۇ مىدىرلىيالمايتتىم. بىر چاغدا ئانامنىڭ قۇلىقىمنى كۆچەپ سوزۇشى بىلەن ھوشۇمغا كەلگەندەك بولدۇم: ‹چۈشكىچە ئورنۇڭدىن تۇرماي، يوتقانغا سىيىپ ـ چىچىپ ياتىدىغان بولدۇڭمۇ ئەمدى؟ سەن تەتۈر پېشانىنىڭ ماڭا كۆرسەتمىگەن مۇشۇ ئىشىڭ قالغانمىدى؟› ئەلەڭ ـ سەلەڭ ھالدا ياتقان ئورنۇمغا قارىدىم، راستىنلا بۇلغىنىپ كېتىپتۇ... ‹ماڭا نېمە كۈن بۇ،ــ دەپ يىغلايتتى ئانام،ــ بىرىڭ بىر بۇزۇقنىڭ كەينىدىن كەت، بىرىڭــمانا مۇشۇنداق...› بېشىمنى تۆۋەن سېلىپلا ئولتۇردۇم، كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلدى. ‹ئولتۇرغىنىنى بۇنىڭ،ــ دېدى ئانام بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ،ــ ئىسىت، ئۆلسەڭچۇ تايىنلىق، بىراقلا قۇتۇلاتتىم سەندىنمۇ...› ئۇ يەنە بىر تالاي گەپلەرنى دېدى، چېچىلدى، ئەمما ھېچقايسىسىنى ئاڭلىمىدىم. چۈنكى، قۇلاق تۈۋىمدە پەقەت ‹ئۆلسەڭچۇ تايىنلىق، بىراقلا قۇلاتتىم سەندىنمۇ...› دېگەن سۆز ئارقا ـ ئارقىدىن جاراڭلاپ، باشقا سۆزلەرنى ئاڭلىشىمغا ئىمكانىيەت بەرمەيۋاتاتتى. بىر چاغدا قولۇمدىن سۆرەلگەن پېتى سىرتقا ئېلىپ چىقىلغانلىقىمنى، بوسۇغىنىڭ سىرتىغا ئىتتىرىۋېتىلىپ، دەرۋازىنىڭ قاتتىق يېپىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. تولۇق ھوشۇمغا كەلگەن چېغىمدا يېرىم ـ يالىڭاچ ھالدا دەرۋازا ئالدىدا تىترەپ ئولتۇراتتىم.

دەرۋازىغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردۇم. ئاندىن تۇيۇقسىز مېڭەمدە ‹خەير ـ خوش ئانا، خەير ـ خوش، دادا... مېنى باققان ئەجرىڭلارغا رازى بولۇڭلار...› دېگەن سادا جاراڭلىدى. شۇنداق، مەن بىر نىيەتكە كەلگەنىدىم. ‹يەيدىغان رىزقىم بولسا ياشارمەن، بولمىسا، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن› دەپ ئويلىدىم. شۇڭا كۆزلىرىمدىن مۆلدۈردەك ياش تۆككەن ھالدا قىرلارنىڭ تۈۋىدە ئاندا ـ ساندا مۇزلار ئۇچراپ قالىدىغان ئېتىزلىقلار بىلەن يۈگۈرۈشكە باشلىدىم... يۈگۈرەۋاتاتتىم، خۇددى بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن، ئائىلە جاڭجاللىرىدىن، تاياق ـ دۆشكەلەشلەردىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولغاندەك يۈگۈرەۋاتاتتىم. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقىنىم مەڭگۈلۈك يېتىملىك كوچىسى ئىدى، ئەمدى مېنىڭ دادام يوق، ئانام يوق... دادام بار دېمەيمەن، ئانام بار دېمەيمەن... ئۇلار مېنىڭ نەزىرىمدە ئۆلگەن، ئاللىقاچان ئۆلگەن.»

.............

كۈندىلىك خاتىرىنى ئاران مۇشۇ يەرگىچە ئوقۇيالىدىم، شۇنداق، يىغلىماي دېسەممۇ ئۆزۈمنى تۇتالمايۋاتاتتىم، بىچارە دوستۇم نۇرمەمەتنىڭ بۇنداق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن. تووا، بۇ كەچمىشلەرگە نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟...

«يامغۇر يېغىۋاتاتتى، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتسىمۇ ئاياغ مايلىتىدىغان خىرىدارنى كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. بىر چاغدا قاياقتىندۇر بىر يورۇقلۇق يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ شۇنچىلىك يورۇق، شۇنچىلىق سۈزۈك ئىدىكى، ھازىرغىچە بۇنداق ئۆزگىچە يورۇقلۇقنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. يورۇقلۇق ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاپ كەلگەندە، ئاندىن ئۇنى نۇرمەمەتنىڭ تارقىتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. شۇنداق، نۇرمەمەت نۇر ئىچىدە، نۇر ئۇنى قورشاپ تۇراتتى. نۇر بىلەن بىرلەشكەن نۇرمەمەت لەرزان ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ باش ئۈستۈمدە توختاپ، ماڭا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

ــ بۇ... بۇ قانداق ئىش، نۇرمەمەت؟ــ مەن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سورىدىم.

ــ بىز ئەمدى ئايرىلىدىغان بولدۇق، ئاداش،ــ دېدى ئۇ.

ــ ياق نۇرمەمەت، مەن بۇنداق بولۇشىنى خالىمايمەن!ــ دېدىم ئېتىراز بىلدۈرۈپ،ــ بىز بىر-

بىرىمىزدىن يۈز ئۆرۈمەسلىككە ۋەدىلەشكەن!

— شۇنداق نىياز،— نۇرمەمەتنىڭ چىرايى بىردىنلا قايغۇلۇق تۇس ئالدى،— بەزى ئىشلار چوقۇم بولىدۇ، بىزنىڭ بۇ ئايرىلىشىمىزمۇ شۇنداق، پەقەت سەل بۇرۇن بولۇپ قالدىغان بولدى شۇ...

مەن بىر نەرسە دەپ بولغىچە نۇرمەمەت ‹ئامان بول!› دېدى ۋە كۆك تامان يىراقلاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا قولۇمنى تەڭلىگەن پېتى قالدىم. يورۇقلۇق يىراقلاپ ئاۋۋال بىر يۇلتۇزغا ئايلاندى، ئاندىن شۇ يۇلتۇز تېزلىكتە سىيرىلىشقا باشلىدى...»

تەرلەپ ـ تەپچىرەپ ئېسىمگە كەلدىم. تۇۋا، ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغانىنىڭ ئارىلىقىدا كۆرگەن بۇ چۈشۈم نېمىنىڭ بېشارىتىدۇ ئەمدى؟

ئورنۇمدىن تۇردۇم، سۇ بىلەن پاكىز پاكلانغاندىن كېيىن، پېشانەمنى يەرگە ياقتىم. شامدەك ئېرىپ، سۇدەك ئاقتىم، ئىككى ئالقىنىمنى يۈزۈمگە روبىرو قىلىپ، ئەڭ ئەزگۈ تىلەكلىرىمنى تەكرارلاپ چىقتىم... ئاندىن سىرتقا چىقىپ، ئىشكنى قۇلۇپلىغاندىن كېيىن يول چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدىم.

كېسەلخانىغا كىرسەم، نۇرمەمەت كارىۋىتىدا يوق تۇراتتى. مەن سوراپ بولغىچە ياندىكى كارىۋاتتىكى بوۋاي دېدى:

— دوستىڭىزنىڭ كېسىلى سەل ئۆزگىرىپ قېلىپ، دوختۇرلار ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كەتتى ھەقچان.

تېزلىكتە ئارقىمغا ئۆرۈلدۇم، لىفىتنىڭ ھەر ئىككىلىسى يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقاچقا، ساقلاپ تۇرۇشقىمۇ تاقەت قىلالماي پەشتاق بىلەن تۆۋەنگە شۇڭغۇدۇم. «ئاھ ئىگەم، ئۆز پاناھىڭدا ساقلا! دوستۇمغا بىر نىجادلىق بەر!» دەيتتىم پەشتاق بىلەن ئۇچۇپ چۈشۈۋېتىپ. جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى جىمجىت ئىدى. بەش ـ ئالتە كارىۋاتتا بىمارلار ياتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا قارىغۇچىلىرى ئولتۇراتتى. ئەڭ ياقىدىكى كارىۋاتتا ئاللىقانداق ئۈسكۈنىلار ئېسىلغان نۇرمەمەت ياتاتتى. ئۇنىڭ قېشىدا ھېچكىم يوق، شۇنچىلىك غېرىبانە ئىدى. ئىتتىكلا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم ۋە گەپ سوراشنىڭ ئورنىغا بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدىم. بۇ كۆز ياشلىرىمنىڭ ئىچىدە نۇرمەمەتنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە بولغان قايغۇمۇ، كەچمىشلىرىگە بولغان ئازابىمۇ بار ئىدى.

نۇرمەمەت «بولدى ئاداش، يىغلىما...» دېگەندەك قولۇمنى چىڭ سىقتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ:

— قانداقراق تۇرىسەن، ئاداش؟— دېدىم.

— ياخشى...— دېدى ئۇ. ئاندىن خېلى ئۇزاق جىمىپ كەتكەندىن كېيىن:

— نىياز...— دەپ چاقىردى تورۇسقا قارىغان ھالدا.

— ھە ئاداش، مەن يېنىڭدا،— دېدىم دەرھال ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن بېرىپ.

— ساڭا رەھمەت، چەككەن جاپالىرىڭغا رازى بولغىن...

— ياق، ئۇنداق دېمە ئاداش، ھەرگىز ئۇنداق دېمە...— سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدىنمۇ ياش سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى.

نۇرمەمەتنىڭ كۆزى سەل ئۇيقۇغا ئىلىنغاندەك بولدى. بۇ ئارىدا دوختۇر بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇ «ئىدىيەدە تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار. يەنە بىر كېچىنى تەسرەك ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن» دېدى.

سىرتقا چىقتىم، بىر دۇكانغا كىرىپ، ئاممىۋى تېلېفوندا ئالدى بىلەن نۇرمەمەتنىڭ دادىسىغا تېلېفون قىلدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،— دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى قارشى تەرەپتىن.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،— دېدىم،— سىز نۇرمەمەتنىڭ دادىسىمۇ؟

— شۇنداق، ئۇ ھازىر نەدە؟!— دېدى قارشى تەرەپ جىددىيلەشكەن ھالدا.

— دوختۇرخانىدا،— دېدىم بىر خىل سوغۇق ئاھاڭدا،— بۇ دۇنيانى تاشلاپ بېرىش ئالدىدا تۇرىدۇ...

— نېمە؟! نېمە دېدىڭىز؟ قايسى دوختۇرخانىدا؟!

مەن دوختۇرخانىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. بۇ ئادەمگە بۇنىدىن ئارتۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرغۇم يوق ئىدى.

ئارقىدىن يەنە بىر نومۇرنى باستىم. تېلېفون ئېلىنمىدى. بىرقانچە قېتىملاپ قايتا ـ قايتا باسقاندىن كېيىن، بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋەي!..

— سىز نۇرمەمەتنىڭ ئانىسىمۇ؟

— شۇنداق... سىز كىم؟

— نۇرمەمەتنىڭ دوستى...

— دەپ قويۇڭ ئۇ قۇلاق كەستىگە، مېنىڭ ئۇنداق بالام يوق!— ئايال شۇنداق دەپلا يىغلاپ كەتتى،— مۇشۇ كۇنگىچە نەدە يۈرۈپتۇ ئۇ؟

— جاھاننىڭ كەئىرى يېرىدە،— دېدىم بىردىنىلا تەلەپپۇزۇمنى ئۆزگەرتىپ،— جەڭگى-جېدەلسىز، تاياق-توقماقسىز يەردە!...

— ئۇ...ئۇ...ھازىر نەدە؟— دېدى ئايال يەنە يىغا ئارىلاش، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك.

— جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدە... ئەزرائىلنىڭ ئالدىدا!...— دېدىم مەنمۇ ئۆزۈمنى باسالماي يىغلىۋەتكەن ھالدا.

— ۋاي خۇدايىم!...— ئايال تېخىمۇ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى،— قايسى دوختۇرخانىدا؟!...

ئۇنىڭغىمۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتىم. سىرتقا چىقىپ ئەتىگەننىڭ سوغۇق ھاۋاسىدىن قانغۇدەك سۈمۈردۈم. كۆزلىرىمنى بىر ئاز قۇرۇتۇپ، ئاندىن نۇرمەمەتنىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇ ماڭا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ بىر نەرسە دېگۇسى باردەك ئېغىزىنى ئۆمەللىدى. ئۇنىڭغا يېقىن باردىم.

— ئانامغا... دادامغا... تېلېفون قىلىپ قويدۇڭمۇ، ئاداش؟

— ھەئە،— دېدىم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ،— تېلېفون قىلدىم، ئۇلار چوقۇم كېلىدۇ، ئاداش.

ئۇ سەل خاتىرجەم بولغاندەك يىنىك تىن ئالدى.

ھەر ھالدا بىر كۈنمۇ، بىر كېچىمۇ خاتىرجەم ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما ئەتىسى كەچكە يېقىن ئۇ يەنە ئۆزگىرىپ قالدى. دوختۇرلار ئۇنىڭ ئىككى كۆكسىگە دەزمالدەك بىر نەرسىلەرنى تەگكۈزۈپ دېگەندەك ئۇپۇل-توپۇل بىر ئىشلارنى قىلىشتى. ئۇ بىر نەچچە قېتىم سىلكىنىپ، تىترەپ ئاندىن جىمىپ قالدى. دوختۇرلار نۇرمەمەتنىڭ بېشىدىكى ئېكراندا چىقىۋاتقان ئەگرى-مايماق سىزىقلارغا قاراپ جىددىيلىشىپ قېلىشتى.

— نىياز...— دېدى بىر چاغدا نۇرمەمەت يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك ئاۋازدا. دەرھال كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭ ئېغىزىغا قۇلىقىمنى يېقىن ئاپاردىم.

— مەن بار ئاداش، نېمە گەپ بولسا دەۋەرگىن.

— ماڭا رازىلىق بەرگىن ئاداش...— دېدى ئۇ قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ.

مەن بۇقۇلداپ يىغلايتتىم، گەپ قىلالمايتتىم. نۇرمەمەت بولسا قولۇمنى قويۇپ بەرمەيتتى.

— مەن... مەن... رازى ئاداش...

نۇرمەمەت چىرايىمغا تەبەسسۇم قىلغاندەك قاراپ قويدى. ئاندىن يەنە پەس ئاۋازدا:

— ئەگەر ئانام... دادام... كەلسە...

نۇرمەمەت شۇنداق دېدى-يۇ، دەرھال كۆزى ئىشىك تەرەپكە قايرىلىپ كەتتى. ئىشىكتىن بىر جۈپ گەۋدە— بىر ئەر بىلەن بىر ئايال كىرىپ كېلىۋاتاتتى. نۇرمەمەتنىڭ ئىشىككە قاراپ چوڭ ئېچىلغان بىر جۈپ كۆزى دەسلەپ نۇرلانغاندەك بولدى، ئاندىن شۇ ھالەتتە قېتىپ قالدى.

سىرتتىن كىرگەن ئەر-ئايال تەڭلا ئۇنىڭغا يېپىشتى. ئەمما نۇرمەمەت ھەرىكەتتىن مەڭگۈلۈك قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپى ياش بىلەن نەمدەلگەن، ئوچۇق قالغان كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر خىل ھەسرەت، مۇڭ تەڭ قېتىپ قالغانىدى...

دادىنىڭ يىغلاشلىرى، ئانىنىڭ بوزلاشلىرى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. خۇددى يۈرەك-باغرىمنى بىرى سۇغۇرۇپ ئېلىۋەتكەندەك بوشاپ، پۈكۈلۈپ قالغانىدىم...

5

قەدىناس دوستۇمنىڭ جەستىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن دادىسى مەخسۇس بىر ماشىنا ئۇقۇشتى. بىز كېچە يورۇماستا ئۇنىڭ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئاپئاق رەختكە ئورالغان جانسىز تەننىڭ بىر خىلدا تەۋرىنىپ تۇرۇشىغا قاراپ شۇنچىلىك ئېغىر بىر قايغۇ ئىچىدە مەنمۇ تەڭ تەۋرىنىپ ئولتۇراتتىم. نۇرمەمەتنىڭ دادىسىمۇ، ئانىسىمۇ پات-پات ختىلداپ يىغلىشىپ قويۇشاتتى. ئەمما، چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيىشمەيتتى. مەن ئۈچۈنمۇ بۇلارنىڭ ئېغىز ئېچىش ياكى ئاچماسلىقى بىر تىيىن ئىدى. شۇنداق ھالەتتە يىگىرمە نەچچە سائەت مېڭىپ، يەنە تەڭ كېچە بىلەن مەنزىلگە يېتىپ باردۇق. ماشىنا ناھايىتى ھەشەمەتلىك بىر قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى. نۇرمەمەتنىڭ جەستىنى قورۇ ئىچىگە ئەكىردۇق. قۇلۇم-قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقانلارمۇ ئىشقىلىپ، ئۇياق-بۇياقتىن ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى.

شوپۇر بىلەن دېيىشىۋالدىم، نامازدىن كېيىن مېنى ئۈرۈمچىگە بىرگە ئالغاچ كېتىدىغان بولدى.

ياندىكى بىر ئۆيدىن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ نېمىلەرنىدۇر دەپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ

تۇراتتى. ئەمما ماڭا بۇ يىغا ناھايىتى قۇرۇق، يېقىمسىز ئاڭلىناتتى. دادا بولسا، دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە جامائەت كەلسە كۆرۈشۈپ، كەلمىسە قولنى قوۋۇشتۇرۇپ گۆشىيىپ تۇراتتى.

دوستۇمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى يەرلىكىگە قويدۇق. دۇئادىن كېيىن جامائەتتىن ئايرىلىپ قېلىپ، قەبرە بېشىدا ناھايىتى ئۇزاق دۇئا قىلدىم. كۆز ياشلىرىمنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، ئىچىمنى بوشىتىۋالدىم. ئاندىن يۈرىكىم ئېچىشقان ھالدا قەبرىدىن ئايرىلدىم.

قورۇ ئالدىغا كەلسەم، مېنى كۈتۈپ تۇرغان شوپۇر ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى. مەن ئۇندىمەستىن شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا چىقىپ ئولتۇردۇم.

— ئۇكام، سىز بىر-ئىككى كۈن تۇرۇڭ، ئاندىن يولغا سېلىپ قوياي،— دېدى نۇرمەمەتنىڭ دادىسى كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىغان ھالدا.

— رەھمەت، بۇ ماشىنا بىلەن كېتىۋالاي... پۇرسەت بولسا يەنە كېلەرمەن...— دېدىم، كۆزۈمدىكى ياشنى سۈرتكەچ.

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغان پەيتتە، شوپۇرغا «ماڭايلى» دېگەن مەنىدە قارىدىم.

— ھە راست ئۇكام،— دېدى ئۇ بىردىنلا ھوشىنى تاپقاندەك،— ئوغلۇمنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن كەتكەن پۇلنى...

ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا يۈگۈرۈپ دېگەندەك دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى.

— ئەمدى ماڭايلى ئۇستام،— دېدىم شوپۇرغا قاراپ.

شوپۇر ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزۈمگە قاراپ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ماشىنىنى قوزغىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ماشىنا ئەينىكىدە نۇرمەمەتنىڭ دادىسىنىڭ بىر نەرسىنى پۇلاڭلىتىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنى كۆرۈندى. ئۇ بىردە تووۋلىغاندەك، بىردە يىغلىغاندەك قىلاتتى. بارا-بارا ئۇ كۆرۈنمەي قالدى...

چەكسىز قۇملۇقتىكى ماي يول بىلەن كېتىۋېتىپ ئۆزۈمنىڭ يۇرتۇمدىن قانداق چىققانلىقىمدىن تارتىپ نۇرمەمەتنىڭ كەچۈرمىشلىرىگىچە ھەممىسىنى شوپۇرغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ناھايىتى ئۇزاققىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي سۈكۈتتە يېتىپ كەتتى.

بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئارال دېگەن يەرگە كەلدۇق. شوپۇر ئۇ يەردە ماشىنىنى بىردىنلا كۈنپېتىش تەرەپكە بۇردى. بىلىشىمچە، بۇ مېڭىش توغرا ئەمەس ئىدى.

— ئۆيدىكىلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭايلى،— دېدى شوپۇر ماڭا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ،— ئۇلارنى كۆرگىڭىز كەلدى ھەقچان...

كۆڭلۈم شۇنچىلىك ئىللىق بولۇپ قالدى. راستىنى دېسەم، بۇنى ئويلىغان بولسامۇ، ئەمما ئېغىزىمدىن چىقىرالمىغانىدىم...

دادامۇ، ئىككى سىڭلىممۇ ئۆيدە بار ئىكەن. ئۇلار بىلەن كۆز يېشى قىلىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇم. ئاندىن سىڭلىم توخۇدىن بىرنى تۇتۇپ كەلدى، بوغۇزلاپ بەردىم، پولۇ ئەتتى. شوپۇرمۇ دادام بىلەن ناھايىتى قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئىككى-ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن يولغا چىقماقچى بولدۇق. ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي دادامنىڭ يېنىغا ئۈچ يۈز كوي سېلىپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ باغرىغا يېپىشتىم:

— ئاللاغا ئامانەت، دادا، ماڭا ئاق يول تىلە. خۇدا نېسىپ قىلسا، سىلەرنىمۇ ئۈرۈمچىگە باشلاپ بارىمەن...

— رەھمەت بالام،— دېدى دادام كۆز يېشى قىلىپ،— چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بىزدىن ئەنسىرىمە. ئەمما چوقۇم توغرا يول بىلەن ماڭ، باشقىلارنىڭ رىزقىنى يېمە، جەڭگى-جېدەلگە ئارىلىشىپ قالما، ئىمان-ئېتىقادتىن يىراقلاشما...

— ماقۇل دادا، سۆزۈڭنى قۇلىقىمدا تۇتىمەن...

يەنە ئىككى سىڭلىم بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتىم. ئۇلار يۇم-يۇم يىغلاشتى:

— ئاللاغا ئامانەت، سىڭىللىرىم! سىلەرنى جاپاغا سېلىپ قويىدىغان بولدۇم.

— ياق ئاكا، ئۆزۈڭنى ئاسرا، ئاق يول بولسۇن!

— يولۇڭ ئاق بولسۇن، ياراتقان ئىگەم ساڭا ھەمراھ بولسۇن، ئوغلۇم!

دادام، سىڭىللىرىم ئۆينىڭ ئالدىدا شۇنچىلىك غېرىبانە تۇرۇپ قېلىشتى. خېلى ئۇزاققىچە يۈرىكىم تۇز قۇيغاندەك ئېچىشىپ، كۆز جىيەكلىرىم قىزىرىپ تۇردى.

يولدا ئانچە-مۇنچە توختاپ دېگەندەك تاڭ ئاتقاندا ئاندىن ئۈرۈمچىگە كەلدۇق. شوپۇر بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىزدىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ خوشلاشقاندىن كېيىن ياتاققا كەلدىم. ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارا-بارماي پۇت-قولۇم بوشاپ، كۆزۈمگە ياش ئولاشتى.

ئاھ، خۇدا! يۈرەكنىڭ بۇنچە سىقىلىپ، كۆڭلۈمنىڭ بۇ قەدەر يېرىم بولۇشىنى قانداق ئىزاھلاش مۇمكىن؟ قاياققا قارىسام، كۆزۈمگە نۇرمەمەت كۆرۈنۈپ، قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلايدۇ. ياتاققا كىردىم، ئۇنىڭ ئورۇندۇق - ساندۇقى بۇرجەكتە بويۇن قىسىپ تۇرۇپتۇ. ئۇزاق تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي، دەرھال سايمانلىرىمنى ئالدىم - دە، سىرتقا ئېتىلدىم. يولدا دەلدەڭشىگەندەك مېڭىپ ، كونا ئورنىمىزغا كېلىپ ئولتۇردۇم. يەنە كۆز ئالدىمدا نۇرمەمەتنىڭ ئىللىق سىماسى، مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئاياغ مايلاۋاتقان ھالىتى لەيلەپ يۈرەتتى...

كىملەرنىڭ ئايىغىنى مايلىدىمكىن - تاڭ... ئاياغقا كۆز يېشىمۇ تامچىلاپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ بىر نەچچىسىنى يولغا سالغاندەك قىلدىم. راست، بىرى «ھاڭۋاقتىمۇ سەن؟ خۇشياقمىسا ئۇخلىساڭ بولمامدۇ ئۆيۈڭگە كىرىپ؟...» دېگەندەكمۇ قىلدى. دېمەك، ئاياغ مايلاۋېتىپ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قېتىپ قالغان بولسام كېرەك...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بۇ يېقىملىق ئاۋازنى قاچان ئاڭلىغان بولغىيتتىم؟ راست، زىبانىڭ ئاۋازى!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!— دەرھال بېشىمنى كۆتۈرۈپ جاۋاب سالام قايتۇردۇم.

— نەچچە كۈندىن بېرى زۇكامداپ يېتىپ قالدىم. شۇڭا سىزنىمۇ ئىزدىيەلمىدىم. نۇرمەمەتنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

كۆزۈمدىن مۆلدۈرلەپ ياش قۇيۇلدى. بېشىمنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئىككى ياققا چايقىغاچ جاۋاب بەردىم:

— تۈگەپ كەتتى.

— نېمە؟!...— زىبا·چۆچۈپ كەتتى.

— ھە راست زىبا،— دېدى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قاراپ تۇرغان قىز ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ،— بۇ سەن گېپىنى قىلىپ بەرگەن ھېلىقى مايلامچى بىچارە ئوخشامدۇ؟

بۇ گەپ ئۇدۇل بېرىپ مېڭەمگە تەگدى. دېمەك، زىبا مېنى شۇنداق دەپ قاراپ، ماڭا ئىچ ئاغرىتىدۇ! ئەمما، مەنمۇ بىر ئەركەك، قىزلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشى، خەيرخاھلىقىغا موھتاج ئەمەسمەن!

— زىبا!...

بىزگە يېقىنرەك يەردىن بىرى چاقىردى. قارىسام، ناھايىتى سىمىزغىنە بىر ئادەم ماشىنىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپتۇ.

— زىبا، تېز بول، داداڭ...

— مەن ئەتىگىچە كېلەي،— دېدى زىبا. ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ دادىسى تەرەپكە كەتتى.

كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم ئىدى. كۆز ئالدىمدىن نۇرمەمەتنىڭ سىماسى كەتمەيتتى. كېچە تەڭ بولغىچە ياتاققا كىرمەي سىرتنى ئايلىنىپ يۈردۈم. ياتاقنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە قېتىم بېرىپ، يەنە ئارقىمغا قايتتىم. شۇ قەدەر قاتتىق سىقىلىپ كېتىۋاتاتتىمكى، بولۇشىغا ۋارقىراپ يىغلىۋالغۇم كېلەتتى.

ئەمدى بۇ يەردە تۇرالمايدىغاندەك قىلاتتىم، ياتاققا كىرسەممۇ، سىرتقا چىقساممۇ ھەتتا ئاياغ مايلاۋاتساممۇ نۇرمەمەتنىڭ سىماسى...

ئەتىسى سەھەردە ياتاقتىكى نەرسىلىرىمنى چىرايلىق تۈجۈپىلەپ، سىرتقا ئېلىپ چىقتىم. ئاندىن بىر تاكسىنى توسۇپ، ئۇنىڭغا سالدىم ۋە ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىغا— تەرەققىيات رايونى دېگەن يەرگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتىم. 30 مىنۇتلاردىن كېيىن، شوپۇر مەنزىلگە يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى ئېيتتى. مېنى ئادەملەر كۆپرەك ئۆتۈپ تۇرىدىغان بىر يول بويىغا چۈشۈرۈپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. شوپۇر بىر يەردە توختاپ، بۇ يەرنىڭ ئەڭ كۆجۈم ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شوپۇرنىڭ ھەققىنى بېرىپ، چۈشۈپ قالدىم. بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ باقمىغان ئىكەنمەن، شۇنچە يات، شۇنچە ناتونۇش بىلىنىۋاتاتتى. ھەرھالدا ئازراق يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم. نەرسە - كېرەكلىرىمنى پىيادىلەر يولىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇپ، يېقىندىكى بىنالاردىن بىرەر ئىجىرە ئۆي ئىزدەشكە باشلىدىم. يېنىمدا 700 كويدەك پۇل بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بېشىمنى تىققۇدەك ماكان تېپىۋالىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم...

يېقىنلا يەردىن سەل كونىراق بولسىمۇ، ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدىن بىرنى ئىجارىگە ئالدىم. بۇ تەرەپلەردە ئۇنچە قىممەت ئەمەسكەن، ئايلىقى ئۈچ يۈز كويدىن بولدى.

شۇنداق قىلىپ، مەن يەنە بىر يەردە ماكان تۇتۇپ، ھەر كۈنى كوچىغا چىقىپ مايلامچىلىق قىلىشنى باشلىدىم...

6

ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۈرۈمچىنىڭ ئۇزۇلمەي قار ياغىدىغان مەزگىلى

باشلانغانىدى. بۇنداق سوغۇق كۈنلەردە مايلامچىلىق قىلماق مۈشكۈل ئىش ئىدى. ئەمما سوغۇقتىن قورقۇپ بىكار ياتسام بولمايتتى. شۇڭا ئۈستىبېشىمغا قار ياغسىمۇ پەرۋا قىلماستىن، قۇلاقچامنى چوڭكۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئاياغ مايلايتتىم.

بىر كۈنى ياتاققا كېتىۋېتىپ، يول بويىدىكى كىچىككىنە بىر بوتكىغا «ئىجارىگە بېرىلىدۇ» دەپ خەت يېزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. «ئەگەر مۇشۇنداق بوتكىدىن بىرەرسىنى ئاياغ مايلاش دۇكىنى قىلىۋالسام، ئۆزۈممۇ، خېرىدارلىرىممۇ راھەتلىنىپ قالاتتى» دېگەنلەرنى ئويلىدىم ۋە دەرھال ياندىكى دۇكانغا كىرىپ يېزىپ قويۇلغان نومۇرغا تېلېفون قىلدىم. باھاسىمۇ ئۆزەم ئەمەسكەن. ئەتە سەھەردە كۆرۈشىدىغان بولدۇق...

شۇنداق قىلىپ بوتكىنى يېرىم يىللىق ئىجارىگە ئېلىپ، ئۈچ ئايلىق پۇلنى ئالدىن تۆلىدىم. ئەسلىدە نۇرمەمەت بىلەن بىرگە بىر دۇكان ئېچىش ئارزۇيىمىز بار ئىدى، ئەمما نېسىپ بولمىدى. شۇڭا مەن بوتكىنىڭ پېشانىسىگە «نۇرمەمەتنىڭ مايلامچىلىق دۇكىنى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئاستۇردۇم. بۇنىڭ بىلەن خۇددى دوستۇمنىڭ روھىنى ئازراق بولسىمۇ خۇش قىلغاندەك يېنىكلەپ قالدىم.

بوتكىغا كىرىدىغانلار خېلى كۆپ ئىدى. مەنمۇ سوغۇق كۆرمەي ئاياغ مايلايتتىم. كۆپىنچە خېرىدارلار مېنى «نۇرمەمەت ئۇستام» دەپ چاقىراتتى. مەنمۇ بۇنداق چاقىرىشتىن سۆيۈنەتتىم. ۋاقتىم چىقسا كىتاب ئوقۇيتتىم، ھەتتا ئۇنى-بۇنى جىجىلاپ قوياتتىم. بەزىدە كىرلەشكەن كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ، ئۇياق-بۇياقنى ئايلىنىپ كېلەتتىم. نەچچە كۈن ئىلگىرى مۇشۇ يېقىندا مايلامچىلىق قىلىدىغان بىر بالىنى كۆرۈپ قالدىم. قارىسام، ئۇ قاردا پۈكۈلۈپ ئولتۇرۇپتۇ. باشلاپ ئەكەلدىم، بوتكىدا بىرگە مايلامچىلىق قىلىدىغان بولدۇق. قادىر ئىسىملىك ناھايىتى چىچەن، يۇمۇرىستىك بۇ بالا مېنى دائىم كۈلدۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىمۇ ياتىقىمغا ئېلىپ چىقىۋالدىم. ئىككىمىز شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئۆتىمىز. سودىمىزمۇ يامان ئەمەس. ياز كەلسە، دادام ھەم سىڭىللىرىمنى ئۈرۈمچىنى تازا بىر ئويىنىتارمەن، دەپ يۈرىمەن نېسىپ بولسا...

يېقىنلا يەردىكى دۇكاندىن بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىۋاتسام، بىرىنىڭ «نىياز!» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسام، ئون نەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە مايلامچىلىق قىلىدىغان ياسىن ئىسىملىك تونۇشۇم تۇرۇپتۇ. دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئىككىمىز بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇياقتىن-بۇياقتىن خېلى كۆپ پاراڭلارنى سېلىشتۇق. بىر چاغدا ئۇ تۇيۇقسىزلا:

— ھە راست، سېنىڭ بىرەرسىگە قەرزىڭ بارمىدى؟— دېدى.

— ياق،— دېدىم ھەيران بولغاندەك.

— يېقىندىن بىرى ئۈندىدارda «نىياز ئىسىملىك بىر مايلامچى بالىدا ئېلىشىم بار ئىدى. ئۇ ھازىر يوقاپ كەتتى...» دېگەندەك مەزمۇندا بىرىنىڭ ئۈچۈرى تارقىلىپ يۈرىدۇ. ئۇ يەنە سېنىڭ ئىلگىرىكى مايلامچىلىق قىلغان ئورنۇڭنىمۇ ياخشى بىلىدىكەن.

ياسىن ئۈندىدارنى ئېچىپ، ئۇچۇرنى ماڭا كۆرسىتىپ قويدى. ئۇنىڭدا يۇقىرىقىلاردىن سىرت يەنە ئۇنى كۆرگۈچىلەرنىڭ تېلېفون قىلىپ قويۇشى سورالغان ۋە تېلېفون نومۇرىمۇ قالدۇرۇلغانىكەن.

«توغرا، زىبا... ھېلىقى ئىككى مىڭ، كېيىنكى بەش يۈز... شۇ پۇلنى ئىزدەۋېتىپتۇ-دە!» دېگەنلەر ئۆتتى كۆڭلۈمدىن ۋە ئۈندىداردىكى نومۇرنى قەغەزگە يېزىۋالدىم. ئەمما بۇ زىبانىڭ ماڭا يېزىپ بەرگەن ئىلگىرىكى نومۇرى ئەمەس ئىدى.

ياسىن بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، دەرھال ئاممىۋى تېلېفوننىڭ قېشىغا باردىم. تېلېفون ئۇلاندى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

— نىياز!— دېدى قارشى تەرەپ ھاياجان بىلەن. دېمەك ئويلىغىنىم راست چىقتى، زىبانى ئىككى يېرىم مىڭ كويىنىڭ ئۈچۈرى ھاياجانلاندۇرغاندەك قىلاتتى.

— شۇنداق،— دېدىم،— قەرزىڭىزنى بېرىۋېتەي دېگەنىدىم.

— سىز نەدە؟— دېدى زىبا گېپىمنىڭ ئايىغىنىمۇ كۈتمەي.

مەن ئېنىق ئادرېسىمنى دەپ بەردىم.

— ئەمىسە شۇ يەردە كۆرۈشەيلى، بىر سائەتكىچە بارىمەن،— دېدى ئۇ.

تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بانكىغا بېرىپ ئىككى يېرىم مىڭ كوينى ئالدىم. ئاندىن ياتاققا كىرىپ، چېچىمنى يۇيۇپ، كىيىملىرىمنى ئالماشتۇردۇم. ئەينەككە قارىسام، ئوبدانلا ئىسكەتكە كىرىپ قاپتىمەن. «ئەمدى بولدى،—

دەپ پىچىرلىدىم ئۆزۈمگە،— مەيلى قانداقلا بولسۇن، باشقىلارغا بىچارە، ئاجىز كۆرۈنمەسلىكىم كېرەك...»

كېلىشكەن ۋاقىتتىن سەل بۇرۇنراق ئاياغ مايلاش بوتكىسىنىڭ ئالدىدا يولنىڭ بويىغا چىقىپ ساقلاپ تۇردۇم. بىر چاغدا ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن بىر تاكسى بەش - ئالتە قەدەم يىراقتا بېرىپ توختىدى. ئاندىن ئىشىك ئېچىلىپ، ئاپئاق ماموق چاپان كىيىۋالغان زىبا چۈشتى. مەن چاپىنىمنىڭ يانچۇقىغا قولۇمنى تىققان هالدا قاراپ تۇراتتىم. ئۇ ئاپئاق قارغا دەسسەپ ئالدىمغا كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

ئىككىمىز قايتىدىن سالاملاشتۇق.

— ئۈرۈمچىدە باركەنسىز بولمىسا؟— دېدى زىبا بىر خىل تەمتىرىگەندەك هالەتتە.

— هەئە، بار،— دېدىم،— «بىچارە مايلامچى» ئۈرۈمچىدىن باشقا نەگە بارالايتتى...

زىبا لېۋىنى چىشلەپ قويدى.

يانچۇقۇمدىن ئىككى يېرىم مىڭ كوينى چىقىرىپ زىباغا سۇندۇم:

— سىزنىڭ مۇهىم ۋاقىتتا ياردەم قولىڭىزنى سۇنغىنىڭىز ئۈچۈن رەهمەت! كېچىكتۈرۈۋەتكىنىمنى ئەپۇ قىلغايسىز!

زىبا لۆممىدە كۆزۈمگە قارىدى. ئاندىن «نۇرمەمەتنىڭ مايلامچىلىق دوكىنى» دېگەن ۋىۋىسكىغا قارىدى ۋە كۆزى لىققىدە ياشقا تولۇپ، خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدى.

مەن پۇلنى تەڭلەپ تۇراتتىم. لېكىن ئۇ قولىنى ئۇزاتمايتتى.

— بۇ قەرزىمنى قايتۇرۇۋېتەي،— دېدىم يەنە تەكرارلاپ.

زىبا ياشقا تولغان كۆزلىرىنى كۆزلىرىمگە تىكىپ بىر هازا تۇردى. ئاندىن مەيۈسكىنە ئېغىز ئاچتى:

— سىز بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن مېهىر - مۇهەببەت، كۆيۈنۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى هەقىقىي چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم. دەسلەپكى سىزگە بولغان هېسداشلىقىم بارا - بارا يېڭىچە بىر تۇيغۇغا ئالمىشىپ باردى. ئۆزۈمنى قانچە قاچۇرسامۇ ئامالىم يوق ئىدى. سىزنىڭ دوستىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى شۇ دەرىجىدە بېغىشلىشىڭىز، سەممىيلىكىڭىز، ئەركەكلىكىڭىز مېنى چەكسىز هاياجانغا سالغانىدى. هېلىقى كۈنى دوستۇممۇ ئەمەسلا بىر گەپنى قىلىپ سالدى. قېرىشقاندەك داداممۇ شۇ يەرگە پەيدا بولۇپ قالدى. ئەمما سىزنىڭ نۇرمەمەتنى «تۇگەپ كەتتى...» دېگەن سۆزىڭىز مېنى چەكسىز لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى. شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە دېگۈدەك يىغلاپ چىقتىم. سەهەردە سىز تۇرىدىغان يەرگە كەلسەم، كۆرۈنمەيسىز. بىر كۈن دېگۈدەك سىزنى ساقلاپ تۇردۇم. ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىسىمۇ ۋاقتىم چىقسىلا سىز تۇرىدىغان يەرگە كېلەتتىم... شۇنداقتىمۇ سىزنىڭ قارىڭىزنى كۆرەلمىدىم... سىزنى خېلى كۆپ مايلامچى باللاردىن سۈرۈشتۈردۈم، ئۇلارمۇ نەچچە كۈندىن بېرى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. بەك سىقىلىپ، تېپىرلاپ كېتىۋاتاتتىم. كۆڭلۈمدە سىزنى نەگە كەتكەندۇ، نېمە بولغاندۇ؟ دېگەندىن باشقا ئوي - خىيال يوق ئىدى. ئاخىر يېڭىدىن بىر تېلېفون نومۇرى بېجىرىپ، شۇ نومۇر بىلەن سىزنى ئىزدەيدىغانلىقىم هەققىدە ئۈندىدارلاردا ئۇچۇر تارقاتتىم. «ئېلىشىم بار ئىدى» دېسەم، سىزنىڭ چوقۇم تېلېفون قايتۇرىدىغانلىقىڭىزنى، غۇرۇر مەسىلىسىگە كەلگەندە كەتكۈزۈپ قويمايدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. مانا، ئويلىغىنىمدەك بولدى. لېكىن ئۇچۇر تارقاتقىنىمغىمۇ بىرەر ئاي بولۇپ قالغاندا ئاندىن سىزنىڭ خەۋىرىڭىزنى ئالدىم...

ئارىنى سۈكۈت قاپلىدى. بىر چاغدا زىبا ماڭا كەينىنى قىلىپ يۈزىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى:

— بىلەمسىز، سىز ماڭا پۇل ئەمەس، سۆيگۈ قەرز، مۇهەببەت قەرز...

سېهىرلىنىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدىم. پۇل تەڭلەپ تۇرغان قولۇملا ئەمەس، پۈتۈن بەدىنىم بوشاپ، لەسسىدە بولۇپ كەتكەندىم.

ئۈرۈمچى زىمىستان قوينىدا سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قاردا ئىككىمىز قېتىپ تۇراتتۇق، ئۈستىبېشىمىز ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن چۆمكەلمەكتە ئىدى...

مۇهەررىرى: ئىمىرهەسەن مەخمۇت



# كېچىنىڭ گۈللۈكى

گۈلنىسا ئىمىن گۈلخان

## مەن گۈللەر بىلەن سۆزلەشمەيمەن

مەن گۈللەر بىلەن سۆزلەشمەيمەن
گۈللەرنىڭ رەڭگى رەزىلىلىككە يېقىن.
ئۇلار مېنىڭ تۇيغۇلىرىمنىڭ قاتىلى
ئازابنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىدىن.
مەن نېمىشقا خۇشال بولغۇدەكمەن،
ئەرلەر قىزىل رەڭگە خۇشتار بولغاندەك،
رەڭسىزلىككە نېمانچە ئامراقمەن،
ئۇلار شەكلى ئىنسانلىقىغا قايتقاندەك
گۈللەرنىڭ يىلتىزىدىكى پىگمېنت،
ئەسلي ئاپئاق بولۇشى كېرەك ئىدى
بىز ئۇنى رەڭدار قىپ قويدۇق.
بىراۋ بۇنى ئاسىيلىق دېدى
گۈللەر ئازابنى يوشۇرماقچى بولدۇ
بىراق ئۇ بىزگە كېرەك

بىز ئازاب ئارقىلىق ئۆزىمىزنى تاپالايمىز
قايتىشىمىزغا قايتىلايمىز

گۈللەر بىلەن سۆزلەشمەيمەن
گۈللەر قاراڭغۇلۇقنى ياقتۇرمايدۇ
رەڭگىنى كۆز ـ كۆز قىلىدۇ.
كوچىدىكى ھېلىقى ئايالدەك
ئوچۇق يوتىسى بىلەن ھەممىنى ئازدۇرماقچى بولىدۇ

## كېچىنىڭ گۈللۈكى

كېچە جىمجىت بىر گۈللۈكتۇر تەۋەيىمدىكى،
مەن ھەربىر تۈپ گۈلنى ئۇزۇم تىككەن
يوپۇرمىقىنى ئۆزۈم كەشتىلىگەن
تۈپىسىنى سېنىڭدىن ئەكەلگەن
گۈللۈككە قايتقۇچىمەن
ھەم ئۆزۈمنى تاپقۇچى
بەزىدە گۈللەرنىڭ بەرگىدە سوزۇلۇپ يېتىپ
چىشلىرىمنى غۇچۇرلاتقۇچى
باشقا ھاۋادىن ئالغان نەپەسلىرىم
مېنى رېئاكسىيە دەۋرىگە باشلاپ قويدۇ

شېئىرىيەت تۇپرىقى

مېڭە غول ھۇجەيرىلىرىمنى ئۆلتۈرۈپ
بىر تەرەپ قىلىش ساندۇقىغا تاشلاپ قويىدۇ
كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا گۈللەرنىڭ رەڭگى قانداق بولماقچى
مەن ھېس قىلىش ئۈچۈن بارماقلىرىمنىڭ ئۇچىدا
سىلاپ قويىمەن

ئەڭ ئاخىرقى قاراڭغۇلۇقنى
ئۇندىكى يېگانىلىقنى
ھېس قىلىش ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن
كېچىنىڭ گۈللۈكى
مېنى قەيەرگە تاشلايدۇ
پەقەت بىردۇر ئۇنى بىلگۈچى

## دېرىزىدىن سىرتقا قاراش

قاراڭغۇلۇق پورەكلەۋاتقان يالغۇز يولدا
بىرسىنىڭ سايىسى ماڭا ئەگىشىۋالغىلى نىكەم
ئۇ خىياللىرىمغا چېقىلماقچىمدۇ
يا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچىمۇ
مېنىڭ ئىشقىم بىلەن.
قىپيالىڭاچ تۇرغان دەرەخلەر
بەلكىم ئۇنى ئازابلاپ قويىدى
شەھۋەت دۇكانلاردا سېتىلىدۇ
باھاسى ئۆرلىگەن مال قاتارىدا
شۇنىڭ پۇرىقىنى چىشلىۋالغاندا
شۇنداق ئويغا كېلىپ قالغاندۇ
ماڭا ئەگىشىۋالغان ھېلىقى سايە.
ئىگىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانمىدۇ
ئۇنىڭ شۇ بىچارە كۆزلىرىدىن
قان تېمىپ تۇرغىنى تۇرغان.
مەن دېرىزىدىن سىرتقا قارايمەن.
ئىككىلەن يوق بولۇپ كەتتى.
قاتىللىق ئاياغلاشقانمىدۇ
ھېلىقى سايە مېنىڭ ئايىغىمغا يىقىلغانمىدۇ.
ھەممىسى نامەلۇم.
مېنىڭ دېرىزىدىن سىرتقا قارىشىم
ياكى راستتۇر ۋە ياكى يالغان.

## ئۇقۇلۇشنىڭ ھىدى

تېخى قۇرۇمىغان قاپقارا بەتلىرىمدە
غېرىبسىنماقتا ئۇقۇلۇشنىڭ ھىدى
بارماقلىرىنى نەمدەۋاتقان بىر سايە،
قاتىللىقنى تېخى باشلىمىغان ئىدى.

دېرىزە ئەينەكلىرى ۋە خىيالىمنى چېقىپلا كىرىپ
ئۆزىنىڭ كىملىكىنى قىلماقتا ئايان
يول بويىدا جىمجىت پورەكلەۋاتقان.
دەرەخكە يۆلىنىپ تۇرغان بىرى
بەلكىم ئۇ چىراغ نۇرىدۇر
لېكىن مەن ئۇنى چىراغ نۇرى دەپ ھېس قىلمىدىم.
مېنى ئۇقۇماقچى بولغان ھېلىقى سايە ئىدى.
خىيالىم قاچانلاردا پورەكلىۋالغاندۇ
جىگدە گۈلى قاچانلاردا قىزىرىۋالغاندۇ
كۈتۈش رېڭى قۇرۇمىغان بەتلەر ئىچىدە
مەن ئۇقۇلۇشنىڭ ھىدىغا قويىمەن ئىمزا.

## شامالنىڭ سۆزلىرى

سىز بىلەن ئۇزاق مۇڭداشقۇم بار ئىدى
...
بۇنى ناخشا دەپ ئويلىۋالدىم.
ئۇ يېنىمدىن ئۆتكەن شامالنىڭ سۆزلىرى بولۇشى مۇمكىن.
چاچلىرىمنى سىلىغۇسى كەلگەن
ماڭا يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگۈسى كەلگەن.

مېنىڭ جاۋابەن پىچىرلىغىنىمنى
ئۇ ئاڭلىيالمايدۇ ئەمما ھېس قىلالايدۇ
چۈنكى ئۇ شامال ئەمەسمۇ
سىزنى تېخىمۇ يالقۇنجاتسام ئىدىم دەپ
باشلىنىدۇ ئۇنىڭ سۆزلىرى
مېنى ئاپارمىغان دەريادىكى خىيالچان سۇغا
جىمجىت ئولتۇرۇپ سۆزلەپ بېرىمەن ھەممىنى .

دەرەخلەردىن، يوللاردىن
ئېچىلغان ۋە ئېچىلمىغان گۈللەردىن
ئېيتىلغان ۋە ئېيتىلمىغان ئۇنلەردىن
ئۇنىڭ سۆزلىرىنى
سۆزلىرىنىڭ ئازابلىرىنى
ئازابىنىڭ رەڭگىنى
رەڭگىنىڭ شېرىنلىكىنى
شېرىنلىكىنىڭ مېنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمەن.

## كېچىدىن قايتقۇچى

قاراڭغۇلۇقنىڭ قاناتلىرىغا ئېسىلىپ يۈرۈپ
قايتتى بىر ئادەم
قولىدا بۇلدۇقلاپ تېشىپ تۇرغان ئازاب
ۋە چېقىلىپ يۈرىكى قاناپ كەتكەن قەدەھ
ئۇ كۆكرىكىگە مۇشتلايدۇ
پېشانىسىنى تىلىدۇ
ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىدۇ
ۋە ئاستا ـ ئاستا يوقىلىدۇ تۇيغۇسىدا
كىمكىنە ئۇنىڭغا بۇنچە شېرىن ئۆلۈمنى ئاتا قىلغان؟

تۇيۇقسىز بوينۇمغا ئېسىلىپ
چاك ـ چاك بولغان باغرىنى يېيىپ
لەختە ـ لەختە بولغان تىكەن گۈللىرىدەك ئېچىلىپ كەتكەن
يۈرىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قاقاقلاپ تۇرۇپ يىغلايدۇ.
يىغىسىدىن كېچە قارىيىدۇ
كۈلكىسىدىن ئالەم تارىيىدۇ
تەسەللى بېرىش ئۈچۈن
مەن ئۇنىڭغا ئايلىنىمەن.
ئۇ ماڭا ئايلىنىدۇ
ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىپ كېچىدىن قايتىدۇ،
ئۆزۈم ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن شۇ كېچىدىن قايتقۇچىنىڭ.

## سېنى يېمەكتە قاراڭغۇلۇقىم

سىلىدىم ئۆزۈمنىڭ نەمخۇش تېنىمنى،
نە تەنكى بىر چوغ ئۇ يالىلداپ تۇرغان.
ۋە كىردىم قوينىغا قاراڭغۇلۇقنىڭ،
ئۇ بەلكىم مېنىڭدىن ئۆتە ئۇسسىغان.

بۇ كەكىدە بىر ئورمان ئىختىيارىمدا،
قوشۇلدۇم ئاتەشتەك نەپەسلىرىگە.
يىشىندىم قاتمۇ قات دەردىمنى يىرتىپ،
ئۆزۈمنى ئۇردۇم ھەم قەپەسلىرىگە.

بىز چىقىپ كېتىمىز تالاغا جىمجىت،
ئۇ مېنىڭ تېنىمدە بولىدۇ تەسلىم.
رېئاللىق ئەلەمدە سالىدۇ سۈرەن،
مەيلىلا، بۇ مېنىڭ يېيىلىش پەسلىم.

گۇناھنىڭ لېۋىدە كۆيىمەن شېرىن،
تېنىمنى يېمەكتە قاراڭغۇلۇقۇم.
كۆكسۈمنىڭ ئۇ قېنىپ سۆيگەن يېرىدىن،
پورەكلەپ ئېچىلار بىر يارا چوقۇم.

# بىر ئوت ئۈنىدۇ قەدىمىي كۆيدە

نۇرشات مەمتېلى

## بوسۇغىدىكى زاھىدنىڭ بايانى

شامال چىقمىۋاتقان ئوخشايدۇ
دەپتەرلىرىم ئېچىلىپ قاپتۇ
مارجانلىرىم چېچىلىپ قاپتۇ.

كىم ئۇ ئىشىك چەككەن ئارامىم بۇزۇپ،
كىم ئۇ؟ ئەجەب ئىش ھە كەتتىم ھودۇقۇپ.
ئاچتىم ئالدىمدا تۇراتتى ئۆزۈم
جان ئەمەس نان دەيتتى قوللىرى سوزۇپ.

شامال چېچىۋەتمىگەن بولسا، ئۆزۈمدىن كەلگەن سىرلىرىمغا ئەسرا بولالماي شەھەر ئورمانلىقىدا تەنھا كاككۇكتەك يەنە كۆرەڭ سايراپ يۈرەركەنمەن. خاتا سايراپ يۈرگىنىمنى بايقاپ نومۇستىن توختاپ قالدىم. ئەجەللىك ئاجىزلىقىم شۇدۇركى، باھار قايتا كەلسە مەن يەنە ئېزىپ سايراپ سالارمەنمۇ؟

ئەي قەلبىم چېقىلغان كۆرگۈسەن ئەسلي،
ۋەسلىمنى سۇندۇرغان ۋە يەنە چاتقان.
جىسمىمچۇ مەخلۇقتۇر مەسىھ چۆلىدە،
ئىسمىمغا ئۆزىچە بۇرچلار ئارتقان.

ئۆزۈمنى تىڭشايمەن مەينەت رەستىدە:
ھۆركىرەپ بىر يەردىن كەلمەكتە بوران،
ھەرياقتا ئەخلەتلەر ئۇچۇپ يۈرسمۇ،
قىزىلگۈل يەنىلا ئۆسمەكتە پىنھان.

تىڭىرقاپ يۈرگىنىم راستتۇر بىر قەرنە،
ئورنۇم قەيەردە، يەر ياكى ئاسمان.
بىلمىگەن ھەتتاكى بىر ئاتلىقمىنى،
بولغانمەن شۇ ئاتقا ھەلەپ ۋە سامان.

شامال توختىغاندىلا شامالنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۆلۈكلەر كوچىسىدا سۆرىلىپ يۈرگەن جەسىتىم بىر يەلنىڭ پۈۋلىشى بىلەن تىرىلگەندەك بولدى.

تۈنلەرنى ئۆزارتقان سىردىشىم ئازاب،
كۈنلەرنى قىزارتقان كۈندىشىم ئازاب.
ئادەمسىز رەستىدە ئېزىققىنىمدا،
قولۇمدىن يېتىلەپ ئەپچىققان ئازاب.

بىر قۇرت روھىمنى يېمەكتە قاساپ،
تەكتىمدىن بىر يىرىك چىقماقتا پارلاپ.
بۇ كۆللى ئالەمدە ئاتاۋەرگىنكى،
ئۆلۈمدىن باشقىسى ئازابتۇر ـ ئازاب.

مېنىڭ شېئىرلىرىم تېخى چوڭقۇرلۇققا چۆكەلمىگەن ئازابلىرىمنىڭ قەلبىمدىكى شولىسى. ئازابلىرىم ئۆلغايغانسىرى شېئىر مېنى يازىدۇ، ئۇ چاغدا مەن ئېرىپ يوقىلىپ پەقەت شېئىرلا قالىدۇ.

سۆزلەرنىڭ كانىدا مەن يالىڭاچ قول،
ھودۇقۇپ ـ تەمتىرەپ ئۆزىتىمەن قول.
بىر نومۇس ئويغىنىپ كىرىپ تۈڭلۈكتىن
چەيلەشكە كەلمەكتە ئالدىمغا ئۇدۇل.

قامچىلار تەگسىمۇ كۆرىمەن يەنە،
رەققاسلار نازلىنىپ ئوينايدۇ ئۇسسۇل.
توساتتىن خورازنىڭ ئۈنى ئىشتىلسە،
ئالدىراپ چالىلا قىلىمەن غۇسۇل.

ئەي ئۆزۈمدىن سويلاپ چىقىپ يەنە ئۆزۈمگە نەشتەر ئۇرغۇچى يىلان، سېنىڭ ئېتىمنىڭ ئوقۇرىغا ئۇۋا سالغىنىڭنى كېچىكىپ بايقىدىم، ئاھ، ئاجىزمەنكى، ئېتىم يەنە مېنى ئوقۇرغا سۆرەۋاتىدۇ.

كى بىر ئوق ساداقتىن ئېتىلىپ ئۇدۇل،
بۇ شۇبھى قاچىسىنى قىلىسكەن چۇل ـ چۇل.
ئاھ چۇراپ چېكەتسىم ئىزدەش چۆلگە،
قولۇمدا راۋابىم، ئۇستىباش جۇل ـ جۇل.

ئۆلۈم لەززەتلىرىگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈن ياشاش جەريانلىرىنى ئۆتنۈپ كەت دېسىم چوڭ سۆزلىگەن بولىمەن، لېكىن شۇنداق دېيەلەيمەنكى مەن ھامان بىر نەتىجە ئىزدىگۈچى.

## قەشقەرگە جابدۇنغۇچىنىڭ باياتى

قەشقەر تەرەپتىن شامال چىقمايدۇ،
بىر ئۈنتۈش، بىر سېغىنىش، بىر چىڭقىلىش ۋىللداپ تۇرىدۇ.

قەشقەر
ئافراسىياپ ياشىغان شەھەر،
سۇلتان ساتۇق باشلىغان شەھەر.
يۈسۈف خاس ھاجىپ، مەھمۇت كاشغەريي
نامىڭنى جاۋاب دەپ تاشلىغان شەھەر.

قەشقەر
سەن ئاتىغا ئوخشايسەن
دېڭىزغا ئوخشايسەن
قۇم دېڭىزغا
سۇكۇتتۇڭنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن
سانسىز بالاڭ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن.

مەن تېپىرلايمەن،
بوغازدىن① چاقماققا② قەدەر

كۆيۈكتاغنى③ سىزىپ چىقىمەن
توك تۈگمىنى گۆلدۈرلەيدۇ
ئۈگۈتۈمنى بىر پەستىلا ئېزىپ چىقىمەن
ئاندىن
يەنە مەندىن ئۈگۈت سورايدۇ.
مەن تىنىماي سايرايمەن
قانىتىم ئاستىدا چەكسىز ئۈزۈمزار
ئۆز خاھىشمنى پاش قىلماق بولسام
نېچۈن؟ دەپ ئېچىمدىن ئۈنىدۇ سوئال.

قەشقەر
سەن بىر مەۋسۇمدىن يەنە بىر مەۋسۇمغا
كىرىپ كېتىۋاتقان پويىزغا ئوخشايسەن
ئۆزۈڭنى توختىتالمايسەن.
سېنى سۆزلىمەك بولۇپ تىنىپ قالىمەن
سەن ھامان ئاشۇ تەرەپتە
مېنى كېلىدۇ دەپ
مېنى بىلىدۇ دەپ
تۆت پەسىل قىينايسەن
مەنمۇ بەشىنچى پەسىلنى
سەندىمكىن دەيمەن.

مەن ھامان قارايمەن ئاشۇ تەرەپكە
مەن چوقۇم ئويلايمەن ئاشۇ تەرەپكە
يازدىم
سالام خەت
توپا باسقان ياپراقلارنى سۈرتكىنىمچە.
«ساڭا كېلىش ئۈچۈن جابدۇنغان،
سېنى كۈتۈش ئۈچۈن ئۈنتۇلغان،
سېنى ئەسلەش بىلەن چۈۋۈلغان،
سېنى قۇراشتۇرۇپ قوۋۇنغان
ــ قارىچۇقلاردىن كەلدىم!»

قۇم سېغىردىن④ ئەمدى ئۆتمەيمىز،
مورتۇم⑤ ياندا، يانتۇ قارايمىز.

بەشكېرەمنىڭ⑥ سېيىغا چىقىپ
ئۈۋىسىز توشقاندەك ئېسەنگىرەيمىز.

بىر ئوت ئۈنىدۇ
قەدىمكى كۈيدە.
بىر ئوت ئۆلىدۇ
يولغا چىقمايلا.

ئۈچ مىرۋاندا⑦ ئۈچ تال تۆشۈك بار،
ئۈچ تۆشۈكتە بىرمۇ مۈشۈك يوق.
«بىر ئۈۋۈچى ئاھۇنىڭ ئىزىدىن كەتكەن»
دەپ بوغاز ۋە چاقماق ئاقىدۇ قۇرۇق.

مەن ھامان قەشقەرگە كىرىمەن،
قىرىق كىلومېتىر يولنى قىرىق يىلدا باسسامۇ،
21 ـ ئەسىردە ئۆتمۈشكە قايتسامۇ.
سەيياھەتەك ئەمەس،
نۇزۇگۇم ئۆيىگە قايتقاندەك
ياكى مەشرەپ راۋاب چاققاندەك،
سىياھەتەك ئەمەس
ئالدىنقى مىسرادەك.
ئەمەلىيەتتە
نۇزۇگۇم ئۆيىگە قايتمىغان،
مەشرەپ راۋاب چاقمىغان
مەن قىرىق كىلومېتىر يولنى قىرىق يىلدا بېسىپ
ئاشۇنداق خىيال قىلدىم.
ئاندىن كېچىدەك چاچلىرىمنى كۆز ياشلىرىمدا ھۆلدەپ، تۇزلەپ باسۇرۇپ
ئادىل تۇنىياز دېگەن يېرىم شەھەر⑧گە كىرىشكە جابدۇندۇم.

مۇھەررىرى: **مۇسا ئەھەد** (تەكلىپلىك)

⑦⑥⑤④③②①لار ئاتۇش بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى دەريا ـ تاغ، كەنت ۋە يەر ناملىرى.
⑧ئادىل تۇنىيازنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيتى»نىڭ 2011 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى «ئايرودۇرۇمنىڭ كىرىش ئىشىكى» ناملىق شېئىرىدىكى «ھىلال ئاي چىققان يېرىم قەشقەرگە» ناملىق مىسراسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# مىڭبىر كېچىدىن قايتىش

ئالىمجان ئازات

## ئازىدۇ كىملەر قاردىكى ئىزدا...

1

چوغسىمان يۇرەك
سائەت تىلىدەك
قار دۆۋىسىدە ماڭماقتا سەكرەپ.
تىترەڭگۈ لەۋدە
ئېرىمەكتە «ئۇ»
ئالقاندا ئېرىگەن قار گۈللىرىدەك.

ئاق قوۋۇقتىن ئۇزاپ ماڭغان قىز
دۆڭكۆۋرۈكتە
يىتتى ئۈن ـ تىنسىز
يىتكەن مارجاندەك.

مەن يازغان خەتلەر
سىياھسىز، رەڭسىز—
قىلىدۇ مەڭگۈگە ئۇچۇپ كەتكەندەك.

2

قىزىتار تەننى ھىجران ئازابى
كۆزدىكى بوشلۇق
قار بىلەن چەكسىز.
ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممە يۇرەكسىز.

ھارارىتى يوق
تەنىنىڭ
خىيالىنىڭ
ۋەلىكىن ئەتراپ
ئوت چەمبىرىكىدە كۆيىدۇ شەكسىز.

ئازىدۇ كىملەر
قاردىكى ئىزدا...

3

تونۇمايدۇ تاشلار ئۆزىنى
مۇز ئەكسىدە يالىڭاچ يوللار.
ئېتىۋالدى تۇنىنىڭ كۆزىنى،
چۈش باغرىغا سۇنۇلغان قوللار...
ئاپئاق ئۈمىدتىن
كۆڭۈل بەھرىگە
سەكرەپ چىقسا ھورسىمان قۇياش
سەھەرگە ئوخشاش.
بىر سۇنئىي نەپەس
كۈلۈپ تۇرۇپ ھەسەن ـ ھۈسەندەك
چېكىتلەرنى ئېتىدۇ باغاش.

4

گاھ كېلىمىز ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل،
لەپىلدىگەن قاردەك تېڭىرقاپ.
قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدە
ئالبوملاردا قالىمىز ئۇخلاپ.

چىراغ نۇرى بىر رەڭسىز دولقۇن،
دومىلايدۇ قاردا بۇ شەھەر.
ئەينەك بولۇپ قاتسا ئۈمىدلەر،
غايىب بولار دۇنيا بىر مەھەل.
سايىسىدە مۈڭلۈق كۆڭۈلنىڭ
بوزلاپ ياتار دېكابىر ئېيى.
مۇزدىن قايتقان رەڭدار خىياللار
يۇرەر سەرسان، بولمىغاچ ئۆيى...

## ئۆز چۈشىدىكى غېرىب

توسمىلارسىز كەلكۈن نە كېلۇر؟
غېرىبلىقنى بىر غېرىب بىلۇر.
چاھارباغدا ئۇنتۇلغان ئايدىڭ،
قىسسىلەردە تىرىلىپ كېلۇر...

كۈيلىرىدىن مۇڭ يۇتكەن بۇلبۇل،
كەتكەن ئىمىش تاشقا ئايلىنىپ.
جۇدالىقنىڭ غايىب بېغىدا،
ئېقىن كەبى ئاقارمىش غېرىب.

تال ـ تال نۇرغا دەستە ـ دەستە گۈل
تۇتۇلارمۇ كۆڭۈل سىرىدەك.
پىراق ئوتى ئۆچكەن جىلغىدا
يۇرەر ئىكەن ئازغان بىرىدەك...

قۇببىلەردە ئۆكسۈيدۇ ۋاقىت،
چۈشىنەلمەي ئاشىق دەردىنى.
يالغۇز دۇنيا،
تەنھا جىمجىتلىق،
تۇنۇگۈنكى سەنەملەر قېنى؟

پەسىللەرگە ئۇۋۇلانغان تارىخ
مەسۇم قىزدەك تۇرار خىيالچان.
تۈگەرمىكىن غېرىبىنىڭ چۈشى،
غېرىبلىقتىن بەزگەندە زامان...

## مۇڭلۇق كېچىدىن قايتىش

شەھرىزاتنىڭ ياستۇقى
ئۇچتى
ئايلىنىپ بىر
قاناتلىق ئايغا...
ئۇچار گىلەم،
بەخت ئۆتكۈرى،
ساختىلىقتا تولغان كېچىنى
كۆمەر بۇندا پىنھان بىر جايغا...
كىرپىكلەردە چۆچۈگەن سىرلار
تۆكۈلىدۇ سىرلىق قاپاققا.
ئايىغى يوق نامىسىز سەپەردىن
بىز خالىغان مۇڭلۇق خەتەردىن
كېتىپ قالدى
دۇنيا قاياققا؟

ئەپسانىدىن چىقتىم ئۆمىلەپ،
ئەرەب قىزنى ئۇخلاپ قالدى دەپ.
باغراشتىكى چۆچەكچى بوۋاي
يۇرۇپتۇدەك قۇياشنى ئىزدەپ.
تىنىقلاردىن تارىغان ئەپسۇن
خەرىتىدىن ئۆچۈپتۇ شامدەك.
مامكاپتەك توزۇغان ۋۇجۇد
كېلەر بۇندا
تويى بولغاندەك...

مۇڭلۇق كېچە،
ئۇيقۇسىز كېچە،
تەكچىلەردىن ئۆتەر شىۋىرلاپ.
قېنى مېنىڭ يورۇق يۇلتۇزۇم؟
قايسى تۈندە يۈرەر جىمىرلاپ؟
گۈلشەنلەردىن ئىزدىمەيمەن سىر،
يۈرىكىمدە كېچە پەقەت بىر.
ساناقلاردا قالدى ئۈزۈنىپ
مەن سۆيۈلگەن كېچىلەر بىر-بىر...

## غەلىتىلىكتىن قېچىش

تامچىلىدىم يامغۇر بىلەن تەڭ
چۆنەكلەردە قالدى ئاۋازىم.
ئۇخلاي دېسەم ئەمدى پۇرسەت يوق،
ئەركەك سۇدەك ئېقىشىم لازىم.

مەن تاغلاردىن چۈشىمىدىم لەيلەپ،
تاغلار ماڭا قەرزدار لېكىن.
دەيمەن ئەگەر سۇنسا قانىتىم،
گۈل لېۋىگە قوندۇرامدىكىن...

سەرگەردان تۈن
سىرلىق بىر كىتاب
ۋاراقلىنار ئۇندا ھەربىر كۈن.
سەپەردىكى خانلەيلۇن كۆيى
ئاھاڭدىن چەتنىدى بۈگۈن.
غەلىتىمەن،
غەلىتە ھەممە،
غەلىتىدىن كۆپەيدى تۈگۈن...

*　*　*

قاچماقتا تاغ
قاچماقتا خىيال
ئەينەكتىكى ئۆزىدىن ئۈركۈپ.

*　*　*

ئەپسانىگە كۆمۈلگەن شەھەر
تۆت كوچىدا ئۆچتى يۇلتۇزدەك.
ناپاك ھەۋەس يۈرىدۇ تېنەپ،
يېرىقلاردا كېچىنى سۆرەپ.

غەلىتىدىن غەلىتە سوئال
يامرىماقتا كىرسىز دىللارغا.
تونۇشمايدۇ گىرىمسەن يوللار،
كېتەر شۇڭغۇپ ئازغۇن يىللارغا...

*　*　*

باھارىمدا دەيتتىم ئېچىلسام
توزۇماس بىر ئەتىرگۈل بولۇپ.
ياۋا ئوتتەك ئۈندۈم قىيادا،
يىلتىزىمدا چىرىگەن قۇلۇپ.

قاچار ئېسىم
قاچار ۋۇجۇدۇم،
تۈتەكلەردە بوغۇق ئاۋازىم.
بىر ئەقدە پارلىغان كۆككە،
سۇزۇك سۇدەك قىلىمەن تەزىم.
نۇرسىز كوچا
مۇزدەك سەھەردە،
كەلمىشىمنى قىلىمەن خىيال.
بوسۇغامدا يالىڭاچ ئەكسىم
تۇرار ساقلاپ مېنى ئېھتىمال...

**مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت**



# مانا بۇ — مۇتەللىپ سىيىت

(ئەدەبىي خاتىرە)

**تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەشكىللىگەن، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز ئىزلارنى قالدۇرغان «شېئىرىيەت كارۋىنى» قەدىمىي شەھەر قەشقەردىكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەكىت ناھىيەسىگە يېتىپ كەلگەن كۈن. ئۇزاقتىن بۇيان مۇبارەك نامىنى قەلب تۆرىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك شائىر، قەدىرلىك ئەدىبلەر بىلەن دىدار كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئاۋازى بىلەن دېكلاماتسىيە قىلغان شېئىرلىرىنى بىۋاستە ئاڭلاش شەرىپىگە ئېرىشكىنىدىن چەكسىز شادلانغان سەنئەتخۇمار دولان خەلقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان ئەپەندىنىڭ پائالىيەت باشلاش نۇتقى تۈگىشى بىلەنلا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، ئۆزلىرىنىڭ سەمىمىي ھۆرمىتى مۇجەسسەملەنگەن كۆركەم بىر دەستە گۈلنى گۈلدەك ئوماق پىيونېر قىزنىڭ قولى بىلەن تەقدىم قىلغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى رەئىس ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان ئەپەندى پائالىيەت ئاخىرىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، — دولان خەلقىنىڭ ھۆرمىتى مۇجەسسەملەنگەن بۇ بىر دەستە گۈلنى، مەن دولان دىيارىدىكى قابىل ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتچىسى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مەدەنىيەتكە، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئەتكە بېغىشلاپ، مۇشۇ يولدا ھارماي-تالماي قان-تەر تۆكۈپ كەلگەن، بىزگە ئەڭ كېرەكلىك بولغان بىر ئادەمگە تەقدىم قىلىمەن!

ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان ئەپەندى كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، شالاڭراق كەلگەن چاچلىرىنى رەتلىك تارىۋالغان، تېخى قورۇق چۈشمىگەن

ئەدىبلەر تەتقىقاتى

يۇزلىرىدىن قان تەپچىپ تۇرىدىغان، سىپمىز، دوغىلاققىنا كەلگەن بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە گۈلنى ئىككى قوللاپ ئۇنىڭغا سۇندى.

مانا بۇ مۇتەللىپ سىپىت ئىدى.

«ئادەمنىڭ جىسمى بىر، لېكىن مەنىۋىيىتى مىڭ بولىدۇ.» بۇنى كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، گەرچە ھەربىر ئادەمنىڭ جىسمى فىزىيولوگىيەلىك نۇقتىدا ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مەنىۋىيىتىدە ئاسمان - زېمىن پەرقلەر بولىدۇ. جۈملىدىن ئادەمنىڭ ئادەملىك قىممىتى ئۇنىڭ جىسمىدا ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ، مىڭ خىل جۇلالاپ تۇرىدىغان مەنىۋىيىتىدە بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ مەنىۋىيىتى بىر خىللا مېۋە ئەھيا قىلىنغان باغقا ئوخشىسا، بەزىلەرنىڭ ھەممە مېۋە تېپىلىدىغان خىسلەتلىك باغقا ئوخشايدۇ. مېۋىلىك باغلار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھەممە مېۋە تېپىلىدىغان خىسلەتلىك باغ كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. ناۋادا ئوخشىتىشقا توغرا كەلسە، مۇتەللىپ سىپىت بۈگۈنكى رېئاللىقتا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان ئاشۇ خىسلەتلىك باغقا ئوخشايتتى.

## تىنىمسىز تىرىشقان مۇتەللىپ سىپىت

تىرىشىش ــ بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، گېزىت - ژۇرنال، رادىيو - تېلېۋىزىيەلەردىمۇ دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان تونۇش سۆز. ئەمما ئەمەلىيەتتە تىرىشىشنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىشقا ئاشۇرالىغان ئادەملەر ئانچە كۆپ ئەمەس. «تىرىشچان ئادەملەر ھامان تېپىلىدۇ» دېگەن تەقدىردىمۇ، مۇتەللىپ سىپىتكە ئوخشاش بالىلىقىدىن باشلاپلا ئۆگىنىش، خىزمەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، يېزىقچىلىق... قاتارلىق كۆپلىگەن ساھە - كەسىپلەرنىڭ ھەممىسىدە باشتىن - ئاياغ تىرىشىپ، كۆزگە كۆرۈنگىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ.



مۇتەللىپ سىپىت 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مەكىت ناھىيەسىنىڭ غازكۆل يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان بولۇپ، ئۇنىڭ بالىلىق ھاياتى مۇقامشۇناس، شائىرە ئامانىساخانىنىڭ تەۋەررۇك ئاياغ ئىزلىرى قالغان، غۇبارسىز ئوتلۇق نەپەسلىرى سىڭگەن ئاشۇ پاك زېمىندا ئۆتكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 1955 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەنچە يىلمۇ يىل ئۆرلەپ ئوقۇپ، 1968 - يىلى قەشقەر پىداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ 1970 - يىلغىچە مەكىت چاسا دېھقانچىلىق مەيدانىدا شۇ چاغدىكى سىياسەت بويىچە «قايتا تەربىيە» ئالغان. بۇ يەرگە قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، چاسا دېھقانچىلىق مەيدانى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى چوڭ مەيدان بولۇپ، بۇ مەيدانغا ئەينى چاغدا بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئابدۇكېرىم نەسىردىن، ئارسلان، ئابدۇۋەلى ئەلى... قاتارلىق داڭلىق زىيالىيلار توپلاشقان. بۇ پايدىلىق پۇرسەت مۇتەللىپ سىپىتنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىقچىلىق قىلغان كېيىنكى كۈنلىرىدىكى مول مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن بىر خىل ئاساس بولۇپ قالغان.

1970 - يىلى مۇتەللىپ سىپىت تەشكىلنىڭ تەقسىماتى بويىچە مەكىت ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ

ئىشلىگەن. 1974 - يىلى تەشكىل ئۇنىڭ خىزمەتتىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتۇپ، ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكەپ ئەپچىقىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلغان. ئۇ چاغلاردا مەدەنىيەت ئىدارىلىرى تېخى تەسىس قىلىنمىغان بولۇپ، مەدەنىيەت خىزمەتلىرىنى ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتلىرى ناھىيە بازىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا قانات يايدۇرسا، كەڭ يېزىلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەتلىرىگە ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى مەكتەپلەر خىزمىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا يېتەكچىلىك قىلاتتى. 1982 - يىلى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى قۇرۇلغاندا، تەشكىل مۇتەللىپ سېيىتنى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان بۇ ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇتەللىپ سېيىت تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھاردىم - تالدىم دېمەي تىنىمسىز تىرىشىپ، مەكىت ناھىيەسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مەدەنىيەتتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ناھىيە بولالىشىغا مول تۆھپىلەرنى قوشتى.

مەكىت ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭلا ئەمەس، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ غۇلجا، قەشقەر ۋە ئۈرۈمچىلەردە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئىشلەيدىغان زىيالىيلارغىمۇ ئايان بولغىنىدەك، تالانتلىق پېشۋا يازغۇچىمىز مەرھۇم زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى» قاتارلىق بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلىرى، مەيلى يېزا تېمىسىغا مەنسۇپ ئەسەرلەردە بولسۇن، مەيلى دولان تېمىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بولسۇن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. زوردۇن سابىر مەكىتتىكى كۈنلىرىدە يازغان «دولان ياشلىرى» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنىڭ خەنزۇچىغىلا ئەمەس، نېمىس، ياپون تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى ئاشۇ نۇقتىنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. زوردۇن سابىر ھەر قېتىم مەكىتكە كەلگىنىدە، شۇ كۈندىن باشلاپلا تاكى قايتىپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، ياتاقتا، تاماقتا، يولدا، ئۆيدە، كوچىدا... ئىزچىل بىرگە بولۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالغان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خىزمىتىنى قىلىپ، مەرھۇمنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئادەم مۇتەللىپ سېيىت ئىدى.

مۇتەللىپ سېيىت زوردۇن سابىردەك تالانت ئىگىلىرىنىڭ قەدرىنى بىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ تالانتىدىن، جۈملىدىن كەسپىي بىلىملىرىدىن قانداق پايدىلىنىشنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. زوردۇن سابىر مەكىتكە تۇنجى قەدەم باسقان 1979 - يىلىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، مۇتەللىپ سېيىت ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەمئىي ئۈچ قېتىم ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى ئېچىپ، زوردۇن سابىرنىڭ ھەم ئەمەلىيەتكە يېقىن، ھەم قىزىقارلىق لېكسىيەلىرى ئارقىلىق مەكىتتىكى ھەۋەسكارلارنىڭ قەلبىگە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇرۇقلىرىنى چاچقان. كېيىنكى كۈنلەردە زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ يىرىك ئىجادىيەتلىرى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ مەكىتكە كېلىشكە ۋاقىت چىقىرالمىغاندا، مۇتەللىپ سېيىت مۇھەممەدئەلى زۇنۇن تەشنائى، ھاجى ئەخمەد كۆلتېگىن، تاھىر تالىپ بەكتۇر، تۇرسۇن نىياز، ئۇچقۇنجان ئۆمەر قاتارلىق قەشقەردىكى قەلىمى پىشقان، كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى - شائىرلارنى تەكلىپ قىلىپ، گاھىدا ناھىيە مەركىزىدە، گاھىدا يېزىلاردا ئەدەبىياتنىڭ ھەرخىل ژانىرلىرى بويىچە «ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قىسقا تەربىيەلەش كۇرسى»لىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. بۇ خىلدىكى كۇرسلارنىڭ قېتىم سانى ئاز دېگەندىمۇ 10 قېتىمدىن ئاشىدۇ. ھەتتا 2014 - يىلى يازدا شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن دولان قەلەمكەشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى نامىدا ئۈرۈمچىدىكى جەنۇبىي تاغدا(نەنسەن) ئېچىلغان «دولان قەلەمكەشلىرىنى قىسقا تەربىيەلەش كۇرسى» داۋامىدىمۇ گەرچە كۇرسىنىڭ ئورنى، ياتاق، لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق كونتېرتىپلەرنى يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، يولغا چىقىشتىن تارتىپ كۇرسنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق كونكرېت تەشكىللەش ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىغا مۇتەللىپ سېيىت مەسئۇل بولغانىدى.

مۇتەللىپ سېيىتنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ھارماي - تالماي تىرىشىش روھى گەرچە ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆمۈر مۇساپىسىدە چاقناپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئارامغا چىققاندىن كېيىنمۇ بىر تەرەپتىن تۇنىنى تاڭغا ئۇلاپ كېچە - كېچىلەپ ئەسەر يازسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۈندۈزلىرى «دولان مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرلىك ئىشلىرى ۋە ئاشۇ ژۇرنال بىلەن «دولان قەلەمكەشلىرى جەمئىيىتى»نىڭ پائالىيەتلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش يولىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىشلىرىدە تېخىمۇ بەكرەك

گەۋدىلىنىدۇ. ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا جىددىي خاراكتېرلىك ۋابا (تومۇر) ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان مۇتەللىپ سىيىت، قەشقەر، ئۈرۈمچىلەردە داۋالانغاندىن باشقا، لوياڭ شەھىرىدىكى مەخسۇس قان تومۇر كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا بېرىپ داۋالانغاندىن كېيىن، كېسەلنىڭ جىددىيلىك خاراكتېرىدە بىر ئاز ياخشىلىنىش بولۇپ، ئاغرىش ئالامەتلىرى پەسەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئازراق يول ماڭسىلا پۇتى يەنە ئىششىپ ئېسىلىپ ئاغرىيتتى. ئۈستىگە قايتالمىغان قاننى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەر ئاخشىمى پاقالچەك ئاستىغا جۈپلەپ ياستۇقلارنى قويۇشقا، مۇمكىن بولسا ئۈۋۈلاپ تومۇرلارنى يۇمشىتىشقا توغرا كېلەتتى. ئاشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇ كۈندۈزلىرى ئىدارە، ژورنال، قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ تۈگىمەس ئىشلىرى ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي يول ماڭسا، كېچىلىرى پەرزەنتلىرى نۆۋەت بىلەن پۇتىنى تۇتۇپ، ئاغرىق ئازابى سەل يەڭگىللىگەندىن كېيىن، يەنە قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ «دولان مەدەنىيىتى» ۋە باشقا ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى، نەشرىياتقا تاپشۇرغان نەچچە پارچە رومانى ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا يېزىلغان.

قىسقىسى، مۇتەللىپ سىيىتنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ئەل ـ يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا تىنىمسىز تىرىشقان شانلىق ھايات دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

## تەشكىلاتچى مۇتەللىپ سىيىت

ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ھېچقاچان تەشكىللەشتىن ئايرىلالمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر يېزا ياكى بىر ناھىيەنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ قانداقلىقى، شۇ جايدىكى كەسپىي ئورۇن، كەسپىي خادىملارنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارىغا باغلىق بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، مۇتەللىپ سىيىتنى ھەقىقەتەن ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان قابىل تەشكىللىگۈچى دېيىشكە بولىدۇ. دەل ئاشۇ قابىل تەشكىللىگۈچى بولغانلىقتىن، ئالدىنقى بەتلەردە تىلغا ئېلىنغان 10 قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى ھەممىدە تىلغا ئېلىشقا ئۇلگۇرمىگەن كۆپ قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئىزچىل داۋاملاشتى. «تۇمەنتال چېچەكلىرى» نامىدا نەشر قىلىنغان ئەدەبىي ژۇرنال، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرى نەشر قىلدۇرغان بىردىنبىر ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن، تۇمەنتال يېزىسىغا مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى «شېئىرىيەت ماكانى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىلا ئەمەس، ھەتتا مەملىكەتنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىمۇ مەكىت دېھقان رەسساملىرىنىڭ ئەسەرلىرى كۆپلەپ كۆرگەزمىگە قويۇلۇشى بىلەن بىرگە، دېھقان رەسساملار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان قۇمقىسار يېزىسىغا مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى «دېھقان رەسساملار ماكانى» دەپ نام بەرسە، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرخىل ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە تونۇلۇپ كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغاندىن باشقا، پارىژ، توكيو، لوندون، ئامستېردام... قاتارلىق دۇنياۋى چوڭ شەھەرلەرنىڭ سەھنىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن دولان مۇقامچىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، يانتاق يېزىسىغا «مەشرەپ ماكانى»، «دولان مۇقامى ماكانى» دەپ نام بېرىلدى. ئاشۇ شەرەپلىك ناملارغا نائىل بولغان يۇرتلاردىكى ئاۋام خەلقە، شۇنداقلا ناھىيە، ۋىلايەت، ھەتتا ئاپتونوم رايوندىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي خادىملارغا ئايانكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئەدەبىي ئىجادىيەت، دېھقان رەسساملار، مۇقام ـ مەشرەپ، شۇنداقلا كەسپىي سەنئەتكە دائىر پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە، مۇتەللىپ سىيىتنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسى بار ئەلۋەتتە. تېخىمۇ كونكرېتراق ئېيتقاندا، ئاشۇ پائالىيەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەينى يىللاردا مۇتەللىپ سىيىتنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى تەشكىلاتچىلىقى ئارقىلىق روياپقا چىققان.

بۇ يەردە كىچىككىنە بىر ئەمەلىي مىسالنى تىلغا ئېلىپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس:

1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، ياكى 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى مەكىت ناھىيەسىدە ئېچىلىپ، يىغىن مەزگىلىدىكى كەچلىك ئاممىۋى مەشرەپكە مۇتەللىپ سىيىت رىياسەتچىلىك قىلغانىدى. ئۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق تاماشىبىن يىغىلغان مەيداندا،

مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ، ئادەتلىنىپ قالغىنى بويىچە يۇقىرى ئاۋازدا گەپ باشلىدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سەنئەتخۇمار قېرىنداشلار! ئەزىز دولان دىيارىمىزدا ئېچىلىدىغان ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، بۈگۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىن، قەشقەر ۋىلايىتىدىن، ھەمدە ھەرقايسى ناھىيەلەردىن قەدىرلىك رەھبەرلەر ۋە كەسىپداشلار يېتىپ كەلدى. مەن دولان دىيارىدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن، ئەزىز مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن! قېنى، چاۋاك!!!

ئاشۇ «چاۋاك» دېگەن ئاجايىپ ئۇرغۇلۇق، جاراڭلىق سۆزنىڭ ياڭرىشى بىلەن تەڭ، كەچلىك مەشرەپ سورۇنى قىلىپ تەييارلانغان تەنتەربىيە مەيدانىغا ئورنىتىلغان زۇۋۇك(يۇقىرى بېسىملىق كارناي) تاراڭلاپ يەرگە دومىلاپ چۈشتى. ئىختىيارسىز كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ساداسى بىلەن نەچچە مىڭ جۈپ قولدىن چىقىۋاتقان چاۋاك ساداسى بىرلىشىپ، مەيدان گويا شادلىق دېڭىزىغا ئايلاندى.

مەيلى ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى بولسۇن، مەيلى ھېيت-بايراملاردىكى ئاممىۋى تەبرىكلەش يىغىلىشلىرى بولسۇن، ۋە مەيلى ئەدەبىيات-سەنئەت كېچىلىكلىرى ۋە باشقا ھەرقانداق پائالىيەت بولسۇن، رىياسەتچىنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. ھالبۇكى، تېخى ھېچقانداق بىر رىياسەتچىنىڭ نەچچە مېتىر ئېگىزلىككە ئورنىتىلغان زۇۋۇكنى قولىدىكى مىكروفونغا سۆزلەش ئارقىلىق ئۆرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن-ئاڭلىغان ئادەم يوق. مۇتەللىپ سېيىت تېخى ھېچقانداق يەردە تەسىس قىلىنمىغان ئاشۇنداق بىر تۈردە تۇنجى رېكورتنى ياراتقانىدى.

1998-يىلى 8-ئايدا، تالانتلىق پېشىۋا يازغۇچىمىز زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ 60 ياشقا تولغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «زوردۇن سابىر ئەدەبىي ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» دىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغانراق بىر ئىش بولغانىدى. پائالىيەتنىڭ ئەركىن-ئازادە كەيپىيات ئىچىدە داۋاملىشىشى ئۈچۈن، تەشكىللىگۈچىلەر ئۇنى بىر رېستورانغا ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. پائالىيەت داۋاملىشىپ مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە، شەخسىي پاراڭلار بىر ئاز ئاۋۇپ قالدى. بۇنىڭدىن ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇرغىنىمىزدا، رىياسەتچى دولان قەلەمكەشلىرى ۋەكىلىنى سۆزگە تەكلىپ قىلىپ قالدى. مەكىت دولان قەلەمكەشلىرىگە ۋاكالىتەن بىز مۇتەللىپ سېيىت، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس، مۇساجان يۇنۇس ۋە قەلبىنۇر تۇرغۇن قاتارلىقلار بارغان بولۇپ، بىزگە ۋاكالىتەن مۇتەللىپ سېيىت سۆزگە چىقماقچى ئىدى.

— بەزىلەر مۆگدەپ قالدى، بۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بىر ئېچىپ قوياي! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ رەئىس سەھنىسىگە كېتىۋېتىپ.

دېگەندەك، سەھنىگە چىقىپلا ھېلىقى يۇقىرى ئاۋازدا ئۆزىگە خاس بولغان ئۇسلۇبتا، دولان قەلەمكەشلىرى نامىدىن زوردۇن سابىر ئاكىغا يېزىلغان خەتنى ئوقۇشقا باشلىۋىدى، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئىختىيارسىز دىققەت-ئېتىبارىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ، رېستوران ئىچى تىمتاسلىققا چۆكتى. «ھەممە ئىشنى موللا بىلەر، موللا قوپۇپ كۆلگە سىيەر» دېگەندەك ئىشلار بولۇۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، زوردۇن سابىر ئاكىنىڭ تىلى بىلەن دىلىنى بىردەك قىلىپ، بارلىقىنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بېغىشلاۋاتقان ئېسىل روھى تىلغا ئېلىنغاندا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىمۇ «راست شۇنداق...» دېيىشىپ، ئىختىيارسىز باش لىڭشىتىشقان ئىدى.

1996-يىلى دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلىدىغان «10 مىڭ چاقىرىملىق مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى» ئۈچۈن مەكىت ناھىيەسىنى نەق مەيدان كۆرۈش نۇقتىسى قىلىپ تاللىدى. ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوندىن ھالقىپ، مەملىكەت بويىچە ئاممىۋى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى موتەخەسسىس، رەھبەرلەر ۋە كۆپلىگەن كەسپىي خادىملار ئىشتىراك قىلىدىغان بۇ يىغىننى ياخشى ئېچىش، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان مۇھىم ئىشقا ئايلانغانىدى. ناھىيە رەھبەرلىرى گەرچە يىغىن ئەھلىنى كۈتۈۋېلىش تەرەپلەردىكى ئىشلاردىن ئانچە غەم قىلمىسىمۇ، لېكىن كەسپىي ئىشلاردا مۇتەخەسسىسلەر ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان ئىشلارنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن يىغىن ئەھلىگە بېرىلىدىغان دوكلاتنى ئەستايىدىل، ئەتراپلىق تەييارلاشقا توغرا كەلسە، ئىككىنچىدىن كۆرستىلىدىغان نەق مەيدان نۇقتىلىرىدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەتكە دائىر پائالىيەتلەر جانلىق، قىزىقارلىق بولۇشى كېرەك ئىدى. مۇشۇلارنى كۆزدە تۇتۇپ،

ناھىيە رەھبەرلىرى ئاۋۋال تەييارلىق يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىگە پىششىق بولغان مۇتەللىپ سېيىتمۇ قاتناشقانىدى. پىكىر قىلىش نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئۆزىدەك چوڭقۇر چۈشىنىپ كەتمەيدىغان رەھبەرلەر ئالدىدا تەمتىرەپ ئولتۇرماستىن، ئۇزاق يىللىق مول ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، يىغىن ئەھلىگە يېتىپ كەلگەندە ئاۋۋال 5000 كىشىلىك كاتتا مەشرەپ كېچىلىكى ئۆيۈشتۇرۇپ، ماددىي جەھەتتىكى كۆتۈرۈلۈش بىلەن مەنىۋى جەھەتتىكى كۆتۈرۈلۈشنى بىرلەشتۈرۈش؛ ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا گۈزەل سەنئەت، جۈملىدىن خەتتاتلىق، فوتو سۈرەت، مەدەنىيەت يادىكارلىق قاتارلىق كۆرگەزمىلەرنى ئېچىش؛ يانتاق يېزىسىدا ئوغلاق تارتىش، بۇقا سوقۇشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق يەرلىك پائالىيەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، چوڭ ھەجىمدە دولان مەشرىپى ئۆتكۈزۈش؛ غازكۆل يېزىسىدا ئۆسمۈر ئامانىساخاننىڭ ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان كۆرگەزمە ئېچىش؛ قۇمقىسار يېزىسىدا دېھقان رەسساملار ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىش... قاتارلىق تەكلىپلەرنى بەردى. تەكلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئەمەلىي تەييارلىق خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىنمۇ ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن بارلىق نەق مەيدان كۆرۈش نۇقتىلىرىنى كۈندە دېگۈدەك تەكشۈرۈپ، ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلدى. بەزىدە ھەتتا ناھىيە رەھبەرلىرى چۈشىنىپ كېتەلمىگەن نۇقتىلارنى ئۆزى بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇپ ماڭدى. قىسمەن ناھىيە رەھبەرلىرى ئۇنىڭ بۇ دادىللىقىنى تازا ياقتۇرۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، «10 مىڭ چاقىرىملىق مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى»نىڭ مەكىت نەق مەيدان يىغىنى ئاخىرلىشىپ خۇلاسە قىلىنغاندا، يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبەرلەرنىڭ مەكىتنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىگە بەرگەن يۇقىرى باھاسىنى ئاڭلاپ، ئاندىن رازى بولۇشتى.



مۇتەللىپ سېيىتنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارى ئاممىۋى خاراكتېرلىك چوڭ-چوڭ پائالىيەتلەردىن باشقا يەنە، كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇش، قەلەم ساھىبلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ مەخسۇس تېمىدىكى كىتاب-مەجمۇئەلەرنى تۈزۈش ۋە نەشر قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. 1990-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى مەكىت دېھقان رەسساملار ئەسەرلىرى ئۈرۈمچىدە كۆرگەزمە قىلىنغاندىن كېيىن، مۇتەللىپ سېيىت «قايتا تەربىيە ئېلىش» مەزگىلىدە تونۇشقان دوستى، داڭلىق رەسسام ئابدۇكېرىم نەسرىدىننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭ ئالاقىلىشىپ بېرىشى ئارقىسىدا، كۆرگەزمىنىڭ داۋامىنى پايتەخت بېيجىڭدا ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئەمما «دېمەك ئاسان، قىلماق تەس» دېگەندەك، كۆرگەزمە ئورنى، ۋاقىت، كېتەرلىك راسخوت ۋە قاتنىشىدىغان ئادەم قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەر ئۇنىڭ ھەل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. مۇتەللىپ سېيىت ساناپ بولماس كوچىلىرى ناتونۇش بولغان بېيجىڭ شەھىرىدە، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تۇرالغۇسى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى، مىللەتلەر نەشرىياتى، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى... قاتارلىق ئورۇنلارغا بىر-بىرلەپ بېرىپ ئالاقىدار رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ قوللىشى نەتىجىسىدە ئاخىرى كۆرگەزمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى ئاق كۆڭۈل، ئاددىي دېھقان رەسساملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى مەملىكەت ئىچىگە تونۇشتۇردى. ئاشۇ ئاساستا دېھقان رەسساملار ئەسەرلىرى كېيىن سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن تېخىمۇ تولۇقلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون، سان فرانسىسكو، نيۇيورك، داللاس، ئاتلانتا قاتارلىق سەككىز چوڭ شەھىرىدە كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، چەت ئەللىك دوستلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى. گەرچە ئامېرىكىدىكى بۇ كۆرگەزمىگە مۇتەللىپ سېيىت بارمىغان بولسىمۇ،

لېكىن ئۇرۇمچى ۋە بېيجىڭدىكى كۆرگەزمىلەرنىڭ ئاشۇ خەلقئارالىق كۆرگەزمە ئۇچۇن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانلىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئادەمدىكى ئىقتىدار ئاسان يېتىلمىگەنگە ئوخشاش، مىڭ تەستە يېتىلىپ ۋۇجۇدقا ئورنىشىپ بولغاندىن كېيىن ئاسانلىقچە يوقاپ كەتمەيدۇ. مۇتەللىپ سېيىت ئارامغا چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆزى بىر ئۆمۈر ئىشلەپ كەلگەن ئاممىۋى مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن سۆيۈپ، «دولان قەلەمكەشلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ھەر يىلى 21-مارتتا كېلىدىغان ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمى قاتارلىق خاسىيەتلىك كۈنلەردە كەڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى تەشكىللەپ، بەزىدە مۇشائىرە كېچىلىكلىرىنى ئۆتكۈزسە، بەزىدە مۇكاپاتلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، مەدەنىي ھاياتنى جانلاندۇردى. بۇلاردىن باشقا «دولان قەلەمكەشلىرى ئىلمىي جەمئىيتى» نامىدىن ھەر يىلى بىر ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ھاياتى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، 2012-يىلدىن 2014-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، مۇساجان يۇنۇس، ئادىل ئابدۇرېھىم چوڭقۇرچاق، قادىر پاراڭ قاتارلىق دولان دىيارىدىكى تۆھپىكار ئاپتورلارغا تون كىيگۈزدى.

شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئەسلىدە مۇتەللىپ سېيىتكە ئوخشاش ئەل-يۇرتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا تىنىمسىز تىرىشقان قابىل تۆھپىكارلارغا تون كىيدۈرۈش، ھاياتلىقىدا ئۇلارنىڭ قەدرىنى قىلىش تولىمۇ ئەرزىيدىغان ئىش ئىدى. بۇنى ھېس قىلىپ يەتكەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى يېڭى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىلا مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ئادالەت ئابلىز خانىمنى مەكىتكە ئەۋەتىپ ئالاقىلاشقاندا، ئايرىم رەھبەرلەرنىڭ قوشۇلماسلىقى سەۋەبلىك، خاسىيەتلىك بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماي قالغاندى...

## يازغۇچى مۇتەللىپ سېيىت

ئالدىنقى بەتلەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەندەك، مۇتەللىپ سېيىت گەرچە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن ئۇزۇنغا قالمايلا تەشكىل ئۇنىڭ زىممىسىگە مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىق مەسئۇلىيىتىنى يۈكلىگەچكە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى مول، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، نەزەرىيەۋى تەلىپى كۈچلۈك خىزمەت بولغاچقا، ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى خىزمەتكە، جۈملىدىن ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتىدىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى تەشكىللەشكە قارىتىپ، ئۆزى ئەسەر يېزىشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. شۇڭا ئارامغا چىققۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېكايىلەر توپلىمى «مۇڭگۈزدىكى ئاممەت» بىلەن ئۇزۇن يىللىق ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى ئەمەلىيىتىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن يازغان «ئاممىۋى مەدەنىيەت» ماۋزۇلۇق ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇرۇپ، بۇ جەھەتتىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

خەلق ئارىسىدا «قازىنىڭدا نېمە بولسا، چۆمۈچۈڭگە شۇ چىقار» دەيدىغا گەپ بار. بىر ئادەم جاپالىق ئۆگىنىش ئارقىلىق بىر خىل ئىقتىدار، قابىلىيەتنى يېتىلدۈرگەن بولسا، گەرچە ئۇ ئەگرى-توقاي ھاياتلىق سەپىرىدە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر مەزگىل ئۇ ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرالمىسىمۇ، لېكىن خورىماس بىلىم كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولغان ئۇ ئىقتىدار ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ھامان ئەسقاتىدۇ. مۇتەللىپ سېيىتمۇ ئارامغا چىقىپ ئالدىراشلىقتىن، يەلكىسىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيەتتىن خالاس بولغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ئۆگەنگەن نەزەرىيەۋى بىلىملىرى ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئەدەبىيات بىلەن قوشكېزەك بولغان ئەمەلىي خىزمەتلەر داۋامىدا توپلىغان تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، جاپالىق ئەمما شەرەپلىك يېزىقچىلىق كوچىسىغا تېزلا قەدەم باستى.

ئادەمنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى شۇنچە گۈزەل، شۇنچە كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە رېئاللىقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى ئۇنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. مۇتەللىپ سېيىتمۇ ئارامغا چىقىپ قولىغا قەلەم ئالغاندىن كېيىن، كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقنىڭ ئېھتىياجى بويىچە، ئالدى بىلەن زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى» قاتارلىق تۆت پارچە ئەسىرىنى تېلېۋىزىيە فىلمى قىلىپ يېزىپ، فىلىم ئىشلىگۈچىلەرنىڭ تەلىپىنى قاندۇردى. ئاندىن كېيىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر

داۋامەتنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىشلىنىدىغان «جۇڭگو ئۇيغۇر خەلق مەشرەپلىرى» نامىدىكى يۈرۈشلۈك بەدىئىي سەنئەت فىلىملىرى ئۈچۈن، دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك رېژىسسور ئۆمەر سايىمنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن «مەكىت ناماقۇللۇق مەشرىپى»، «قەشقەر چايخانا مەشرىپى»، «كۆچار باغ سەيلە مەشرىپى» ۋە يەكەن «كاچۇك مەشرىپى» قاتارلىق سەككىز مەشرەپنىڭ سىنارىيەسىنى يازدى ھەمدە ئۆمەر سايىم بىلەن بىرلىكتە ئاشۇ مەشرەپلەرنى سۈرەتكە ئېلىش، كىرىشتۈرۈش، تەھرىرلەش ئىشلىرىغا قاتناشتى.



بەدىئىي سەنئەت فىلىملىرىنى ئىشلەپ پۈتكۈزۈپ قولى بىر ئاز بوشىغاندىن كېيىن، مۇتەللىپ سېيىت ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىزچىل كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن رومان يېزىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال ماتېرىيال يىغىشقا كىرىشتى. بولۇپمۇ تارىخىي رومان «مەركىتلەر»نى يېزىش ئۈچۈن، موڭغۇللارنىڭ تارىخىغا، جۈملىدىن چىڭگىزخانغا شۇنداقلا موڭغۇل ۋە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تەشكىللىنىش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك كىتاب ۋە ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تېپىپ قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. ئاشۇ ئاساستا ئىجتىھات بىلەن يېزىپ، قىسقىغىنا 3-4 يىل ئىچىدە «مەركىتلەر»، «توغراق ئوغلى»، «بۇلبۇلستان»، ۋە «سىناقتا قالغان مۇھەببەت» قاتارلىق تۆت پارچە رومانىنى يېزىپ پۈتكۈزۈپ نەشرىياتقا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «زوردۇن سابىر ۋە مەكىت دېھقانلىرى»، «ئابدۇكېرىم نەسىردىنىڭ مەكىتتىكى كۈنلىرى» قاتارلىق ئەسلىمە توپلاملىرىنىمۇ پۈتكۈزۈپ، بىرىنى نەشرىياتقا تاپشۇرغان بولسىمۇ، يەنە بىرىنى تېخى قايتا كۆرۈپ ئاخىرقى بېكىتىشتىن ئۆتكۈزمىگەنىدى.

2013-يىلى مەكىت ناھىيەلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، جۈملىدىن پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋىن فۇلەي بىلەن باش ھاكىم ئابدۇغېنى جۇمەنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ بارلىق كونكرېت ئىشلارنى بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشى ئارقىسىدا، «دولان مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى قۇرۇلۇپ، مۇتەللىپ سېيىت تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى. ئالدىنقى بەتلەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەندەك، ئازراق يول ماڭسىلا پۇتى ئىششىپ كېتىدىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئەل-يۇرتنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ژۇرنالنىڭ سۈپەتلىك چىقىرىلىشى ئۈچۈن، ئۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ تىنىمسىز ئىشلىدى. باشقا ئۇششاق-چۈشەك ئىشلارغا مېڭىلغان يوللارنى تىلغا ئالمىغاندىمۇ، ژۇرنالنىڭ ئىچكى رۇخسەتنامە نومۇرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئىشلار ئۆز ئىزىغا چۈشكىچە بىرىنچى قېتىمدا 59 كۈن تۇرۇپ قالدى. گەرچە كېيىنكى قېتىملاردا تۈنجى قېتىمقىدەك ئۇنچىلا ئۇزۇن تۇرۇشقا توغرا كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەربىر سان ژۇرنال ئۈچۈن بىر قېتىم نومۇر ئېلىشقا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، ھەر پەسىلدە بىر قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ يول ئازابىنى بولۇشىغا تارتتى. ئەمما مۇتەللىپ سېيىت بۇ جاپالارغا قىلچە ۋايسىمىدى. ئەكسىچە بارغانسېرى غەيرەتلىنىپ، بىر تەرەپتىن ژۇرنالنىڭ رۇخسەتنامە نومۇرىنى ھەل قىلىش، ئاپتورلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش، تەھرىرلەش ۋە باسما زاۋۇتلىرىغا ماڭدۇرۇش قاتارلىق تۈگەپ ئۆتمەس ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى بىۋاستە قەلەم تەۋرىتىپ، پۇختا پىلان بىلەن دولان مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسلىمە ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ باشتىن-ئاياغ بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىسىدا، قىسقىغىنا ئىككى يىل ئىچىدە جەمئىي 12 سان «دولان مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ، مەكىت ناھىيەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدارە، مەكتەپ ۋە

ئوقۇرمەنلەرنىڭ قولىغا تەگكۈزۈلۈش بىلەن بىرگە، قېرىنداش ناھىيەلەردىكى ۋە ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن، خادىملارغا ئەۋەتىپ بېرىلدى.

مۇتەللىپ سېيىتنىڭ قەلىمىدىن تامغان ئەسەرلەر يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ 2015-يىلى يانۋاردا ژۇرنال ئىشى بىلەن ئاخىرقى قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «مەن ئاتلىغان قىرلار» ناملىق بىر توپلام تۈزۈش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، كۈندۈزلىرى ژۇرنال ئىشى بىلەن ئالدىراش بولسىمۇ، كېچىلىرى بەزىدە ھەتتا تاڭ ئېتىپ كەتكۈچە ئاشۇ توپلامغا ئىشلەپ، 18 بابقا ئايرىلغان توپلامنىڭ ئالدىنقى بىر نەچچە بابلىرىنى پۈتكۈزگەن. ئالدىنقى يىلى كۈزدە كەمىنە مۇئەللىپ بىر ئىش بىلەن ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمگە بارغاندا، مۇتەللىپ سېيىت پاراڭ ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ بىر پوۋېستقا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، پوۋېست ماۋزۇسىنىڭ تېخى بېكىتىلمىگەنلىكىنى، مېنىڭ مەسلىھەت بېرىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

يېزىقچىلىق قىلىدىغانلاردا يېزىلىۋاتقان، تېخى پۈتمىگەن ئەسەرلەرنى ئالدىراپ ئاشكارىلىمايدىغان بىر ئادەت بار. بەلكىم مۇتەللىپ سېيىتنىڭمۇ بىز بىلگەن يۇقىرىقى ئەسەرلەردىن باشقا يەنە يېزىلىۋاتقان ئەسەرلىرى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ۋېنا تومۇر ياللۇغى كېسىلىگە دىيابېت قوشۇلۇپ سالامەتلىكى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان كېيىنكى كۈنلەردە، ۋاقىتنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ، ئەل-يۇرتقا كۆپرەك مەنىۋى مىراسلارنى قالدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىرىغانىدى.

## خۇش پېئىل مۇتەللىپ سېيىت

ئۆمۈر بويى ئۆز يۇرتىدىن چىقماي ياشاپ كەلگەن بىقۇۋۇل كىشىلەر ھېس قىلىپ يەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئانچە-مۇنچە يۇرت كۆرگەن كىشىلەرگە ئايانكى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئەمەل-مەنسەپ تۇتقانلارنىڭ ئىسمىغا مەنسەپ نامىنى قوشۇپ ئاتايدىغان بىر ئادەت بار. گەرچە ئومۇميۈزلۈك دېگىلى بولمىسىمۇ، مەنسەپ تۇتقانلاردىمۇ ئاشۇ مەنسەپ نامىنى ئۆز ئىسمىغا قوشۇپ چاقىرمىسا رەنجىيدىغان، ھەتتا ئوچۇق-ئاشكارا كايىپ ئەيىبلەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ئەمما مۇتەللىپ سېيىت بۇلاردىن تامامەن مۇستەسنا بولۇپ، چوڭلارنىڭ مۇتەللىپجان دېيىشىنى، كىچىكلەرنىڭ مۇتەللىپكا دەپ چاقىرىشىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئىشلىگەن ئىدارىدىكى ۋە باشقا ئورگانلاردىكى مەنسەپدارلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۆز ئارا ئەمەل نامىنى قوشۇپ ئاتاشسىمۇ، لېكىن مەيلى ناھىيەلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى، مەيلى مەدەنىيەت يۇرتى، سەنئەت ئۆمەك قاتارلىق كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملار بولسۇن، مەيلى يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرىدىكى خادىملار ياكى دېھقان ئەلنەغمىچىلەر بولسۇن، تەڭتۇشلار ياكى ئۇنىڭدىن چوڭلارنىڭ ھەممىسى مۇتەللىپجان دەپ چاقىرسا، كىچىكلەر بىردەك مۇتەللىپكا دەيتتى. بۇ بىرىنچىدىن، مۇتەللىپ سېيىتنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئىككىنچىدىن، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا خاپا بولۇپ كەتمەيدىغان ئوچۇق-يورۇق خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

دولان خەلقى خاراكتېر جەھەتتىن ئادەتتە سەنئەتخۇمار، ئوچۇق-يورۇق، ئويۇن-تاماشىغا ئامراق، خۇش پېئىل كېلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھەرقانچە ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئاخشاملىرى بىر مەشرەپ ئوينىۋالسا ھەممە ھاردۇقنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، باشقا يۇرت كىشىلىرىگە ئوخشاشلا، دولان خەلقىدىمۇ لەقەم قويۇش، جۈملىدىن لەقەمگە دارىتىملاپ يوشۇرۇن چاقچاق قىلىش ئادىتى بار بولۇپ، مۇتەللىپ سېيىتمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.

بۇ يەردە مۇتەللىپ سېيىتنىڭ 1980-يىللاردا بىر شوپۇر ئاغىنىسى بىلەن تۇرپانغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن بىر ئىشنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى:

— تۇرپاننى بەك ئىسسىق دەپ، قىشتا بارغانىدۇق. ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولۇپ كوچىغا چىقساق، يېقىنلا بىر يەردە كاۋاپ پىشۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇن زىخ كاۋاپ بۇيرۇۋېتىپ، پىشقىچە ساقلاپ ئولتۇرساق، بىر كەمدە تۆت مەست كەلدى. ئۇلارمۇ كاۋاپ بۇيرۇدى ۋە ئارىدىن بىرسى قادىر قورساق بىلەن مېنى كۆرۈپ، يېنىدىكىلەرگە دېدى:

— قاراڭلار ماۋۇ پورلارغا!

قالغان ئۈچ مەستمۇ بىزنى كۆرۈپ:
— پاھ-پاھ! قالتىس پورلاكەنغۇ بۇ!— دېيىشتى.
ئارىدىن بىرى بىزدىن سورىدى:
— ھەي پورلار، نەدىن كەلدىڭلار؟
— ...
مۇتەللىپ سېيىتنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەن ئاشۇ پارىڭىدىن كېيىن، ئاغىنىلىرى، قەلەمكەشلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ لەقىمى «پور» بولۇپ مۇقىملاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغانلار «پور» سۆزىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇشتى. مەيلى توي-تۆكۈن، قاتار چاي، مەيلى ئەدەبىيات كېچىلىكلىرى بولسۇن، دولان قەلەمكەشلىرى بىر يەرگە كەلسىلا، ئالدى بىلەن موتەللىپ چاقچاقنى ئۆزى باشلايتتى:
— ھە، ئەمدى كەلدۇققۇ؟ بايىلالغا باغلىنىپ قالدۇقما؟
«ئات» لەقەملىك قەلەمداش دەرھال ئىنكاس قايتۇراتتى:
— باشلار پورلىشىپ، كۆزلەر تورلىشىپ كېيىن قالدۇق.
گەرچە مۇتەللىپ سېيىت دولان قەلەمكەشلىرىنىڭ سەردارى بولۇپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ تىنىمسىز تىرىشىدىغان روھىغا، ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرىدىكى تەشكىللەش ئىقتىدارىغا، شۇنداقلا ياش جەھەتتىنمۇ ھەممەيلەندىن پېشقەدەم ئىكەنلىكىگە ھۆرمەت قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خۇش پېئىل، ئوچۇق-يورۇقلۇقىغا قەۋەتلا ئامراق بولغاچقا، بەزى ھەتتا ئۇ يوق سورۇنلاردىمۇ ئۇنى سېغىنىپ چاقچاق بىلەن سۈرۈشتۈرۈشەتتى:
— كالا پورنى يەپ كەتتىما؟ ھېر ئىككىلىسى كۆرۈنمەيدىغۇ؟



بۇ مۇتەللىپ سېيىت بىلەن «توپاق» لەقەملىك يەنە بىر قەلەمداش ۋاقتىدا كېلەلمىگەن سورۇندا، ئۇلارنىڭ چاقچاققا يۆلەپ سۈرۈشتە قىلىنىشى ئىدى.
ئايرىم ئادەملەردە كىشىلىك ھاياتتا ياساملىق قىلىپ، ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ قىيناپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن تەربىيە كۆرگەن، ئىلىم-مەرىپەتكە ئىنتىلىدىغان، ئېتىقادلىق كىشىلەر ھامان ئۆز تەبىئىتىگە سادىق بولۇپ، ئەسلىدىكى مىجەز-خاراكتېرى بويىچە ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. مۇتەللىپ سېيىتنىڭ مىجەز-خاراكتېرى غەم-قايغۇنى ئارقىغا تاشلاپ، بىر كۈن بولسىمۇ خۇشال-خورام ياشاشنى ئىستەيدىغان ئوچۇق-يورۇق خاراكتېر بولغاچقا، چاقچاقلىرىمۇ شۇنچە تەبىئىي ئىدى. مەيلى ئەمەلدارلار، مەيلى ئالىم ياكى ئاددىي ئىشچى بولسۇن، گېپى كېلىپ قالسا چاقچاق قىلىۋېرەتتى.
مەرھۇم ئابدۇكېرىم نەسرىدىن ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىلا ئەمەس، مەملىكەتكىمۇ تونۇلغان داڭلىق رەسسام. ھەرقانچە خۇش پېئىل، چاقچاقچى ئادەم بولسىمۇ داڭلىق ئەربابلار ئالدىدا تەمتىرەيدۇ. ئەمما مۇتەللىپ سېيىت ئابدۇكېرىم نەسرىدىن بىلەن ئۇچراشقان ھامان چاقچاق باشلىناتتى. 2014-يىلى يازدا، ئابدۇكېرىم نەسرىدىن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۆز نامىدا ئۆتكۈزمەكچى بولغان مەشرەپكە مۇتەللىپ سېيىتنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەندە، ئىككىسى كۆرۈشۈپ بولۇپلا، ئابدۇكېرىم نەسرىدىن سورىدى:
— مۇتەللىپ، مېنىڭ سىلىنى نېمىشقا چاقىرتقىنىمنى بىلدىڭلىما؟
— بىلمەمدىغان، بورتالادىن بىكارغا ئەكېلىپ داچاڭلىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە ساقلاۋاتقان گۆشلەر بۇزۇلۇپ قالاي دېگەچكە، شۇنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسۇن دەپ چاقىردىڭلىغۇ.
— يا ئاللا،— دېدى ئابدۇكېرىم نەسرىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ،— سىلە ئۇرۇمچىگە ماڭغاندا ئايالىڭلا ئاللاغا ئامانەت دېمەي، ئابدۇكېرىمگە ئامانەت دەپ يولغا سالغانما؟! ئۈرۈمچى مەكتكە ئوخشمايدۇ. ئۇ يەردە سىلە ھەممىنى بىكارغا يېگەن بىلەن، بۇ يەردە بىز پۇلغا سېتىۋالىمىز.
مۇتەللىپ سېيىت ۋە ئابدۇكېرىم نەسرىدىندىن ئىبارەت ئىككى مەرھۇمنىڭ قاچان، قەيەردە كۆرۈشسىلا باشلىنىدىغان مۇنداق چاقچاقلىرىنى بىرمۇبىر

قەيت قىلىپ كەلسەك، بۇ يازمىمىزنىڭ سەھىپىلىرىگە سىغمايدۇ.

ئالدىنقى بەتلەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەندەك، جەنۇبىي شىنجاڭغا تەۋە بولغان مۇتەللىپ سېيىت ياشىغان زېمىندا، ئازراق ئەمەل ـ مەنسەپكە ئېرىشكەن كىشىلەردە ئۆزىنى ئالاھىدە ھېسابلاپ، ئادەتتىكى ئادەملەرنى كۆرسە گىدىيىۋالىدىغان ئادەت بار. ئەمما مۇتەللىپ سېيىت ئەسلا ئۇنداق قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاددىي ئادەملەردىكى قورۇنۇش تۇيغۇسىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن چاقچاق قىلاتتى. ئىدارىنىڭ ئىشچى ئىشتاتىدىكى شوپۇرى سېيىت سەيپى بىلەن دائىم قىلىشىدىغان چاقچاقلىرى بۇنىڭ ياخشى دەلىلى.

ــ سالپايۇپ، ماشىنىنى ئەپچىقىڭلا،ــ دەيتتى مۇتەللىپ سېيىت ماشىنا ئىشلەتمەكچى بولغاندا.

1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى رۇمىنىيەدە ئىشلەنگەن بىر نىمكەش ماشىنىنى ئىشلىتىپ كەلگەن بولۇپ، ئەينى چاغدىكى مەكتىنىڭ ئاسفالتلاشمىغان ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل توپا يوللىرىدا، ماشىنا تولا بۇزۇلۇپ قالاتتى. ھەر قېتىم ماشىنا بۇزۇلۇپ يولدا توختاشقا توغرا كەلگەندە، مۇتەللىپ سېيىت:

ــ يەنە سالپايدى،ــ دەپ قوياتتى.

«سالپايدى» دېگەن سۆز تەكرارلىنىۋەرگەچكە، شوپۇرنىڭ سېيىت سەيپى دېگەن ئىسمىمۇ ئاخىرى «سالپايۇپ»قا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ھەر قېتىم ماشىنىنىڭ بىرەر يېرىدىن چاتاق چىقىپ، مۇتەللىپ سېيىت «سالپايدى» دېگەن چاقچاقنى تەكرارلىغاندا، شوپۇرمۇ بوش كەلمەي:

ــ توۋا، تۆمۈرمۇ پورلىشىدىكەن،ــ دېگەندە، مۇتەللىپ سېيىت خاپا بولۇشنىڭ ئورنىغا كۈلۈپ قوياتتى.

خۇش پېئىل، ئوچۇق ـ يورۇق، نەزەر دائىرىسى كەڭ ئادەمنىڭ دوستلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. مۇتەللىپ سېيىتنىڭ ئۆزى ياشىغان، خىزمەت قىلغان يەردىلا ئەمەس، يۇقىرىسى بېيجىڭ، ئۈرۈمچىلەردىن، تۆۋىنى كەنت ـ مەھەللىلەرگىچە دوستلىرى بار ئىدى. يىغىن ۋە باشقا پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى، بېيجىڭلارغا بېرىپ قالسا، ئۇ يەرلەردىكى دوستلىرى ئالدىغا چىقىپ ئاشپۇزۇللارغا باشلاش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىغا ھەمدەمدە بولاتتى. خىزمەت ياكى توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلارغا قاتنىششى ئۈچۈن كەنت ـ مەھەللىلەرگە بېرىپ قالسا، دېھقان ئاغىنىلىرى پاقلان سويۇپ مېھمان قىلاتتى. يوشۇرۇپ ئولتۇرماي ئوچۇقنى ئېيتقاندا، مۇتەللىپ سېيىتمۇ گۆشكە ئامراق بولۇپ، ھەرقانداق ئېسىل زىياپەت بولسىمۇ گۆش يېيىلمىسە ھېساب قىلمايتتى.

دوستلىرى كۆپ ئادەم مېھماندوست كېلىدۇ. مۇتەللىپ سېيىتمۇ نەگىلا بارسا مېھمان قىلىدىغان دوستلىرى چىقىپ تۇرغانغا ئوخشاش، قەيەردىن دوستلىرى كەلسە چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولۇپ ئۆيىگە باشلاپ، كايىپ مېھمان قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دوستلىرى ئۆز جايىدىن تاپالمىغان بەزى نەرسىلەرنى ھاۋالە قىلسا، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزدەپ تېپىپ ئەۋەتىپ بېرەتتى. مەرھۇم ئابدۇكېرىم نەسىردىن 2006 ـ يىلى ئاق ئوغۇت سېلىنمىغان يەرنىڭ بۇلغانمىغان بۇغدىيىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ تېلېفون قىلغاندا، مۇتەللىپ سېيىت ئۆزىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي نەچچە ھەپتە ئىزدەپ ئاخىرى بۇلغانمىغان بۇغدايدىن بىر خالتا تېپىپ ئەۋەتىپ بەرگەنىدى.

ناۋادا مۇتەللىپ سېيىتنىڭ دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئەمەلىي ئىشلىرىنى، ھەمدە ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئارىلاشقان ۋاپادار دوستلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، بۇ يازمىمىزنىڭ خېلى كۆپ بەتلىرى مەخسۇس ئادەم ئىسمى بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. شۇڭا مەرھۇم مۇتەللىپ سېيىت بىلەن ۋىدالىشالمىغان ئۇ دوستلارنىڭ دىلىغا سەۋر ـ تاقەت، تېنىگە سالامەتلىك تىلەش بىلەن بولدى قىلىپ تۇرايلى.

## ئەلۋىدا، مۇتەللىپ سېيىت

مۇتەللىپ سېيىت يېقىندا يېزىپ تاماملىغان «ئابدۇكېرىم نەسىردىننىڭ مەكتىكى كۈنلىرى» دېگەن ئەسلىمىسىدە، مەرھۇم ئابدۇكېرىم نەسىردىننىڭ ۋاپاتى ھەققىدىكى شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ھالىتىنى مۇنداق يازغان: «يۈرىكىم مۇجۇپ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، نەپەسىم قىسىلاشتى. يۈرىكىمدىن بۇلدۇقلاپ ئاققان ياش كۆزۈمدىن چىقىپ تامچىلاشقا باشلىدى...»

بەلكىم يۇقىرىقى قۇرلار پەقەت ئەسلىمە يېزىش

ئېھتىياجى ئۈچۈنلا يېزىپ قويۇلمىغان بولسا كېرەك. ھەقىقىي بىر ئىنسان ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىر-بىرىنىڭ قەدرىنى قىلىشىپ، ئەگرى-توقاي ھايات يوللىرىدىكى ئىسسىق-سوغۇقنى تەڭ تارتىپ كەلگەن قەدىناس دوستىدىن ئايرىلىپ قالغاندا، ئەلۋەتتە قايغۇرىدۇ، ھەسرەت چېكىدۇ. ۋاھالەنكى «دات تۆمۈرنى يەيدۇ، ھەسرەت ئۆمۈرنى» دېگەن سۆز بىكارغا ئېيتىلمىغان. زوردۇن سابىردىن ئابدۇكېرىم نەسىردىنگىچە ئارىلىقتا مۇتەللىپ سىپىتنىڭ نۇرغۇن قەدىناس دوستلىرى بۇ ئالەمدىن بىر-بىرلەپ كېتىپ قالدى. ئارقا-ئارقىدىن يۈرەكنى زېدە قىلغان ئاشۇ تۈگەپ ئۆتمەس قايغۇ-ئەلەملەر، ئۇنىڭ دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان روھىغا ئېغىر زەربە بولغان بولۇشى تەبىئىي. ئۇنداق بولمىغان بولسا، شۇنچە يىللاردىن بۇيان يىقىتالمىغان ۋېنا تومۇر ياللۇغى بىلەن دىيابېت كېسىلى ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى.

2015-يىلى يانۋاردا مۇتەللىپ سىپىت «دولان مەدەنىيتى» ژۇرنىلىنىڭ يېڭى يىللىق سانلىرىنىڭ رۇخسەتنامىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغاندا، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى ئەمەتجان سايىت سەرقۇت بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ نەشرىياتقا نەچچە يىل ئىلگىرى تاپشۇرغان رومانلىرىنى سۈرۈشتۈرگەن ھەمدە ئەمەتجانىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ:

— بۇ دۇنيادىن كېتىشتىن ئىلگىرى رومانلىرىمنىڭ نەشردىن چىققىنىنى كۆرەلىسەم مەيلىتتىغۇ!— دەپ كۈلۈپ قويغان.

ئالدىنقى يىللاردا دولان قەلەمكەشلىرىدىن مۇساجان يۇنۇس، ئادىل ئابدۇرېھىم چوڭقۇرچاقلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىپ ئۇلارغا تون يېپىلغاندا، كەمىنە مۇئەللىپ مۇتەللىپ سىپىتكە: «ئۆزلىرى دولان مەدەنىيىتىنىڭ پەرۋىشكارى، شۇنداقلا دولان قەلەمكەشلىرىنىڭ يولباشچىسى. ئەسلىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ تون يېپىشنى سىلىدىن باشلىشىمىز كېرەك ئىدى...» دېگىنىمدە، ئۇ:

— نەشرىياتتىكى رومانلىرىم تەھرىرلىنىپ بولدى، ئاۋۋال ئاشۇ كىتابلىرىم نەشردىن چىقسۇن، شۇ چاغدا كىتابلار ھەققىدىكى مۇھاكىمە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆتكۈزەرمىز،— دېگەنىدى.

ئەپسۇس، مىڭلاپ ئەپسۇسكى، ئۇ ئارىدىن بىر ئاي ئۆتە-ئۆتمەي، 2015-يىلى 11-فېۋرال ئۈرۈمچى ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتە يېرىمدا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى!

شۇ كۈنى مۇتەللىپ سىپىتنىڭ ئۆيىگە يەكەن ناھىيەسىدىكى تۇغقانلىرى كەلگەنىدى. ئۇلارنى مېھمان قىلىش داۋامىدا سالامەتلىكىدە غەيرىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىققا تىرىشقان. پەرزەنتلىرى بۇ ھالىنى سېزىپ، دوختۇرخانىغا ئەپچىقماقچى بولغاندا، مۇتەللىپ سىپىت: «مېھمانلارنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتسەك سەت تۇرىدۇ. مېھمانلار ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن بارايلى» دەپ ئۇنىمىغان.

چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت بەشلەردە مېھمانلار خوشلىشىپ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، پەرزەنتلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دوختۇرخانىغا چىقماقچى بولغان. ئۆيدە كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئىككىنچى قەۋەتتىن ئۆزى مېڭىپ چۈشۈپ، پەرزەنتلىرى تەييار قىلغان كىچىك ماشىنىغا چىققان. مۇتەللىپ سىپىتنىڭ ئۆيى بىلەن ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ ئارىلىقى ئايلىنىپ ماڭغان ھالەتتىمۇ بىر كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ، ئۇنى جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمگە ئېلىپ كىرگەندە، دىجورنى دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— كېچىكىپ قاپتىمىز، نەپەسى توختاپ بوپتۇ، ئەمدى قۇتقۇزۇشقا ئامال يوق،— دېگەن.

تېخى نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا ئىككىنچى قەۋەتتىن ئۆزى مېڭىپ چۈشۈپ، ماشىنىغىمۇ ئۆزى چىققان ئادەمنى «نەپەستىن قاپتۇ» دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟! پەرزەنتلەر ھەيران قالغىنىچە، بىردە دوختۇرغا، بىردە دادىسىغا قاراپ، نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشتى. يۈزلىرىنى يۈزىگە يېقىپ، ھەسرەت بىلەن ياش تۆكۈشتى. «كۆزۈمنى كىچىككىنە يۇمۇپ ئارام ئېلىۋالاي» دېگەن بولسا ئويغىنار دەپ، قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ تۋۋلاپ بېقىشتى. ئەمما مۇتەللىپ سىپىت مەڭگۈلۈك يۇمۇلغان كۆزلىرىنى زادىلا ئاچمىدى...

ئۈرۈمچىدىكى تونۇش-بىلىشلەردىن بۇ شۇم خەۋەرنى تۇنجى بولۇپ ئاڭلىغان كىشى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ئىجتىھاتلىق مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئۆمەرجان ئىمىن بولدى. ئۇ تېخى بىر سائەتنىڭ ئالدىدا مۇتەللىپ سىپىت بىلەن تېلېفونلاشقانىدى. يەنە شۇ نومۇردىن تېلېفون كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېلېفون كونۇپكىسىنى بېسىپلا چاقچاق قىلدى. بىراق قارشى تەرەپتىن

كەلگەن ئاۋاز مۇتەللىپ سىپىتىنىڭ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋۋال ھەسرەتلىك يىغا ئاڭلاندى. يىغلاپ تۇرۇپ تېلېفون قىلغۇچى، مۇتەللىپ سىپىتىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەنۋەر ئىدى. ئۆمەرجان ئىمىنىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىدى. چۈنكى ئالدىنقى قۇرلادا دېيىلگىنىدەك، ئۇ تېخى بىر سائەتنىڭ ئالدىدا مۇتەللىپ سىپىت بىلەن تېلېفونلاشقانىدى.

ھەيھات! ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقنىڭ ئالمىشىشى شۇنچە تېز يۈز بېرەمدۇ؟! يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ياشاپ، ھاياتلىقىدا نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلغان، جۈملىدىن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن دولان دىيارىدا، قەدىمىي شەھەر قەشقەردە، ئۈرۈمچى ھەتتا بېيجىڭلاردىمۇ ئۆچمەس ئىزلىرى قالغان قەدىردان بىر ئادەم، ئارىمىزدىن شۇنچە ئاسانلا كېتىپ قالامدۇ؟!

ئۆمەرجان ئىمىن دەرھال ئايروپىلان بېلىتى زاكاز قىلىۋېتىپ، مۇتەللىپ سىپىت ھاياتلىقىدا ئارىلاشقان كىشىلەرگە خەۋەر يەتكۈزدى. مەكىتتىمۇ قەلەمداشلار بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى بىر-بىرىدىن ئاڭلاپ، بىردەمدىلا مۇتەللىپ سىپىتنىڭ ئۆيى ئالدىغا جەم بولدى. ھايال ئۆتمەي مەكىت ناھىيەسىنىڭ باش ھاكىمى ئابدۇغەنى جۇمە، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەكىتتىكى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى، مۇئاۋىن رەئىس غەيرەت ئاسىم ئەپەندىلەرمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئارىلىقنىڭ يىراق بولۇشى سەۋەبلىك دەرھال يېتىپ كېلەلمىگەن تونۇش-بىلىشلەر، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى مىجىت ناسىر، «قەشقەر گېزىتى»نىڭ سابىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، شائىر ئەخمەتجان تۇرۇپ بەگتۇرك، تۇراپ ھەسەن ۋە بۇ يەردە ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن دوستلىرى ئۈچمۇ-ئۈچتىن تېلېفون قىلىپ، قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققان ئۆمەرجان ئىمىن، شۇنداقلا قەشقەر، يەكەن، يوپۇرغىلاردىن يولغا چىققان قەلەم ساھىبلىرى كېچىلەپ يول يۈرۈپ، مەرھۇمنىڭ 12-فېۋرال تاڭ سەھەردىكى نامىزىغا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى.




مەرھۇمنىڭ ئۈرۈمچىدىكى دوستلىرىدىن دۆلەتلىك 1-دەرىجىلىك رېژىسسور ئۆمەر سايىم، تونۇلغان ژۇرنالىست قۇربان مامۇت، داڭلىق يازغۇچى توختى ئايۇپ، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى مۇھەممەت ئىسمايىل، ياش يازغۇچى ئابباس مۇنىياز قاتارلىقلار 14-فېۋرال كۈنى مەخسۇس تەزىيەنامە يوللاپ، مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇش بىلەن بىللە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. تەزىيەنامىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مەرھۇم مۇتەللىپ سىپىت زامانىمىز ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالغان پېشقەدەم زات ئىدى. ئۇ ھايات ۋاقتىدا مەكىت ناھىيەسىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا، شۇنداقلا ئۇيغۇر مۇقام-مەشرەپلىرىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈچۈن زور يوقىتىش، زامانداشلار ئۈچۈن ئېغىر قايغۇ-ھەسرەتتۇر. بىز مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايمىز. بىز ھەممىمىز قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، مەرھۇم تاماملاپ بولالمىغان خاسىيەتلىك ئىشلارنى ئاداققىچە داۋاملاشتۇرايلى.»

ئەلۋىدا مۇتەللىپ سىپىت! سەنئەتخۇمار دولان خەلقى سىزنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ. ئوت يۈرەك دولان قەلەمكەشلىرى سىزنىڭ ئىزىڭىزنى باسىدۇ. سىزنىڭ ئەل-يۇرتنىڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا تىنىمسىز تىرىشىدىغان، كەسپىنى قىزغىن سۆيۈپ، ھاياتقا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ ۋە خۇشال-خۇرام ياشاپ، بارلىقىنى ئەل-يۇرتنىڭ مەنىۋىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە بېغىشلايدىغان ئېسىل روھىڭىز مەڭگۈ نۇر چاچىدۇ!

مۇھەررىرى: **ئىمىرھەسەن مەخمۇت**




## ئادەمنىڭ ئۇ تەرىپى

ئۇ تەرەپتە قۇياش پاتمايدۇ. ئۇ تەرەپتە قارلار ئاق، قاغىلار قارا، تاشلار تاش. ئۇ تەرەپتە كۆزلەردىن ياش ئاقىدۇ، دەريالاردا سۇ. ئۇ تەرەپتە ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىدۇ، شۇنچە شادىمان.

## دېرىزىنىڭ سىرتىدا

ھارغىن قوللىرىم بىلەن چۈشتىن كېيىنىنىڭ دېرىزىسىنى ئاچتىم. كىردى نۇرغۇن سۆز ۋە ئادەملەر.

كىرگەن بىرىنچى سۆز ــ شادلىقتۇر. شۇئان مەن ئويلىدىم مۇنداق بىر جۈملىنى: «ئۇلار ناھايىتى خۇشال، چۈنكى ئۇلار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ.»

كىرگەن بىرىنچى كىشى ــ ئۆلگەن ئادەمدۇر. مەن بۇنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىلدىم. ئۇ توختىماي ماڭاتتى. تەرلەپ كېتەتتى. لېكىن ئۆزىنىڭ ھېچ يەرگە بارالمىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

كىرگەن ئىككىنچى سۆز ــ بۇرۇقتۇرمىلىقتۇر. تام - تورۇسلىرىدىمۇ، يوللارنىڭ گىرۋەكلىرىدىمۇ، چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىدىمۇ شۇ سۆز، كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان.

كىرگەن ئىككىنچى كىشى ــ ئەخمەقتۇر. ئۇ ئۆزىنى قورۇتۇۋاتاتتى. ئۆزىنى بۇ يەرنىڭ لاي - پاتقاقلىرى بىلەن بۇلغاۋاتاتتى. ئۇ بىر دەمدىن كېيىن ناتونۇش بىرىگە ئاتالمىش قىممەتلىك پۇللىرىنى بېرىپ ئۆزىنىڭ بىر چىشلەم گۆشىنى كېسىپ بېرەتتى.

ياشلار ئەدەبىياتى

كىرگەن ئۈچىنچى سۆز ــ گاڭگىراشتۇر. ئەنە قاراڭ! ئاۋۇ ئادەمنىڭ چىراغ يېنىقلىق تۇرغان، چىرايلىق بېزەلگەن «كېسەلخانا» ئالدىدا تۇرغىنىنى كۆردىڭىزمۇ؟ يەنە ئاۋۇ كىشىنىڭ كۆزلىرىدىكى لىغىرلاپ تۇرغان خەتنى ئوقۇيالىدىڭىزمۇ؟ ئۇلار ئۆزىنىڭ كارۋان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىراق تۆگىسىنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ لەگلەك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىراق، يىپىنىڭ قاچان ئۈزۈلۈشىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق گاڭگىرايدۇ.

كىرگەن ئۈچىنچى كىشى ــ قارىغۇدۇر. مەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى ياپراقتا يېزىلغان خەتلەرنىمۇ تونۇيالمىغانلىقىغا ھەم ئۆزىنىڭ سايىسىنىمۇ پەرقلەندۈرەلمىگەنلىكىگە ھەيرانمەن. مەن ئۇنىڭ ئىگىسىنىمۇ كۆرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم. مىڭ ئەپسۇس...

كىرگەن تۆتىنچى كىشى... مەن زېرىكتىم، ئۇ سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن قورقتۇم. ئەگەر مەن دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ كىرگەن سۆزلەرنى خاتىرىلىسەم، خاتىرەمنىڭ بەتلىرى يامغۇر تامچىلىرى دەستىدىن ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. ئورۇندۇقۇم سۇنۇپ كېتىدۇ. مەن غايىب بولىمەن.

كىرگەن تۆتىنچى كىشى... بولدىلا. دېرىزەمنى يېپىۋېتىپ كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا دوستلىرىمنىڭ ياكى مېنىڭ سايەمنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم.

## ئاخشامگۈل

سىلەرنى تونۇمايمەن. سىلەر دىۋانە ئەمەس. ئەسلىدە ھەر ۋاقىت ئېچىلىشىڭلار كېرەك ئىدى. ھارۋىكەش ئالماشتۇرۇپ قويىدى كېچە بىلەن كۈندۈزنى. قۇياش سىلەر ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ. زېمىن سىلەر ئۈچۈن تۇرار سۇكۇتتە. كەلگۈسىڭلار تېخىمۇ پارلاق بولغۇسى. ئەسەبىي چىرقىراشلاردىن ئېچىلىپ، ئۇپۇق نۇر دەستىسى سۇنغاندا چېچىلىپ، ئەينەك پارە ـ پارە بولغاندا سىلەر ئۇنىڭ ئالقىنىدىن قېچىشنى ئويلايسىلەر. ئاشۇ يانتاقلارنى قانداق سېغىنغان بولساڭلار، ئۆلۈمنىمۇ شۇنداق سېغىنىسىلەر. چۈنكى، ئۆلۈمنىڭمۇ بىر تۇغۇلۇش ئىكەنلىكى سىلەر ئۈچۈن قاراڭغۇ. راست، سىلەر بىلمەيسىلەر، سىلەر بىلمەيسىلەر...

## سېنى ساقلايمەن

غازاڭلار تۆكۈلدى. ياپراقلىرىم كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. توققۇزنى تەتۈر ساناپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز بولغاندا، مەن ئارغىماق ئېتىمغا مىنىپ ھېلىقى كۆل بويىغا كەلدىم. كۆلمۇ قۇرۇپتۇ. يەرلەر چاك ـ چاك يېرىلىپتۇ. سەن تېخىچە كەلمەپسەن. بىزنىڭ شۇ چاغدىكى گۈزەل ئەسلىمىلىرىمىز تاشلارنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قاپتۇ. قىر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سېنى كۈتتۈم. قارلار كىرپىكلىرىمگە گۈل تىزدى. دەريالار شارقىراپ ئۆتتى ئۈستۈمدىن.

سەن كېلىسەن، گۈگۈم قىزىرىپ ئادەملەر يەرگە قارىغاندا ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىڭنى خېنە ياققان بارماقلىرىڭغا يۆگەپ پەرىشتىدەك قاناتلىرىڭ بىلەن ئاستا كېلىپ شېخىمغا قونىسەن. كۆللەر سۇزۇلىدۇ. كۆكلەم قىزى كىيىملىرىنى كىيىدۇ. قۇشلار سۆزلەيدۇ بىز بىلەن بىللە.

سېنى ساقلايمەن.

مۇھەررىرى: ئەركىن نۇر

# غەزەل ۋە مۇخەممەس

**ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات**

تۇن كىرىپ زۇلفى ئارا كۇندۇزنى پىنھان ئەيلىدى،
چۇن شۇئان ياپتى يۈزىن تۇنلەرنى غەلىيان ئەيلىدى.

گەر ئۇپۇق ماتەم تۇتۇپ، يىغلار شەپەقلەر ئاھ ئۇرۇپ،
كۆزلەرىن ئاچماي نىگار ئالەمنى ۋەيران ئەيلىدى.

كىرپىكىنى ئوق قىلىپ ئوۋلاپ كۆڭۈلنى شۇ مەھەل،
تاشلىدى چۆللەرگە ھەم كۆز ياشنى تۇفان ئەيلىدى.

بىر كۆرۈشنى ئىستەبان سەرسانلىقى تەقدىر ئىرۇر،
گەر نەزەر سالسا شۇئان نىمجاننى مىڭ جان ئەيلىدى.

كۆكتە چاقناپ نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشمۇ ئۆچسە گەر،
چېھرىدىن نۇر ياغدۇرۇپ زۇلمەتنى گۇمران ئەيلىدى.

تاغ يېرىپ تاشلار يونۇپ فەرھاد پىدا قىلغاندا جان،
بارچە ئاشىق بەختىچۇن جىسمىنى تۇغيان ئەيلىدى.

ئوتقا چۇشكەن كۇل بولۇر ياكى ئۇنى تاۋلايدۇ ئوت،
لام كەبى قامەت بىلەن باغرىنى گۇلخان ئەيلىدى.

باغدا گۇللەر بەرگىدە شەبنەم گۇۋاھ بولغاي بۇگۇن،
ئول نىگار ھۆسنى بىلەن گۇللەرنى ھەيران ئەيلىدى.

ساقىيا قۇيغىل قەدەھ تولسۇن پىراقنىڭ دەردىگە،
يار جەفا سالماق ئۇچۇن بەگزاتقا ھىجران ئەيلىدى.

## مۇخەممەس

(ئەرەفات ئابدۇرۇسۇل غەزىلىگە)

ئوق ئېتىپ كىرپىكلىرىدىن دىلغا دەرد سالغان قېنى؟
زۇلفىدىن دار باغلىبان جانىمنىمۇ ئاسقان قېنى؟
بىر قاراشتا قاش ئېتىپ مەيلىمنى ھەم ئالغان قېنى؟
ئوت قالاپ ئىستەكلىرىمنى ئۆرتىگەن جانان قېنى؟
چۇش سوراپ چەكسىزلىكىمدىن ئىزدىگەن ئارمان قېنى؟

ئول پەرىۋەش بەرسە پەرمان نە قىلاي دەرھال چېكىن،
مەن دىپىەلمەيمەن ئىشق مەيزابىنى ئىچمەيمىكىن،
گەر ئاڭا جانىم پىدا ئەيلەپ ئۆلەي ئاخىر لېكىن،
ئاقتى قان ئېرىقلىرىمدىن تۇن ئارا كۆزلەپ ئېكىن،
ئارمىغان ئەيلەپ جېنىمنى ئالغىنىم خامان قېنى؟

گەر دىماقىمدىن چىقىپ ئۆرلەر ساماغا دەرد ئېىسى،
سانجىلۇر باغرىمغا ھىجران تىغلىرىنىڭ پارچىسى،
بار يەنە زۇلمىڭ بىلەن ھالى خارابتىن قانچىسى،
ئاشتى تەن ئاشىقلىقىدىن ئۆزگىسى كەتتى نېسى،
ھەممىدىن بەرمىش بېشارەت سۆزى بال پالۋان قېنى؟

ئاھ ئۇرۇپ ئىشقىڭ ئوتىدا يۈزلىرىم بولدى سېرىق،
كۆز يېشىم ئاقتى پىغاندىن تولدۇرۇپ لەكمىڭ ئېرىق،
بىلمىدىم رەھمىڭ قاچان كەلگەي ماڭا باغرىم يېرىق،
ئازغىنىم ئەيىبىم ئازابقا پاتمىقىم بىر سىر ئېنىق،
ئايلىنىپ كەزسەم جاھاننى گۇل سىياق ئازغان قېنى؟

بولسا گەر ئاشىققا چۆللەر كېزىبان يۈرمەك راۋا،
شۇل سەۋەبتىن تەڭرىگە ئېيتىمەن ھەمدۇ سانا،
مەن پىراقتىن جان بېرەيمۇ بولسىلا ھەققىم ئادا،
ئوخشىماس قىسمەت ئوشۇقتۇر غەم ئوتى ئەمما ماڭا،
ئەي مېنى سۆيگەن چىرايلىق سۆزلىرى يالغان قېنى؟

ئەل پاسات قىلغان بىلەن بەگزاتنى ھەم سۆكمەك قىيىن،
چۇنكى ئاشىق قىلسا ھەر نە يۈزلىرىن تۆكمەك قىيىن،
شۇندىمۇ قانچە قىچىپ يۈرگەن بىلەن مۆكمەك قىيىن،
مەنزۇرى بولماي مۇھەببەت بەھرىگە چۆكمەك قىيىن،
ئالتە كۇن ئۆتمەي يۈرەكتە جەستى قالغان قېنى؟

**مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت**

ياشلار ئەدەبىياتى



# يۇرتۇمدىكى كۈنلەردە

(ئەدەبىي خاتىرە)

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

2014-يىلى 7-ئاينىڭ 24-كۈنى تەتىل قىلىپ يۇرتۇمغا باردىم، 34 يىلدىن بۇيان ئىزچىل تەكرارلاپ كەلگەن ۋە كۆنگەن ئادىتىم بويىچە ئەڭ كىچىك ئاكامنىڭ ئۆيىنى چۈشكۈن قىلدىم. كەچ كىرگۈچە بىر قورساق قېرىنداشلىرىم ۋە ئۆيى يېقىن ئەتراپتىكى باشقا تۇغقانلىرىم بىلەن دىدار مۇلاقەتتە ئەسرا بولدۇم. ئەتىسى بىر كۈن ئاشۇ ئۆيدە ئارام ئالدىم. ئىچىمدە بىر خىل تىت-تىتلىق ۋە ئىزتىراپ ھۆكۈم سۈرۈپ زادىلا ئارام بەرمەيتتى. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، خېلىدىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بالىلىقىمدا پادا باققان، چاۋار-چاتقال تەرگەن، ئەمگەك قىلغان جايلارنى زىيارەت قىلىش، بولۇپمۇ ئۆيدىن تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان يۇقىرىقى توما (زاكۇ) بېشىغا بېرىپ، نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان تەبىئەت ئانىنىڭ شارائىتى بىلەن چىرايلىق كۆكلىگەن ئورمانلىرىغا چوڭقۇر مېھرىم بىلەن كۆز تاشلىدىم؛ بوران-چاپقۇن— ئاپەتلىرىدە نەلەردىندۇر ئۇچۇپ كېلىپ ھاسىل بولغان، تالاي ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ئوتتەك قىزىق

تەپتى—ھارارىتى بىلەن داۋالىغان قۇملۇق، توغرىسى ئاسمان-پەلەك قۇمتاغدەك دۆۋىلىنىپ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتقان «ئەجدىھا»نىڭ دۈمبىسىدە يالاڭ ئاياغ مېڭىپ چېنىقىشنى، بەدەنلىرىمدە يىغىلىپ قالغان ئارتۇق نەملىكنى خورىتىشنى كۆزلەپ، كىچىك ئوغلۇمنى ئەگەشتۈرگىنىمچە سەپەرگە ئاتلاندىم.

بوسۇغا داۋاندىن ئېشىشىم بىلەن تەڭ كۆڭلۈم كۆكى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولۇپ، كۆزلىرىم نۇرلىنىپ كەتتى. كەيپىم تولىمۇ چاغ ھالدا نىشانغا راۋان بولدۇم. يول بىلەن پاراللېل ياسالغان تاش ئۆستەڭدە زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. خىيابان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قۇياش نۇرىغا چۈمگەن دەرەخلەرنىڭ ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ كۆرۈنىدىغان يوپۇرماقلىرى مېنى قارشى ئالغاندەك مەيىن شامالدا تىنىمسىز چاۋاك چالاتتى. روھ تۇلپارىم تولىمۇ شاش ۋە تۇيغۇن ئىدى، شۇڭا ياش يىگىتلەردەك بەرجەس قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتىم...

يول بويى ھەربىر ئېتىز، ھەربىر تۈپ دەرەخ، ھەربىر تال گۈل-گىياھ ۋە ئۆيلەرگە چوڭقۇر مېھرىم بىلەن نەزەر سالاتتىم. ھەربىر دوقمۇش، ھەربىر قىردا بۇرۇن نېمە بار ئىدى، ھازىر نېمە بار ۋە بۇ ئېتىز ھېلى كىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ۋە قانداق ئۆزگىرىشلەر بوپتۇ... قاتارلىقلارنى

راست ئىشلار خاتىرىسى

ئوغلۇمغا يىپىدىن يىڭنىسىگىچە چۈشەندۈرۈپ ماڭاتتىم. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئىختىيارسىز هالدا يولدىن چەتنەپ ئېتىزلىقلارنىڭ ئارىسىدىكى قىرلار ياكى ئېرىقلارنىڭ ئىچىنى يول قىلىپ يۈرۈپ كەتتۇق. ماڭغاچ شەهەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان — سەهرانىڭ ئالاهىدىلىكلىرىنى تولۇق بىلىپ كەتمەيدىغان ئوغلۇمغا تېخىمۇ ئىنچىكە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تىنماي تىل شىلتىتتىم، ئەزۋەيلەيتتىم. شۇنچە ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرسەممۇ، ئوغلۇم ئۆزىگە ناتونۇش بولغان بۇ مۇهىتتىكى بەزى تەپسىلاتلارنى ئانچە ئېنىق ئىلغا قىلالمايتتى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمگە يارىشا «هە، هە» دەپ مېنى سۆزلەشكە دالالەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. سۆزلىگەنسېرىم تىلىم راۋانلىشىپ، تەپەككۇر كەپتىرىم يىراقلارغا قاراپ پەرۋاز قىلاتتى. شۇ تاپتا تىل بىلەن ئىپادە قىلىپ بولغۇسىز بىر خىل هاياجان ئىلكىدە مەستخۇشلىنىپ، غايىب بىر قولدا يۇمشاق ئەللەيلىنەتتىم... بىر كەمدە:

— دادا، قالاڭ ئاۋۇ تاۋۇزلارغا! — دېدى ئوغلۇم هەيران قالغانلىقىنى تىپىك خوتەن تەلەپپۇزىدا ئىپادىلەپ. ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە دىققىتىمنى ئاغدۇردۇم. راست، دەرەخلەر بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسكەن قوناقلىقلار قورشاپ تۇرغان مەيداننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قۇمساڭغۇ ئېتىزلىقتا ساينىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن تاۋۇزلارنىڭ هەربىرى بەردەم بىر ئەر كىشى ئاران كۆتۈرگۈدەك چوڭايغان، پىلەكلەر يۆگىيەلمىگەن بولۇپ، «مانا مەن دەپ» ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈپ — بويۇنداپ قاراپ تۇراتتى... ئەتراپقا ئۇبدان زەن سېلىپ چىقتىم - دە:

— قارا بالام، مەن كىچىك ۋاقىتلاردا ماۋۇ ئېرىقنى مەركەز قىلغان هالدا مال هەيدەپ ماڭىدىغان قۇمۇلاڭ بوشلۇق بولۇپ، يولنىڭ رولىنى ئۆتەيتتى...— دېدىم ۋە ئۇلاپلا:

— ماۋۇ مەمەتجان ئاكاڭنىڭ ئۆيىنىڭ ياغاچچىلىقنى قىلىۋاتقان تۇرسۇنجاننىڭ يېرى، ئاۋۇ ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەرلەرنى «كېپەك ئاخۇنكامنىڭ يارلىقى» دەپ ئاتايتتۇق. ئۇ ئادەم تۇرسۇنجان ئۇستامنىڭ چوڭ دادىسى بولۇپ، ناهايىتى ئۇستا ياغاچچى ئىكەن، ئۇ ئۇدۇمنى ئوغلى قادىرانكامغا بەرگەنىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ هەممىسى هازىر يۇرتىمىزدىكى ئەڭ ئۇستا ياغاچچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى، — دېدىم يەرلەرگە ئادەملەرنى قوشۇپ چۈشەندۈرۈپ.

شۇ تەرىقىدە چۈشەنچە بەرگەچ داۋاملىق يۇقىرىغا، يەنى خوخلاڭ دەپ ئاتىلىدىغان مەيدانغا قاراپ ماڭدىم. خىيال كەپتىرىم گاه تاتلىق ئەسلىمىلەر كۆكىدە ئەركىن پەرۋاز قىلسا، گاه دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان قويۇق تۇمانلار ئارىسىدا ئەلەڭلەيتتى... ئارىدا بۇنداق نە ساتىمىسى، نە قارىغۇچىسى يوق تاۋۇز - قوغۇنلۇقتىن بىر نەچچىنى ئۇچراتتۇق. بۇرۇن تۆشۈكلىرىم يېنىك قىچىشاتتى، كۆزلىرىمدە ئاچچىق ياش ئەگىيتتى، بىر ئاز هاياجانلىنىپ قالغاندەك قىلاتتىم. ئېغىزىمدا پىلموتنىڭ ئوقىدەك چىقىۋاتقان گەپ، كۆزۈم هە دەپ ئاسمان سىلايتتى. چۈنكى يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزئەينەك ئىچىدىكى كۆزلىرىم يەرلەردە سۆرىلىپ يېتىپ سېسىپ كەتكەن ۋە شېخىدا گۇلە بولۇپ قېتىپ كەتكەن ئۆرۈكلەرگە چۈشكەنىدى. «ئىسىت! بۇ ئۆرۈكلەر ئاۋۇ كوممۇنا ۋاقتىدىكى ئاچارچىلىق يىللاردا بولسىچۇ - هە!» دېدىم ئىچىمدە...

كۆزلىگەن مەنزىلىگىمۇ يېتىپ كەلدۇق. مېنىڭ دىققەت نەزىرىمدىكى يەر — نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئوغۇللىرىمنىڭ سۆيۈملۈك ئانىسى، هاياتلىق سەپىرىمدە ماڭا 20 يىل سەپەرداش بولۇپلا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان هالال هەمراهىم — مەرهۇم ئاينۇرنىڭ كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن پاچاقلىرىنى جىمىقتۇرغان تۆگىنىڭ لوكىسىدەك دۆۋە - دۆۋە قۇملۇقلارنىڭ ئورنىدا شاهمات تاختىسىدەك رەتلىك قىرلانغان سالا ئېتىزلار، ئوت يالقۇنىدەك دىمىق ئۇرۇپ كىشىنى نەپەس ئالدۇرمايۋاتقان ئېتىزلاردا هەر يوغان باش ئالغان قوناقلىقلار، ياڭىقىنى كۆتۈرەلمەي شاخلىرى ئېگىلىپ كەتكەن ياڭاقلىق باغلار ياتاتتى...

خېلى يىللاردىن بېرى ئولتۇرسام - قوپسام سايىدەك مېنى ئەگىشىپ يۈرگەن شېرىن خىيالىم ئاخىرى كۆپۈككە ئايلاندى. قوقاستەك قىزىق قۇملاردا يالاڭ ئاياغ مېڭىش ئىستىكىم يوققا چىقتى. نەچچە يەردە تاش پاتقان، تىكەنلەر سورۇنماي سانجىلغان ئاياغسىز پۇتۇمنى ئاۋايلاپ گاه كۆتۈرۈپ، گاه ۋاي - ۋايلاپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئىش - كۈشلىرىنى بىرەر قاتار بېسىقتۇرغان كىچىك ئاكام بىزگە هەمراه بولغاچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ:

— نەلەرگە باردىڭلار، نېمىلەرنى كۆردۈڭلار؟ —

دەپ سوراپ قالدى.

— سايىنىڭ ئاخىرقى قۇيرۇقىغىچە باردۇق، — دېدىم. ئارقىدىن ئۇ يەرلەردە كۆرگەن ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى ئېيتىپ بەردىم. گەپ ئارىلىقىدا:

— بۇ يەردە ئۆزگىرىش چوڭ ئىكەن، بۇرۇنقى توغراقتىن باشقا گىياھ ئۈنمەيدىغان قۇمۇلاق، تاشلىق يەرلەر مۇنبەت ئېتىزلارغا ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلەر ئەتلىنىپ كەتكەندەك قىلىدۇ، بەك بولىدىكەن... ئەمما، دېھقانلار ھۇرۇن ھەم پوچى بولۇپ كەتكەندەك قىلامدۇ - نېمە، — دېدىم.

ئاكام:

— قانداق دەيسەن؟ — دېدى.

— يا خېرىدارنىڭ ئالدىغا ئۆزى بارماي، يا يەيدىغان ئېغىز كەلمەي يارالغان جايىدا يېتىپ كەتكەن قوغۇن - تاۋۇزلار ۋە يەرگە تۆكۈلۈپ سېسىپ كەتكەن، شېخىدا تۇرۇپ گۈلە بولاي دەپ قالغان ئۆرۈكلەرگە قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. بىز شەھەردە بىر كىلو ئۆرۈكنى ئون يۈەندىن، تاۋۇزنىڭ كىلوسىنى 1.5 يۈەندىن ئېلىپ يېدۇق، بۇ يىل ئۆرۈك ئۆزىنى تازا كۆرسەتتى. قىممەت بولسىمۇ، يېتەرلىك بولسا مەيلى ئىدى، — دەپ بولۇپ، قوشۇمچە قىلدىم، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە ئۆرۈك ئاخىرلاشقىلى خېلى بولدى، بۇ يەردە شۇنداقلا تۇرىدۇ. ئۆرۈكتە چۈشنىلەرگە بەزمە قىلىپ بېرىپسىلەر تېخى، — دېدىم رەنجىگەن ھالدا.

— ئامال يوق، 7 - ئاينىڭ 21 - ، 22 - كۈنلىرىگىچە ئىچكىرىدىن چىققان گۈلچىلەر ماشىنىسىنى مەھەللىمۇ مەھەللە ھەيدەپ يۈرۈپ، ئۆرۈكنىڭ كىلوسىنى بىر يۈەندىن 1.5 يۈەنگىچە ئالغانىدى. ئىككى، ئۈچ كۈن 0.7 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى، كېيىن تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ۋە، — قورساقلىرىمىز تويىدى... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمگەك كۈچىمۇ قىممەت بولۇپ كەتتى، بىر كىلو ئۆرۈكنى 0.7 يۈەن ئالغان مەزگىلدە ئاساسەن ئۇششاق باللار ئويۇننىڭ ئورنىدا تېرىپ ساتتى. چۈنكى بىر يۈەنگە بىر كىلو ئۆرۈك تېرىپ بەرمەيدۇ بىر كىم، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ.

— مانا شۇنىڭ ئۆزى ھۇرۇنلۇق ۋە پوچىلىق، دېھقان دېگەن تىنىمسىز مىدىرلاپ تۇرۇشى، داۋاملىق ئانا يەرنىڭ تومۇرىغا «قان» يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك؛ يەرنى باقسا، يەرمۇ ئىگىسىنى يۆلەيدۇ، ئۇنىڭغا ياخشى جاۋاب قايتۇرىدۇ... تېرىغان - تىككەنلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالغانلىرىنى سېتىپ پۇل قىلىشى كېرەك. «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ياتسا، پۇل، بايلىق ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. ھازىر بەزىلەر: «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن» دەپ، يۇقىرىنىڭ ئېغىزىغا تەلمۈرۈپ، ساقال تاشلاپ تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى، خەير - ئېھسان، ياردەمگە كۆنۈۋالدى. پۈتۈنلەي ھۆكۈمەتكە ۋە يۆلەشكە تايىنىۋېلىشنىڭ ئۆزى نومۇسسىزلىق ۋە ئۆلۈمتۈكلىكنىڭ ئىپادىسى... — دېدىم قايناپ.

— ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ سۈيى بەلەن، يەرلىرى مۇنبەت، ئۆزى ئۈنۈپ قالغان ئۆرۈكلەرنى ياندۇرقى يىلى ئۆلتۈپ قويسا، ئىككىنچى يىلىلا تولۇق مېۋىگە كىرىدۇ، بولغانلىقنىڭ دەستىدىن ئاپتاپتا يۇلتۇزدەك تاۋلىنىپ، مېۋىسىنى كۆتۈرەلمەي قالغان شاخلار يەرلەردە سۆرىلىپ يېتىپ كېتىدۇ. تولۇق يىغىشتۇرۇش تەس... — دېدى ئاكام سەل ئۇيالغاندەك.

— شۇنداق، دېگەنلىرىڭنىڭمۇ ئاساسى بار. كونىلاردا: «بار ياشىنىدۇ، يوق قاقشىتىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. دۇنيانىڭ نەرىدە نېمە ئاز بولسا، شۇ نەرسە ئەتىۋار بولىدۇ. بۇ يەردە ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەر كۆپ بولغاچقا، ئەتىۋارى بولماپتۇ مانا، ئەمما شەھەرلەردىچۇ؟ ئۇ يەردە مېۋىلەرگە شېكەر چۈشكەن. ئەگەر بۇ يەر شەھەرگە يېقىنراق بولغان بولسا، يەنە كېلىپ كىشىلەر پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى ئوبدان بىلىدىغان بولسا ئىدى، دېھقانلار بېيىپ تىقلىپ كېتەتتى... — دېدىم. ئاكام:

— ساپا مەسىلىسىمۇ بار، ساپا بەك مۇھىم. كىمنىڭ باي بولغۇسى يوق؟ تالاي كىشىلەرنىڭ پۇل تاپقۇسى ۋە باي بولغۇسى بار. لېكىن ساپاسى بولمىغاچقا، ئېشىنچا مەھسۇلاتلىرىنى نەگە ئاپىرىپ سېتىشنى، پۇلنى قانداق يول بىلەن تېپىشنى، قىسقىسى، باي بولۇشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ. ئىزدىنىپ يول تاپقانلىرى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يېنىغا تارتىپ بىرلىكتە بېيىدى. ئەمما بۇنداقلار تېخى كۆپ ئەمەس، — دەپ ئىچىگە تىندى.

— سەندىمۇ چېكىنىش بولغاندەك تۇرىدۇ. «ئالتۇن قوزۇق» دەپ تەرىپلىنىدىغان بىرمۇنچە يەرلەرنى تېرىماي ئاق تاشلىۋېتىپسەن، ئۈچ ئورۇندا 5 - 6 مو كەلگۈدەك يەردە تېرەك قەلەمچىسى تۇرىدۇ. بۇمۇ ھۇرۇنلۇقنىڭ ئىپادىسىدەك تۇيغۇ بەردى ماڭا، — دېدىم يۇمشاقراق تەلەپپۇز بىلەن سەل كۆڭۈل ئاۋايلاپراق.

— راست دەيسەن، ساق ئالتە مو يەردە تېرەك قەلەمچىسى بار. بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ خىزمەتكە چىقىرىپ بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئاساسەن ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ كەتتى. شۇڭا، دېھقانچىلىقنىڭ تازا قاتىلاڭ، جىددىي پەيتلىرىدە ئۇلارنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇلار خىزمەت-خىزمەت دەپ قاقشايدۇ، ماڭا ياردەم قىلىدىغانغا ۋاقتى يەتمەيدۇ، ياردەم قىلالمايدۇ... يېشىممۇ 60قا ئۇلىشىپ قالدى، بۇرۇنقى زەردەم، بەردەملىكىم قالمىدى. شۇڭا ئېغىر ئەمگەكلەرگە ئۆزۈمنى بەك ئۇرۇپ كەتمىدىم....— دەپ ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ،— قۇدا-باجىلار ئاۋۇغاندىن كېيىن، باردى-كەلدى، ئولتۇرۇش-قوپۇشمۇ كۆپىيىپ كېتىدىغان گەپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاۋۇ (ئايالىنى دېمەكچى) كېسەلمەن بولۇپ قالدى. مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە شەھەردىكى چوڭ دوختۇرخانىلاردا ئۈچ قېتىم يېتىپ داۋالاندى. يالغۇزچىلىقتا ئۇ يەرلەرنى تېرىشقا كۈچۈم يەتمىدى. شۇڭا، تەلىيىم بولسا، ئاز بولسىمۇ پۇلغا ياراپ قالار، دەپ ئويلاپ ئادەم سېلىپ ئاۋۇ يەرلەرگە قەلەمچە تىكىپ قويدۇم. تۈگمەن بېشىدىكى بۇغداي ئورنىنى بۇ يىل ئارام ئالسۇن، دەپ ئاق قالدۇردۇم. ئەمما، كىرىمىمدە تۆۋەنلەش بولمىدى. يەڭگىلرەك ئىش قىلاي، دەپ ياڭاق تېرىپ، كۆچەتنى سېتىش، ئۇلاقچىلىق قىلىش، باغدىن چىققان ياڭاقلارنى سېتىش يوللىرى بىلەن شۇنچە چوڭ ئائىلىنى چۆرۈپ، بالىلارنىڭ ئۆي ئالىدىغان ۋە باشقا ئىشلىرىغا ياردەم قىلىپ كۈنلىرىمنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتىمەن،— دېدى ئۇ مەغرۇرلانغاندەك قىياپەتتە.

— بايا بۇ يەرنىڭ شەھەرگە يىراقلىقى ھەققىدە گەپ قىلىۋېتىپ، باشقا گەپكە ئۆتۈپ كەتتۇق... «ئۆتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئۆتى ...» دېگەندەك سەھرادا ھەممە نەرسە بار، ياخشى بازار شارائىتى يوق، شەھەردە بازار بار، ئەمما بۇ يەردە بار يەل-يېمىش ۋە باشقا نەرسىلەر ئۇ يەردە يوق...— دېدىم مەن بۇ يەردىكى سىپسىمچىلىقلارغا قارىنىم ئاغرىغاندەك. شۇ چاغدا مۇنداق ئىككى ئىش ئېسىمدىن كەچتى:

1998-يىلى ئۆزىچە ئېگىز بىنالارغا چىقسام تىزىم سەل ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ياشلىقىمغا ئېلىپ، سىنەكمەي بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. شۇ يىلى 10-ئايدا مەرھۇم ھەمراھىم ئاينۇر ئانگىنانى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ بالنىستا يېتىپ قالدى، ئۇنىڭغا ئىككى كۈن ھەمراھ بولدۇم. گەپ ئارىسىدا تۇيۇقسىز تىزىمنىڭ ئاغرىيدىغانلىقى يادىمغا يېتىپ قالدى-دە، ئۇنىڭغا ئەھۋالىنى دېدىم. ئۇ:

— مەن بالنىستىن چىققاندىن كېيىن بىر نەچچە كۈن ئارام ئالىمەن، ھە قاچان. ئىشقا چۈشكەندە، ئۈستىراق دوختۇردىن بىرىگە كۆرسىتىپ باقايلى،— دېدى. «ماقۇل» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى ئىشلەيدىغان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە ئېلىپ باردى. دوختۇر بىرمۇنچە تەكشۈرۈش ۋە گەپ سوراشلاردىن كېيىن:

— بەدىنىڭىزدە سۇنغان جاي كۆپ ئوخشىمامدۇ؟!— دېدى كۆزۈمنىڭ بالىخانىسىغا تىكىلىپ.

— ھەئە، كىچىك ۋاقتلىرىمدا بەك چاپچىكەش ئىكەنمەن، قول-پۇتۇمنىڭ ئومۇمەن ساق يېرى يوق، ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىم 4-5 قېتىم سۇنغان....— دېدىم.

— ھە، گۇمانىم توغرا چىقتى. شۇ سۇنۇقلارنىڭ تەسىرىدە سۆڭەكتە ئازراق شالاڭلاش بولۇپ قاپتۇ. كۈنىگە 200 گىرام ئەتراپىدا سۈت ئىچىپ بېرىڭ، يەنە كاۋاپچىلاردىن گۆشنى شىلىۋالغان قۇرۇق سۆڭەك سېتىۋېلىپ، ئېرىپ كەتكۈدەك قايىنىتىپ شورپىسىنى ئىچىڭ، سۈت بىلەن سۆڭەك شورپىسى كالتسىي تولۇقلايدۇ، كالتسىي تولۇقلانسا سەللىمازا ئوڭشىلىپ كېتىسىز،— دېدى ئۇ كۆيۈنگەن ھالدا.

دوختۇرغا ھەشقاللا، رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ كەلدىم. سۆڭەك شورپىسىنى بىر مەزگىل ئىچكەن بولساممۇ، تۈرلۈك سەۋەبلەر، توغرىسى ئاۋارىچىلىكنىڭ تولىلىقى تۈپەيلىدىن داۋاملاشتۇرالماي توختىتىپ قويدۇم. ئەمما سۈت ئىچىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. سۈتنىڭ خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك، راست دېگەندەك ئاستا-ئاستا ساقىيىپ كەتتىم. شۇڭا، سۈتنىڭ ئۈزۈكسىز ئۆسۈۋاتقان باھاسى بىلەن ھېسابلاشماي ھازىرغىچە ئىچىۋاتىمەن. مانا ھازىر ھەرقانچە ئېگىز بىنالار، ھەتتا تاغلارغا چىقسامۇ بىر يەرلىرىم ئاغرىمايدۇ، پاچاقلىرىمدا تالغاندەك سېزىم بولمايدۇ.

سۈت ئىچىش جەريانىدا، ئۇنىڭ زەھەر ۋە ياللۇغ قايتۇرۇش رولى بارلىقىنى بايقىدىم... 15-16 يىل سۈت ئىچىپ بەدىنىم ماسلىشىپ كەتكەچكىمۇ، ياكى خۇمار بولۇپ قالدىممۇ بىلمىدىم، سۈتچى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن سۈت

ئەكېلەلمىگەن ياكى سۈتنى قايناتقاندا سۈپەت ئۆزگىرىشى ياساپ بۇزۇلۇپ قالغان ــ پىشلاق بولۇپ قالغان كۈنلىرى خالتىلىق سۈت بولسىمۇ ئىچمىسەم بىر كۈن ئاغرىپ قالغاندەك ئىچىم تىتىلداپ ئارامسىز، روھسىز يۈرىمەن. شۇڭا سەپەرگە چىقسام خالتىلىق سۈت ئېلىۋېلىپ ئىچىمەن...

يۇرتۇمغا قانداق چاغدا بارسام، تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە سېغىن كالا بولمىسا، ئۆيدىكىلەرنى پۇل بىلەن سېغىن كالىسى بار قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە چىقارتىپ سۈت تاپقۇزۇپ ئەكېلىپ ئىچىمەن. بۇ ئىشقا كۆنۈپ كەتكەن تۇغقانلار مېنى كۆرگەندىن كېينلا سۈت تېپىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. بۇ يىل سۈت خاپىلىقى تارتمىدىم. كىچىك ئاكامنىڭ ئۆيىدە تامدەك چوڭ ئىنەكتىن ئىككىسى بار ئىكەن. بىرى ئالدىنقى يىلى كۈزدە موزايلىغاچقا، سۈتى ئاساسەن تارتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە بىرى بۇ يىل ئەتىياز موزايلىغانلىقى ئۈچۈن، سۈتى يېتەرلىك بار ئىكەن. 15 كۈنگىچە ئۆكسۈتمەي سۈت بىلەن مېنى تەمىنلەپ تۇردى. بىر كۈنى ئاكامنىڭ خوتۇنى:

ــ قايماق يىغىپ هورنان ئېتىپ بېرەي، دەپ ئىنەكنى مۇنداقلا ساغسام ماۋۇ سۈت چىقىپتۇ، ــ دەپ چېلەكتىكى سۈتنى بىزگە كۆرسىتىپ، سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ قاچىغا ئالغانىدى، 10 قاچا كەلدى. «مۇنداقلا ساققان» بۇ 10 قاچا سۈت مەن ئىچىدىغان سۇدەك كۆپكۆك سۈت ئەمەس، ئۇماچتەك قويۇق ئىدى... ھەممە ئىشقا قىزىقىدىغان، ئىشلارنى ھەر تەرەپتىن ئويلاپ باقىدىغان مىجەزىم بولغاچقىمىكىن، تەپەككۇر قىلىشتىن ئايانمايدىغان مېڭەم بىردىنلا چاقماق تېزلىكىدە قوزغىلىپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ھېسابلاشقا باشلىدىم: كۈندە 10 قاچا ــ 5 كىلو سۈت چىقسا، كىلوسىنى 5 يۈەندىن ساتسا، بىر كۈندە 30 يۈەن، بىر ئايدا 900 يۈەن كىرىم قىلاتتى. سۈت دېگەننىڭ قايمىقى بولىدۇ، ئۇمۇ پۇل بولىدۇ تېخى. ئەمما شۇنداق كىرىم قىلىدىغان بازار نەدە ؟ بۇنداق بازار بۇ يەردە يوق، ئۇ شەھەردە ئىدى. مەن بۇ ئۆيدە بولمىسام، ماۋۇ ئىنەكنى ساغمايدىغان ــ موزىيى ئېمىدىغان بولۇپ، ھەر ئايدا 900 يۈەن قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىۋېتىپتۇ. بۇ زور دەرىجىدىكى ئىسراپچىلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ مېنىڭ كاللامدىكى شەھەر بىلەن سەھرانىڭ روشەن پەرقى ئىدى. بۇ كالا سەھرا ئائىلىسىدە بولغاچقا، يەم ـ خەشەكنى بىكارغا يەپ، بىر سىنتىمۇ ئىقتىسادىي كىرىم ياراتماي، موزاي بېقىپ ياتاتتى. چۈنكى بۇ ئائىلىدىكىلەر تومۇز كۈنلىرى قېتىق ئىچكۈسى كېلىپ قالغان چاغلاردا ئانچە ـ مۇنچە ئىنەكنى سېغىپ، قېتىق ئۇيۇتۇپ ئىچكەننى، ياكى بىرەرىگە ئاپتاپ ئۆتۈپ كېتىپ ئاغرىپ قالسا داۋا ئۈچۈن قېتىق ئۇيۇتقاننى ۋە ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ بىرەرىگە سۈت، قايماق لازىم بولۇپ قالمىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، سېغىلمايتتى ھەم ھېچكىم مەندەك سۈتنى سۈت پېتى ئىچمەيتتى. ئۇلار سۈت ئىچسە، خام پېتى ھەم كۆپ ئىچىۋېلىپ، ئىچى سۈرۈپ كېتەتتى. ئەمما ئۇنى قاينىتىپ ئىچسە، چوڭلارنىڭ ئۈستىخىنىنى چىڭىتىش، كالتىسىي تولۇقلاش، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۈستىخىنىنى چوڭايتىش، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، قىزىتمىنى ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئاپتاپ ئۆتۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كانايىنى سىلىقلاپ بەلغەم بوشىتىش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ھەزىمنى ياخشىلاش ۋە مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ ئۇيقۇنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، دىيابېتنى داۋالاش، ئۇزۇقلۇق سۈپىتىدە بەدەننى قۇۋۋەتلەشتەك نۇرغۇن پايدىسى، يەنى ئەۋزەللىكى بارلىقىنى ئۇلار نەدىن بىلسۇن؟!

شەھەر خەلقىنىڭ كۆپى سۈتنىڭ يۇقىرىقى بىر قاتار ئەۋزەللىكىنى بىلىدۇ. ئەمما سېغىن كالىسى يوق. ئىنەك ئېلىپ بېقىپ، سېغىپ ئىچەلەمدۇ؟ ياق. ئەگەر بىرەر سېغىن كالا سېتىۋالغان تەقدىردىمۇ ئۇنى باقىدىغان ئورۇن يوق، ئورۇن بار دېگەندىمۇ «ئېشىكىدىن توقۇمى قىممەت» توختايدۇ. چۈنكى كالا باققان شەھەرلىك ھەممە نەرسىنى بازاردىن نەق پۇلغا سېتىۋېلىپ بېقىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا كالا ئۇنىڭغا پايدا ئەمەس، ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى كالا بېرىدىغىنىدىن كۆپرەك نەرسىنى يەپ بولىدۇ.

2012 ـ يىلى يۇرتقا بارغىنىمدا مۇنداق بىر ئىشنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدىم: ئاكام بېغىدا ئىككى مو ئەتراپىدىكى يەرگە ياڭاق تىكىدىغان ھەم ياڭاقلىقا كىرىشتۈرۈپ تاۋۇز تىكىدىغان بولۇپ، ياڭاقتىن كۆرە تاۋۇز بەكرەك ئوخشاپ كەتكەنىدى. بىز روزا ھېيتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بارغاچقا، تاۋۇزلارغا ئاللىبۇرۇن قول تېگىپ بولغان بولسىمۇ، تېخى شالاڭلاشتىن يىراق بولۇپ، بىزمۇ ئېغىز تېگىپ ئۈلگۈرگەندۇق. بۇ تاۋۇزلار ھەم چوڭ،

ھەم تاتلىق ئىدى. شۇڭا، خوتۇن-بالىلىرىم تاۋۇزنىڭ تاتلىقلىقىدىن توسقىنىمغا ئۇنىماي كۈندە بىر نەچچە قېتىم يېيىشەتتى...

بىز قايتىپ كېتىشىنىڭ قازىنىنى ئېسىپ، ئۆيدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاكام بىر خېرىدارنى باشلاپ كېلىپ، تاۋۇزلۇققا قاراپ ماڭدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تاۋۇزلۇققا بېرىپ قالدىم. ھېلىقى خېرىدار تاۋۇزلۇقنى ئايلىنىپ ۋە بىر نەچچە تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ دەڭسەپ، ئۇرۇپ-شاپىلاقلاپ بېقىپ، بىرنى ئۈزدى-دە، چاقماق ئۇرۇپ تېتىپ كۆردى، ئاندىن ئاكامغا يۈزلىنىپ قول تەڭلىدى. ئاكام قول بەردى، ئۇ ئاكامنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— تاۋۇزلىرى ھەقىقەتەن ئوخشاپتۇ، تەممۇ تاتلىق ئىكەن. بىر ئېغىزلا گەپ قىلاي، بەرسىلە ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە ماشىنا ئەكېلىپ ئېلىپ كېتىمەن،— دېدى. ئاكام ئانىسىنىڭ ئېغىزىدىكى لوقمىسىغا تەلمۈرگەن كىچىك بالىدەك ئۇنىڭ ئېغىزىغا تىكىلگەنىدى. ئۇ:

— مۇنداق بولسۇن: تاۋۇزدىن ئىككى يۈزنى خىللاپ ئۈزۈۋالاي ۋە ئۆزۈم ئادەم باشلاپ كېلىپ، يولغا ئاچىقىپ بىر تەرەپ قىلىۋالاي، ئۈچ مىڭ يۈەن بېرەي، بېرەمسىلا؟— دەپ ئاكامنىڭ قولىنى سىلكىدى. ئاكام:

— كەم بولا، بەك كەمسۇندۇرۇۋەتتىلە، ئازراق قوشسىلا، كېلىشىپ قالىمىز،— دېدى بىر خىل مۇلايىملىق بىلەن. ھېلىقى باققال:

— 8-ئايغا 10 بولۇپ قالدى، ئەمدى تاۋۇزنىڭ كۈرسى چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاۋۇزلۇق بىلەن ماشىنا توختايدىغان يەرنىڭ ئارىلىقى 300 مېتىردىن كەم ئەمەس ئىكەن. تاۋۇزنى يولغا ئاچىقىپ، بېسىشىپ بەرگەنلەرگە ۋە توققۇزاق بازىرىغا ئاپىرىپ بەرگەن ماشىنىغا بىرمۇنچە پۇل خەجلەيدىغان گەپ،— دەپ چىڭ تۇردى. ئۇلار ئۆزئارا باھا تالىشىپ دەتالاش قىلىشقاچ باغدىن ھويلىغا چىقتى. ئاكام بوشاپ قالغاندەك قىلىۋاتاتتى. مەن «بېرىۋېتەرمۇ» دەپ تىت-تىت بولۇپ تۇراتتىم. ئارزۇيۇمغا يارىشا بەرمىدى. ئۆزۈمچە دادىسىدىن ھېيتلىق ئالغان كىچىك بالىدەك خۇش بولۇپ كەتتىم. ئەتىسى سەھەردە خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئەمما ئېسى-يادىم ئاشۇ تاۋۇزلاردا قالغانىدى. چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە ھېلىقى خېرىدار تاۋۇزغا تولىمۇ تۆۋەن باھا قويغانىدى. بىز خوتەندە ئاشۇ تاۋۇزلارنىڭ ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى بىرىنى 10 يۈەنسىز ئالالمايتتۇق. شۇڭلاشقىمكىن، پويىزغا قانداق ئېلىپ چىقىش ۋە ئېلىپ چۈشۈشنى ئويلاشمايلا ئىككى قاپقا تاۋۇز، كاۋا تىقىپ ئېلىپ ماڭدۇق... ئاكام ئۇ نەرسىلەرنى ماشىنىنىڭ كەينىگە سېلىپ، ئوغلى ھەسەنجانغا ھەيدىتىپ پويىز ئىستانسىغا ئېلىپ كەلدى ۋە بىزنى يولغا سېلىپ قويۇپ، قايتىپ كەتتى.

يول بويى «ئۇ تاۋۇزلارنى نەچچە پۇل قوشسا بېرەر بولغىدى، ئالغان ئادەم قانچىلىك پايدا تاپار؟» دېگەنلەرنى ۋە خوتەن شەھىرى بىلەن بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باھا پەرقىنىڭ چوڭلۇقىنى خىيال قىلىپ ئولتۇردۇم... ئۆيگە كېلىپلا، ئاكامغا تېلېفون بېرىپ:

— ساق-سالامەت ئۆيگە كەلدۇق، ئەنسىرەپ قالمىسۇن، دەپ تېلېفون ئېلىشىم،— دېدىم. ئاكام:

— قېيىنئاتاڭ-قېيىنئاناڭغا بىزدىن سالام ئېيتىپ قوي، سالامەت بولۇڭلار!— دەپ، گەپنى ئۈزۈشكە ئالدىرىدى. مەن ئۇنى ئالمان-تالمان توختىتىپ:

— ئاۋۇ تاۋۇزلارنى بەك ئەرزان سورىدى. ئاشۇنداق شاپاق نەرخى باھادا بېرىۋەتمىگىن يەنە،— دېدىم. ئاكام:

— بېرىۋەتمىسەم، قانداق قىلىمەن ئۇ تاۋۇزلارنى؟ بىر كۈن ئارتۇق تۇرسا، ماڭا بىر كۈن ئارامچىلىق يوق، ئەكسىچە ئاۋارىچىلىك. ئۇ ئادەمنى باشقىلار ئارقىلىق ئاران تاپقان، ئەگەر ئۇ كېلىپ قالسا ياكى تېلېفون بەرسە بېرىۋېتىمەن،— دېدى. مەن دەرھال:

— نېمىشقا؟— دەپ سورىدىم. ئۇ:

— تاۋۇز دېگەن ئادەمنى سىيدۇرۇپ بىكار قىلىۋېتىدىغان نەرسە، شۇڭا سىلەر زىيالىيلار «شاخار» دەسلەر، ئەمدى ئۇ تاۋۇزلارنى يەيدىغان ئادەم يوق، قۇدىلارغا بېرىپ، بالىلار يەپ كېكىرىپ كەتتى. يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن پەسىل ئۆزگىرىدۇ، كۈزگە تەۋە بولغاندىن كېيىنلا تاۋۇز يەيدىغان ئادەم تېخىمۇ ئازلايدۇ. شۇڭا، ھەپتە-ئون كۈن ئېتىزدا تۇرۇپ قالسا، بىر سىنتىقا ئەرزىمەيدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. مەندە توشۇپ ئۆيگە ئەكىرگۈدەك، بىر يەرلەرگە ئاپىرىپ ساتقۇدەك كۈچ-ماغدۇر يوق، ئەكىرگەن تەقدىردىمۇ نەگە قويۇپ يىغىشتۇرۇپ بولىمەن... تېرىمسام يوقلۇقى چاندۇ، بالىلار ۋە نەۋرىلەر چاكىلداپ، خەقنىڭ قوغۇن-تاۋۇزلۇقىغا

بويۇندايدۇ. شۇڭا تېرىپ قويغان، ئەسلا سېتىپ پۇل قىلىش مەقسىتىم يوق ئىدى، ئېھتىياجىمىزدىن ئېشىپ قالدى، شۇڭا سېتىۋېتەيلى دېگەن...— دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ.

ئاكام ئۇنداق دەپ تۇرسا نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ «ئارتۇق گەپ ئېشەككە يۈك» دەپ توختاپ قالدىم. لېكىن بۇ باھاغا ئەسلا رازىلىقىم يوق ئىدى، بىرنۆۋەتسە راستلا قارنىم ئاغرىيتتى. شۇڭا ئاشۇ گەپ نىرۋامنى غىدىقلاپلا تۇرغاچقا، 2 ـ 3 كۈننى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئاكامغا يەنە تېلېفون ئالدىم ۋە ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن:

— ئاكا، ھېلىقى تاۋۇزنى ساتتىڭمۇ؟— دېدىم گاچىنى ئىت قوغلىغاندەك ئالدىراپ.

— ساتتىم،— دېدى ئۇ.

— نەچچە پۇلغا سېتىلدى؟— دېدىم ئاسماقچىلاپ.

— 3 مىڭ 200 يۈەنگە ساتتىم،— دېدى ئۇ خۇشياقمىغاندەك قىسقىلا جاۋاب بېرىپ.

تېلېفوننى بېسىۋەتتىم. «قانداق ئىش بۇ» دەيتتىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە. مېڭەمدە ئۇماچ قايناتتى. تەپەككۇر كەپتىرىم يەنىلا شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدىغان باھا پەغىزىگە بېرىپ قوندى...

ھازىرقى يوللار ياسالمىغان 80 ـ يىللاردا قەشقەر شەھىرى بىلەن يېزىمىز بۇلاقسۇ بازىرىنىڭ ئارىلىقىنى 30 كىلومېتىر ھېسابلايتتۇق. بۇ يەر بىلەن ئۆيۈمنىڭ ئارىلىقى 5 كىلومېتىر دېيىلەتتى. شۇڭا، بۇ قېتىم كېلىشىمدە پويىز ئىستانسىغا ئالدىمغا كەلگەن نەۋرە ئىنىم روزىھاجىمغا ماشىننى شەرقىي كۆلنى كېسىپ ھەيدەشنى ئېيتتىم ۋە ئۆستەڭ بويىدىكى پوچتىخانىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ماشىنىنىڭ مۇساپە ئۆلچىگۈچىگە قاراپ بېقىشنى تاپىلىدىم. ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە:

— پوچتىخانىدىن بۇ يەرگە نەچچە كىلومېتىر كېلىدىكەن،— دەپ سورىدىم. ئۇ:

— ساق 39 كىلومېتىر كېلىدىكەن،— دەپ جاۋاب بەردى.

39 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر خادىنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى شەھەر بىلەن سەھرانىڭ ئارىلىقىدا بولۇۋاتقان باھا پەرقى ئۈچتىن بىر ئىدى. بۇ باھا ئەقلىمنى ھەقىقەتەن لال قىلاتتى. ئاجايىپ ئىش: خادىنىڭ ماۋۇ بېشىدىكى سەككىز يۈەنلىك سۈتنى ئاۋۇ بېشىدا پۇلغا ئالمايتتى. بۇ تەرەپتىكى ئالتە يۈەنگە ساتقىلى بولىدىغان تاۋۇزنى ئاۋۇ بېشىدا ئىككى يۈەنگە ساتقىلى بولمايتتى... ماۋۇ تەڭسىزلىكنى كۆرۈڭ!

39 كىلومېتىر قانچىلىك يول ئىدى؟ ئادەتتىكى ئەبجەق ماشىنا بىلەن ماڭسىمۇ يېرىم سائەتلىك يولغۇ ئۇ؟ گەپنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ بازارغا بولغان چۈشەنچىسى، قىسقىسى بازار ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە پۇل تېپىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىمىگەنلىكى، شۇنىڭدەك ئالتاي يازىچە تەرلەپ ـ پىشىپ ئىشلەپ ئاران تەستە ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتىنى پۇلغا ئايلاندۇرۇشنى بىلمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى...

پاكىت شۇكى، 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ ، 8 ـ كۈنلىرى شىنجاڭ ۋاقتى كەچ سائەت 7.30 ئەتراپىدا قەشقەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا شەندۇڭدىن كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ لەڭگەر يېزىسىغا كېلىپ، ئۆرۈك سېتىۋېلىپ گۇلە قۇرۇتقان بىر كىشى زىيارەت قىلىندى. ئۇ كەسپىنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ راك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، خىزمەتنى تاشلاپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، گۇلىنىڭ راك كېسىلىنى داۋالاشتىكى رولىنىڭ چوڭلۇقى... بۇ يەرگە گۇلە قۇرۇتماقچى بولۇپ كەلگەنلىكى، ئۆرۈكنىڭ كىلوسىنى نەچچە پۇلدىن ئالغانلىقى، ئىسلىغان گۇلىنىڭ رەڭگى چىرايلىق بولسىمۇ، بەدەنگە زىيان قىلىدىغانلىقى؛ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا قۇرۇتسا، سۈپەتسىز بولۇپ قېلىپ باھاسى تۆۋەنلەپ كېتىدىغانلىقى؛ پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ قۇرۇتسا، باھاسىنىڭ ئۆرە بولىدىغانلىقى، مۇشۇ بىر يىلدا گۇلە قۇرۇتۇپ قانچىلىك پايدا يارىتىدىغانلىقى، بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ بەك ياۋاش، ئاق كۆڭۈللۈكى، بىچارىلىكى، ئىش ئۇقمايدىغانلىقى... قاتارلىقلار ھەققىدە بىرمۇنچە سۆزلەپ كېلىپ:

— بۇ يەردىكى دېھقانلار پۇل تېپىشنى ئانچە بىلمەيدىكەن. چۈنكى بىر سېۋەتكە سەممەت ئۆرۈك بىلەن موكاياغلىقنى ۋە باشقا ئۆرۈكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىپ كېلىدىكەن. مەن بۇنداق قىلسا، ئۆرۈك باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىدىغانلىقىنى، ئادەم سېلىپ ئۇنى تۈرگە ئايرىيدىغانلىقىمنى، ئايرىم ـ ئايرىم ئېلىپ كەلسە، ئاۋۇ ئايرىپ، سورتلايدىغان ئادەملەرگە بېرىدىغان پۇلنى ئۆرۈك باھاسىغا قوشۇپ قىممەت ئالىدىغانلىقىمنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈردۈم. ئاندىن ئۇلار تۈر بويىچە ئېلىپ كېلىدىغان بولدى ۋەھاكازا...— دېدى. ئۇ ئادەمنىڭ:

— بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بەك ياۋاش بولىدىكەن، — دېگەن گېپىدىكى «ياۋاش» سۆزىگە بەكرەك دىققەت قىلدىم-دە، بىردەم ئويلاندىم. بۇ يەردىكى ياۋاشلىق ھەرگىزمۇ كىم نېمە دېسە، «ماقۇل» دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغانلىقنىلا بىلدۈرمەستىن، بەلكى ئۇلار ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنى ئالدىغان خېرىدارنىڭ يوقلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى تۈپەيلىدىن پۇل قىلالماي، ئالارمەن قانداق باھا قويسا، قانداق قىلىپ بېرىسەن دېسە، «خوش» دېيىشى، باھا تالاشمىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئەقەللىيسى، ئۇلار «ئاناڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە» دېگەندەك ئۆرۈكلەرنى تۇرگە ئايرىپ، سورتلاپ، سېۋەتلەرگە قاچىلىغاندىن كېيىن ئانچە-مۇنچە سۇ چېچىپ، پارقىرىتىپ ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنىمۇ بىلدۈرەتتى... دېھقانلار شۇنداق «ياۋاش» بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئۆرۈكلىرىمۇ مەن ئىچ ئاغرىتقان ئۆرۈكلەردەك سېسىپ ئاللانېمىلەرگىدۇر يەم بولاتتى. يانچۇقىغا كىرىدىغان ئىككى-تۆت تال پۇلمۇ يوق بولاتتى. بىزدە ئالتە ئاي يازىچە تەرلەپ-پىشىپ ئىشلەپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، سېتىپ پۇل قىلالماي بارمىقىنى شۇمۇپ، ئىچىگە تىنىپ يۈرىدىغانلار ئازمۇ؟

شۇ چاغدا ئۆز-ئۆزۈمگە: مانا بۇ بىزدىكى نادانلىق، مانا بۇ بازار ئېڭىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، مانا بۇ دېھقانلارنى بېيىشقا يېتەكلەشنىڭ تېخى يېتەرلىك بولمىغانلىقىنىڭ پولاتتەك پاكىتى، دېدىم. مانا بۇ مەھسۇلاتنىڭ باھاسىنى بازار ئارقىلىق تەڭشەش يولغا قويۇلغىلى نەچچە ئون يىل بولغان، يېزا-كەنتلەرگە قاتلاممۇ قاتلام كادىرلارنى ئەۋەتىلىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدە تۈپلۈك ئۆزگىرىش ياساش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەرخىل تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئاممىۋى لۇشيەن تەربىيەسى چوڭقۇر قانات يېيىۋاتقان شارائىتتىكى مەن كۆرگەن ۋە ھېس قىلغان شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئىدى.

پارتىيە-ھۆكۈمەت ئاللىبۇرۇن دېھقانلارنىڭ ئۈستىدىكى تۈرلۈك سېلىق ۋە باجلارنى ئېلىۋەتتى، بازارلارنى قويۇۋەتتى. ئېلىپ-سېتىشتىكى قىيىنچىلىقلارنى، ئۇقۇشماسلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن مال باھاسىنى بازار ئارقىلىق تەڭشەش، شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىش، يېزىلارنى شەھەرلەشتۈرۈش ۋە يېڭى يېزا قۇرۇش، ھەرخىل زىرائەتلەرنى تېرىغانلارغا تولۇقلىما پۇلى بېرىش... دېگەندەك سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقىرىقىدەك باھادىكى چوڭ پەرقلەرنى كىچىكلىتىش ۋە تۈگىتىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغىلى ۋە داۋاملىق تەكىتلەپ، تەدبىر قوللىنىپ كەلگىلى ئۇزۇن بولدى.

ئەمما يېزىلار بىلەن شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر تېخى تۈگىمىدى. چوڭ سەۋەبلەرنى ئىزدەپ كۆرگەندە، بەزى كىشىلەرنىڭ بازارلارنى مونوپول قىلىۋېلىشى، بىر قىسىم تىجارەتچىلەرنىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، بەزى تاۋارلارنىڭ باھاسىنى بىر تۇتاش ئۆستۈرۈۋېلىشى، ئەرزان ئېلىپ، نەچچە ھەسسە قىممەت سېتىشى... قاتارلىق ناچار ھەرىكەتلەرنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەن دېھقانلار قويۇلۇپ كېتىشتىن، كىرا ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ھەققى چىقماسلىقىدىن قورقۇپ، نەرسە-كېرەكلىرىنى بازارغا سالالماسلىقى قاتارلىق ئىشلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

«ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ۋە ئەلنى مايىل قىلىش» چاقىرىقىنىڭ ئىچىدە «ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش» دېگەن گەپ مېنىڭچە: «يېزا، كەنتلەردىكى دېھقانلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش» دېگەندىنلا ئىبارەت بولماستىن، بەلكى «ئۇلارنىڭ ئەجىر-تەرىنىڭ نەتىجىسى بولغان ئىشىنچا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ پۇل قىلىشى ئۈچۈن ئىزدىنىپ، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بازار تېپىشىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلارنىڭ بازار قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ، بازارغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقلىرىنى دېھقانلارغا توغرا، ئىلمىي چۈشەندۈرۈپ، مەھسۇلاتنى يۈرەكلىك ھالدا بازارغا سالالايدىغان ئاڭ يېتىلدۈرۈش» دېگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، تۆۋەنگە چۈشۈپ، دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ جاپالىق ئىشلەۋاتقان كادىرلارنىڭ بۇ جەھەتتە دېھقانلارغا ھەقىقىي يار-يۆلەك ۋە باشلامچى بولۇشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ




## دېڭىز

ئۇپۇق كۆرۈندۇ، نىشان كۆرۈنمەيدۇ،
غۇر ـ غۇر شامال، تۇمان كۆرۈنمەيدۇ.
سۇنغان نۇر سۇ يۈزىدە مارجان ئەينى
چايكا كۆزىگە مارجان كۆرۈنمەيدۇ.
قۇياشلىق كۆكتە هايات شەۋقى،
يالغۇز يەلكەنگە ئەپقان كۆرۈنمەيدۇ.
كېچە پايانسىزلىق جانغا ۋەھىمە،
لېكىن هېچنەرسە سەرسان كۆرۈنمەيدۇ.
يىراق ـ يىراقلاردا مەۋھۇم ئالۋۇن،
دولقۇن قوينىدا گۈلخان كۆرۈنمەيدۇ.
سەيياھ قانىتىغا ئىشەنچ هەمراھ،
گەرچە يېنىدا كارۋان كۆرۈنمەيدۇ.
ئەركىنلىك دېگەن شۇنداقمىكىن تاڭ،
نە پادىشاھ، نە خان كۆرۈنمەيدۇ.
دېڭىزنىڭ قەلبىدە ئۇھسىنىش
چايكىدىن باشقا جەۋلان كۆرۈنمەيدۇ.

## مەن كۆرگەن خارابىلار

لام ـ جىم دېمەي چېچىلىپ ياتقان خىشلار
ئۆرۈلگەن سارايلاردا خىيالىم.
سۇنغان مەرمەر پارچىسىدا هىلال ئاي
شاهلار تەختى بىلەن بولمىدى كارىم.
دېۋارلارنىڭ ئۆزىلا ئۆچمەس يېزىق
كۆرۈنمەيدۇ بۇلغار تاشلىق كىتاب.
تۇۋرۈكلەر گىگانىت ئادەمنىڭ ئۆزى
يىراق ئەسىرلەردىن قالغان ئىزتىراپ.
ئىزاهات يوق، چۈشەندۈرۈش يوق
ئاڭلانمايدۇ مىڭ سەيياهقا بىر خىل گەپ.
كۆرۈۋاتقانلارنىڭ قەلبى قەلبىدە
بىرىگە شادلىق بىرىگە هەسرەت.

پىششقەدەملەر قەلىمى

ياش بىرلىرىگە بىلىنىدۇ سۇ،
تۇزلەڭ بىرلىرىنىڭ قارىشىدا تاغ.
بىرلىرىدىكى شۆھرەت بىرلىرىگە خەس
بىرلىرى ئىزدىگەن شان بىرلىرىگە داغ.
يۇملاق قۇببىلىق جامەلەر يېنىدا،
ھۆرمەت بىلەن تىكلىنىپ تۇرىدۇ چىركاۋ.

## ئىگەي دېڭىز بويىدا

ئىگەي دېڭىز بويىدا تۇرىمەن،
قۇلىقىمدا ساھىل سەلكىنى.
يىراق ئۇپۇقتا گىرېتسىيە تەرەپكە
كېتىپ بارىدۇ يالغۇز سەيياھ يەلكىنى.
كۆۋەرىگەن بۇژغۇندا تونۇش غۇرۇر،
لەيلىگىنى كۆپۈك، تىنغىنى كۆز ياش.
چايكىلار كۆزىدە كونا تەزىيە،
ئېغىر قانىتىدا ئەسلىمىدىن تاش!
مۇھەببەتمىدى يازغىنىڭ بايرون،
يا مەن كۆرمىگەن تارىخ كەلكۈنى؟
ئوتتۇز ئالتە يېشىڭنى ئۆلۈمگە تۇتقاندا
كۆڭلۈك تۇيغانمىدى نامسىز كەلگۈنى؟
يۇرتۇڭغا سۆيگۈ بەردىڭ، مەزلۇمغا نومۇس
ھۆرلۈك ئۈچۈن يوق قىلدىڭ ماكان پەرقىنى.
يامغۇرلۇق كېچىدە ئۇھسىنغان چېغىڭ
ھىلال ئاي تارتقان كىمنىڭ زەۋقىنى؟
يۇلتۇزلار ئۆچۈۋاتقان ئاخىرقى تاڭ،
قالدۇرۇپ قۇياشقا نۇرلۇق ئەركىنى.
ئاجىز تىنىقلىرىڭنىڭ ئۆزى بىر شېئىر
بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىدىمۇ شائىر تەلقىنى؟

ئۆزۈڭدە ئەركىنلىك يوق تۇرۇپ، بايرون
تاپماقچى بولغانىدىڭ كىمنىڭ ئەركىنى،
مۇھەببەت مەڭگۈلۈك، ئۆمۈر بەك قىسقا
ئاز ئادەملا سۇرىدۇ ھايات شەۋقىنى.
سەندىنمۇ قالدى بۇ دۇنيا، بۇ شېئىر
سىرلىق ئۇزىدىكەن ئارزۇ يەلكىنى.
ئوتتۇز ئالتە يېشىڭنى ئۆلۈمگە تۇتقاندا
ئالەم ئىگىسى بىلدىمۇ ئۆلۈم نەرخىنى؟

## ۋەتەن

بايرون، سەن جىسمىڭنى قىلىپ دون ژۇئان
سېتىلمىغان بولساڭ ئىدىڭ ھەرەمگە.
تۇرك قىزلىرىنى بەخىرامان كۆرگەن بولساڭ،
چۈشمەسمىدىڭ گىرېتسىيەدە قانلىق جەڭگە؟
تۇغۇلغان يۇرتۇڭدىن سەرسان كەلدىڭ،
نېمەڭ يەتمىگەن ئىدى نېمەڭگە؟
ئۆزۈڭنى گىرېك قىزىغا دو چىقتىڭ
جەسىتىڭ قايتىپ كەتتى يەنە ۋەتەنگە...

## قۇش ئاداسى

قۇش ئاداسى، قۇشلار ئاداسى
ئاڭلانمايدۇ قۇشنىڭ ساداسى.
قۇشنى بېرىپ سايراش بەرمىگەن،
بىلەلمىدىم كىمنىڭ خاتاسى؟
سەيلىدىمەن زەيتۇنلۇق ئارا
شۇنچە مەستخۇش زەيتۇن ھاۋاسى.
سەكرەپ ـ سەكرەپ يۈرگەن تۇمۇچۇق
ئىدى ماڭا سۆيگۈ داۋاسى.
ئاڭلانمىدى ئاۋازى ئەتىەڭ،
چەكلىگەنمۇ ئاتا ـ ئاناسى؟
ئۆتكەنمىكىن ياكى بېشىدىن
سايرىغاننىڭ بالا ـ قازاسى؟

## ئاق قۇشقاچ

ئاتا ـ بوۋامنىڭ قەبرىسى يوق جايلاردا،
مەن بۇرۇن كۆرمىگەن يېگانە ئەلدە.
ئاتا ـ بوۋىسىنى بىلمەيدىغان قۇشقاچلار
ئۇچراپ تۇردى قەدەم ـ قەدەمدە.
قانىتى كۇلرەڭ، مەيدىسى ئاپئاق،
بىر جۇپ كۆزى يەردىكى يەمدە.
شۇنچە ئەركىن، بىلمىدىم لېكىن،
كىمگە ئاسىي، كىملەرگە بەندە!...

## توپان بالاسى

شۇ چاغ نوھنىڭ كېمىسىدىن ئۇچقان كەپتەر،
قۇرۇقلۇقتىن خەۋەر بەرگەن زەيتۇن چىشلەپ.
توپان بالاسى بولمىغاچ بىزنىڭ ئەلدە
ئاتىلدۇ بۇ دەرەخ قاغا جىگدە دەپ!
شۇ ۋەج كەپتەرنىڭ قىلچە قەدرى يوق،
چوقۇم ھايال ئۆتمەي كېتىدۇ تۈگەپ.
چاقچاقنىڭ ئورنىدا ئەسلەپ قويىمىز،
راھەتلەنگەندە زەيتۇن يېغى يەپ!

## قەھۋە

قەھۋە يوپۇرمىقىنى يەپ سالغان قويلار،
ئۇخلىمىغان ئىكەنمىش قوتاندا سەكرەپ.
بىر كەچ تۈرك قىزى بىلەن قەھۋە ئىچتۇق،
خىلۋەت چايخانىدا ھېكايە سۆزلەپ.
ھېرىش يوق، گەپ بىلەن تۈگىدى ئاخشام
قايتىپ كەتتۇق ئۆيگە ۋاقتنى خەپلەپ.
ئەرتىسى ئۇچراشتۇق، سۆرەپلا ماڭدى
يەنە تۈنۈگۈنكىدەك قەھۋە ئىچسەك دەپ.
ئۇ شۇنداق ئۆتكۈزدى نەچچە ئاخشامنى
جىمى قىلىقنى لېۋىگە يۆتكەپ.
ياشسىمۇ بولغۇدەك ئادەم شۇ يەڭلىغ
ئويۇن-چاقچاقنى قەھۋەگە دۆڭگەپ...

## كۆرۈنمەس قەبرە

سىز سەيياھ ئوخشايسىز، تۈكۈرمەڭ يەرگە
دېدى بىر بالا—بۇ ئۇنداق يەر ئەمەس.
چىڭراقمۇ دەسسىمەڭ، پۇتىڭىزدىلا،
ئېھتىمال شېھىتلەر ياتقاندۇ پەۋەس.
سىز سەيياھ ئوخشايسىز، بىلمەيسىز بەلكىم
بۇ يەر بىزگە كۆكتىن ئېگىز، گەرچە ئۆزى پەس.
ئېھتىمال ئايىغىڭىزدا ئىزى بار قانىنىڭ،
شۇ قانلار تۆكۈلمەي تۇرالمايتتۇق دەس.
سىز سەيياھ ئوخشايسىز، تۈكۈرمەڭ زىنھار
بۇ سىز تۈكۈرەرگە ئاددىي يەر ئەمەس.
شېھىت ياتقانلار بار ئايىغىڭىزدا
شۇ ۋەج بۇ يەر بىزگە بەكمۇ مۇقەددەس...

## پامۇك قەلئە

پامۇك قەلئە، ئۇيغۇرچە پاختا قەلئە،
قاردەك ئاقلىقىدىن كەلگەن نام.
شۇنچە سۇزۇك، شۇنچە بىغۇبار
ھۆسنىگە تەبىئەت ئىبەرگەن ئىنئام.
قىيالىرى يىپەك ياپقاندەك،
كۆلچەكلىرى مەيگە تولغان جام.
ئەتراپىدا چېچىلىپ ياتقان تاشلار
تىك تۇرغىنى تارىختەك يىمىرىلمەس تام.
ۋۇجۇدۇمغا نەرە تارتىپ كىردى ئەسلىمە
خىيالىمنى قىلىۋالدى رام.
زەيتۇن چىشلەپ ئۆتۈپ كەتتى بىر توپ كەپتەر
نوھنىڭ كېمىسىنى قىلغاندەك دام-دام...

## بۇ دېڭىز، بۇ ھايات

جىمجىت ئايرىلدىم ساھىل بويىدىن،
جىمجىت قالدى ئارمان كۆمۈلگەن جاي.
بۇژغۇنلار ياماشتى قىيالىمىغاندەك،
دېڭىز يۈزى گويا تاقىر كەتكەن ساي.
يەلكەنلەر تۈزلەڭدە قۇرۇغان شىۋاق،
چايكىلار يۈرتتىكى سۆيۈملۈك تورغاي.
يۈزۈمنى سىلىغان سەلكىنىنىڭ قولى،
ئۈستۈمدە بىردىنبىر تونۇش تولۇن ئاي.
ئەت جانىمغا ئۇلاشتى تىترەك،
قايتا كېلىش ئىمكانى بولغاي.
ساھىلدا سېغىنىش ئاشتى ھەددىدىن،
سەۋەب سېغىنىش بەرگەن باشقا جاي...

مۇھەررىرى: **مۇسا ئەھەد** (تەكلىپلىك)

# پۇچۇق ئەينەك

(ھېكايە)

ئابدۇراخمان ئىسمائىل (قىرغىز)



قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

1

ئۇنىڭ شوربۇلاق تەرەپتىن تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغىنىنى كۆرگەن خەقلەر كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەيلا قېلىشتى. ئۇن ـ تىنسىز غايىب بولۇپ كىشلەر تەرىپىدىن «ئۆلدى»گە چىقىرىۋېتىلگەن ئاقمارالنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن ئەرۋاھتەكلا پەيدا بولۇشى يېزىدىكى ھەممە خەقنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغىغان ئىدى. خەقلەر ئۇنى كۆرگەن زامات نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ، «بىسمىللا» دەپ كەلىمە كەلتۈرۈشۈپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى. ئاغزىدىن چىققان گەپ ـ سۆز، قىلغان قىلىقلىرىنى كۆرگەندە بولسا «ساراڭ» بوپتۇ، دېيىشتى ـ دە، ئاقمارالنى ساراڭغا چىقىرىشىپ توختاشتى.

دېگەندەك ئاقمارال راستتىنلا ساراڭ بولغان ئىدى. بۇرۇن ساغرىسىغىچە يېيىلىپ قارىغان كىشىنى تەلمۈرتىدىغان بوستاندەك ئۇزۇن ـ ئۇزۇن چاچلىرىنى يۇلۇۋېرىپ خۇددى يۇڭگۈزلىغان توخۇدەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئايىنى خىجىل قىلغۇدەك گۈزەل رۇخسارى تاتىرىپ، ئۆزىنى ئۆزى تاتىلاۋېرىپ يۇزلىرى قىيما بولۇپ، ئادەمگە قارىغان كۆزلىرىدىن مۇدھىش نۇر چاقناپ ئادەمنى سۈر باستۇراتتى. كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقىدىن ئەسلىدىكى جازىبىدارلىقىدىن ئەسەرمۇ قالماي لەش بولۇپ كىر دەستىدىن قاپقارا بولۇپ كەتكەن كۆكسى كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى. قولىدا بىر تال پۇچۇق ئەينەك بار بولۇپ، قاچانلا قارىسا پۇچۇق ئەينەكنى كۆزىگە يېقىن تۇتۇپ سىرتىنى كۆزىتىپ يۇرەتتى.

ئەر ئالماي ئولتۇرۇپ قالغان چىرايلىق چوكان ئاقمارالنى ئىلگىرى خوتۇن قىلغۇسى كەلگەن، خوتۇنسىز يۇرۇپ قېرى يىگىتلىكتىن ئوتتۇرا ياشلىققا ھالقىپ كەتكەن چاڭگا ساقال كىشلەر ئەمدى قانداق تۇيغۇدا بولۇۋاتىدىكىن؟ مانا ئەمدى شور پېشانە ئاقمارال خەقنىڭ ئاغزىدا «ساراڭ»غا چىقىرىلىپ كۆرگەنلا يەردە يۇرۇيدۇ

ئېگىز-پەس سۆزلەپ. قىلغان گېپىنى قارىساڭغۇ ھېلى ساق ئادەمدەك، ھېلى ساراڭدەك سۆزلەپ راست بىلەن يالغاننى ئايرىيالماي بېشىڭ ئايلىنىپلا كېتىدۇ. بىردەم قۇلاق سالغان بولساڭ-دە، ئاستا بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولىسەن.

— بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا... — دەپ سۆز باشلايتتى ئۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا سايىداپ ئولتۇرۇشقان بىر قانچە ئادەمنى كۆرسىلا شۇ يەرگە بېرىپ. قولىدا بولسا قاچانلاردىدۇر تېپىۋالغان ئەينەكنىڭ پۇچۇقى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ شولىسىنى قولىدىكى ئەينەكتىن كۆرۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— چوڭ ئاتامنىڭ زامانىسىدا چوڭ ئانام ئۇتتۇر چىشلىرى توڭكاي، بۇرۇنلىرى پاناق چوكان بولۇپ ئۇ چوڭ ئاتامغا ئۇچرىغاندا... ھەي مۆمىنكا، نېمىشقا قىمىشىپ ئولتۇرالمايسەن؟ ماياققا قاراپ سۆزۈمگە قۇلاق سال. چوڭ ئاتام ھەرگىز ساڭا ئوخشىمايدىكەنمىش. ئۇ چۆپلەرنى ئورۇپ بولۇپلا ھەپتىيەكنى قولىغا ئالاتتىكەن، سەن مۇشۇ ياشقا كېلىپمۇ ناسۋال تۈكۈرۈپ ئولتۇرىسەنا!...

— ھەسەن دەيدۇ ئۇنىڭ ئىتىنى، — ئاقمارال قىلغان گېپىدىن شۇ ھامان ئازاتتى، — ھەسەننى بىلەمسەن؟ ھېلىقى يىلى ئاشخانىدىن بەرگەن نورمىلىق زاغرامنى قولۇمدىن تارتىۋېلىپ بالىسىغا ئېپ بەرگەن؟

— ھە ھە؟ — دەپ ئۇنى گەپكە سېلىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغۇسى كەلگەنلەرگە ئۇ بەخىرامان ھالدا تاغدىن-باغدىن سۆزلەشكە باشلايتتى.

— پاتما ئاچام ئاشۇ ھەسەننىڭ ئۆيىدە ھەسەننىڭ مەيدىسىنى مۇشتلاپ قارا يۈزدىن قارا يۈزگە سېلىپ تىللاپ يىغلىمىدىمۇ؟ قارا يۈز دېگىنى نېمىسى؟ ئۆيىگە باشقا ئايالنى ئەكىرىپ ئويناشقىنى شۇما... تۇۋا!... ھەي مۆمىنكا، چوڭ ئاتامنىڭغۇ كۆڭلىكىنى يۇيۇپ بەرگەن، سېنىڭ كۆڭلىكىڭنى يۇيۇپ بەرگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. قاچان قارىسا دەريانىڭ بويىغا بېرىپ مۇزايىدەك يالىڭاچ بولۇۋېلىپ تامباللىرىڭنىڭ يۇندىسىنى سىقىپ ئولتۇرىدىكەنسەن، سەتلىكىنى پوقساقال، شۇ چاغدا بېسىۋالغانتىڭ مېنى-ھە؟!...

ئولتۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ مۆمىن چالغا قارىشاتتى.

— ئۆل، بېشىڭنى يە ھۇ ساراڭ! — دېگىنىچە مۆمىن چال قىزىرىپ تاتىرىپ ھەممىدىن بۇرۇن تۇرۇپ كېتەتتى، — ساراڭكەن بۇ!

— ھوي مۆمىنكا، ساراڭنىڭ گېپى ئۆيدىكى ئاۋۇ ئاچچىقى يامان مومىيىڭنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالمىغاي-ھە؟ — دەپ كىشىلەر چاقچاق قىلىشاتتى.

— يوق گەپ. ساراڭكەن بۇ... — دەپ مۆمىن چال پۇتىغا چوڭ كېلىپ قالغان مەسىسىنى پولوكشىتىپ دەسسەپ ئۆيىگە قاراپ ماڭاتتى. ئاقمارال بولسا قولىدىكى پۇچۇق ئەينەكتىن مۆمىن چالنىڭ شولىسىنى چۇشۇرۇپ نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە ئارقىسىدىن ئەگىشەتتى. ئەمما مۆمىن چالنىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ بولغىچە مۆمىن چالنىڭ بالىلىرى چىقىپ ئۇنى چالما-كېسەك قىلىشقا باشلايتتى. ئۇ ئۈستىبېشىغا يامغۇردەك يېغىۋاتقان چالمىلارنى جەينىكى بىلەن توسىغانچە سۆزلەشنى توختاتمايتتى.

— ھەجەپ جىق كۈچۈكلەركەن بۇ... ئاتىما بولدى!... توختات... مەن شۇ چاغدىلا يىرتىپ تاشلىغان ئاتاڭلارنىڭ خېتىنى... راستتىلا يوق ھازىر... ھۇ قېلىن، شۇنچىۋالا جىق بالىلىرى تۇرۇپ ئاشۇنداق قېلىن خەتنى يازغانمۇ؟ ھاي دە ما كۈچۈكلىرىڭنى...

ئەمما بالىلار چالما ئېتىشتىن توختىمايتتى. مۆمىن چالنىڭ ئايالىمۇ چىقىپ ئۇنى يامان تىللار بىلەن تىللاشقا باشلىغاندا ئۇ قاقاقلاپ كۈلەتتى.

— ماۋۇلار ساراڭ بولغانمۇ نېمە؟ ئەر-خوتۇن، بالايۇ ۋاقا ھەممىسى قىپقىزىل ساراڭ...! ھا... ھا... ھا!...

2

كېچە.

ئايدىڭدا چېكەتكىلەر چىرىلدىشاتتى. ئاسماندا تولغان ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدىن مارىلاپ تۇراتتى.

مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قەبرىستانلىق ئايدىڭدا ھەيۋەتلىك ھالدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىدىن تۈنۈگۈن مەھەللە كادىرلىرى ئۆستەڭ ياسايمىز دەپ توپا تۇرتۇش

ماشىنىسى بىلەن يېقىندىن توپا قېزىۋەتكەن جايدا قوزغىلىپ توپىنىڭ تېشىغا چىقىپ قالغان سۆڭەك چىرىندىلىرىنى تېرىپ يۈرگەن ئاقمارالنىڭ كىچىك جىمجىتلىقنى بۇزغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ ئېتىكىگە لىققىدە توشقۇزۇلغان سۆڭەك پارچىلىرىنى ئاپىرىپ بىر قەبرىنىڭ يېنىغا تۆكتى. ئاندىن قولىدىكى پۇچۇق ئەينەكنى ئۇنىڭغا قاراتتى. سۇس ئايدىڭدا ئەينەكتىن ھېچنېمە كۆرۈنمىگەندىن كېيىن كوتۇلداپ سۆزلەپ كەتتى.

— ۋاي مېنى كۆرمىدى، بىلمىدى دەمسەن؟ ھەممىنى بىلىمەن. چوشقا قوتىنىدىكى قىغنى ئەكېلىپ زىرائەتكە قۇيساق ھەر مو ئېتىزدىن مانچە مىڭ جىڭ ئاشلىق ئالغىلى بولىدۇ دېيىشتىڭلارغۇ؟ ئاندىن ئاتامغا ئەگىشىپ بارمىدىممۇ مەن... ئاتام ئۆلگەندە «جىن - شەيتان» دەپ ھەممىڭ نېرى قېچىپ ھەتتا ئاتامنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ كېلىشمىدىڭغۇ شۇ چاغدا؟ قېنى جىن؟ ھېچ مەن كۆرمىدىمغۇ مۇشۇ كەمگىچە؟

ئۇ قولىدىكى ئەينەكنى ئۇياق - بۇياققا مىدىرلىتىپ سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— ھە، مەن ھەممىنى بىلىمەن. «جىن - شەيتان»نىڭ قىزى دەپ مېنى تىللىغان ئانارگۇلنىڭ ئېرىچۇ؟ دالدا يەردە ماڭا ئېسىلمىدىمۇ؟ ئانارەكنى قويۇپ بېرىپ سېنى ئالىمەن، گېپىمگە ماقۇل دە دەپ... ۋېيەي... ئۇنداق ساراڭغا چۇشۇپ قالغان ئاقمارال ئەمەس مەن! ھېلىقى يېرىگە كەلتۈرۈپ بىرنى تەپسەم ئۇجۇقۇپلا كەتمىدىمۇ؟ «سېنى ئەمدى ھەرگىز ئالمايمەن، ھۇ ساراڭ» دەيدۇ تېخى، ساراڭ دېگەن ئۆزى!... ساراڭ بولمىسا ئېرى يوق ئايالنىڭ ئۆيىدىن يېرىم كېچىدە تاياق يەپ قاچمايتتى!... ئۇ ئايالنىڭ ئېرى قاسىم ئەنە ئاۋۇ گۆردە ياتامدۇ ئۆزى يالغۇز. گۆرنىڭ يېنىدا ئاڭلاپ تۇرسام بىر كۆزى تۇڭلۇكتەك، بىر كۆزى پىتتەك بىر مەخلۇق دەپتەرنى ئېچىپ قويۇپ سۆزلەۋاتامدۇ... «بۇ دېگەن ئۆلگەن ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى نىكاھىغا ئالغان. يەنە تېخى مەمەت خەلپىتىمنىڭ ئايالنى يولدىن چىقارغان.» دەپ... قاسىمنىڭ يىغلىشىنى. ئاڭلىساڭ ھۆ بولغۇڭ كېلىدۇ، ئاڭلىغۇڭ كەلمىسە قۇلىقىڭغا تېزەك تىقىۋال، لاي... لاي... لاي...

ئۇ ناخشا ئېيتقانچە قەبرىستانلىقتىن يىراقلاشتى.

تاڭ ئېتىپ يۇلتۇزلار تارقاشقا باشلىدى.

كېچىچە ئۇخلىماي ئايلىنىپ يۈرگەن ئاقمارال تاڭغا يېقىن ھېرىپ ئۇنى ئۆچتىمۇ، قانداق، ئاغزىنى قىمىرلىتىپ قويۇپ بېشىنى سىپىلىپ كېلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز يول بويىدىكى بىر دەرۋازا غىچىرلاپ ئېچىلىپ ئۇنىڭدىن سۇرانباينىڭ ئىككى قىزى بېشىنى چىقىرىشتى.

— ئاقمارال ساراڭ شۇ!...— دېدى چوڭى يېنىدىكى سىڭلىسىغا ئاقمارالنى ئىشارە قىلىپ تۇرۇپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەنچە،— كېچىچە قاۋاپ چىققان ساراڭ...

— ھەجەپ مەينەتكەنغۇ ئاچا؟...

بۇنداق چاغدا ئاقمارالنىڭ سەزگۈرلۈكى ساق ئادەمدىنمۇ بەك ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى «ساراڭ» دېگىنىنى ئاڭلاپلا قالدىمۇ بولدى، چىشلىرى كىرىشىپ كېتىدۇ.

— ھە، نېمە دېيىشىسەن؟ كىم ساراڭكەن؟

ئاقمارال دەررۇ يولنى ئۆزگەرتىپ قىيپاش ئوچۇق دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردى. ئىككى قىز شۇ ھامان چىرقىرىشىپ بەدەر قېچىشتى. ئاقمارال دەرۋازىنىڭ يېنىغا يېقىن بېرىشىغا قىزلىرىنىڭ ۋاڭ - چۇڭىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىققان سۇرانباينىڭ خوتۇنى ئاقمارالغا ھەيۋە قىلدى.

— يوقال كۆزدىن ساراڭ! نېمە بار ئۆيۈمنىڭ ئالدىدا؟ ھېلى بىكار!

بىراق ئاقمارال بايا ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ كىرىپ كەتكەن قىزلارنى تېپىش ئۈچۈن دەرۋازىغا ئۆزىنى ئۇردى. سۇرانباينىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغانچە تالاغا ئىتتەردى.

— يوقال ساراڭ! ماڭ، كەت! نېمە، قىزلىرىمنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈرەي دەمسەن؟

— ئۆلسە ئۆلمەمدۇ؟— ئاقمارال تاپپا - تۇپپاڭ سۆزلىگىنىچە ئالدىدىكى ئايال بىلەن قارشىلىشىشقا باشلىدى،— ئۆلسە مەھەللىدىكىلەر كۆمۈپ قويۇشىدۇ. تۇراننىڭ خوتۇنى كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈپتۇ دەيدۇ. قىپقىزىل ساراڭكەنسەن

ھەممىڭ. ئۆلۈكنى بىر چەتكە ياتقۇزۇپ قويۇپ تايلىرىنى، قوتازلىرىنى سويۇپ يەپ تۈگىتىشتىڭ! يالغاندىن يىغلىغان بولۇپ...

سۇرانباينىڭ قىزلىرى ھويلىدىن يوغان سۇپۇرگىنى كۆتۈرۈپ چىققاندا ئاقمارال پارتىتىدە قىلىپ ئارقىسىغا قاچتى. ھىلىقىلار شۇ زامات دەرۋازىنى تاقىۋېلىشتى.

ئاقمارال شۇ قاچقانچە ئارقىغىمۇ قارىماي مەھەللىنىڭ چېتىگە چىقتى. ئۇ بىر دالىدىدا سېيىپ ئولتۇرغان چوكاننىڭ ئالدىدىن ئۇدۇل چىقىپ قالغاندا چۆچۈپ كەتكەن چوكان ئورنىدىن يۈگۈرۈپ قوپقانچە ۋارقىرىدى.

— ۋاي ئۆلەي! ماڭە ساراڭ! نېمانداق قىلىدۇ ماۋۇ!

— ساراڭ دېگەن سەن، ئالدىڭدا زاراتلىق تۇرسا زاراتلىققا قاراپ سىيەمسەن؟ مومام بۇرۇن زاراتلىققا قاراپ سىيمەڭلار دېسە جىن-شەيتان دەپ كېچىچە ئۇخلاتماي ئۇرۇپ خورلىغان سىلەر... توختا، قاچما!...

ئاقمارال ئالدىدىن قېچىپ كەتكەن چوكاننى ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. كەينىدىن قوغلاپ كېتىۋېتىپ ئالدىغا ئۇچرىغان كۆكۈچ قەغەزنى كۆرۈپ توختاپ ئېڭىشتى.

— نېمە بۇ؟ پۇل دېگەن شۇما؟

ئۇ تېپىۋالغان ئون يۈەنلىك قەغەزنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراپ بېقىپ يىرتىلىپ ساڭگىلاپ قالغان يانچۇقىدىن پۇچۇق ئەينىكنى چىقىرىپ پۇلنى يېقىن ئەكەلدى. ئاندىن پۇلنى تۇكۇرۇكى بىلەن ھۆلدەپ پېشانىسىگە چاپلاپ پۇچۇق ئەينەكتىن پۇلنىڭ شولىسى غىل-پال كۆرۈنگەندە ھاياجانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— پۇل!؟...

قاچقان چوكان شۇ ھامان ئارقىغا يېنىپ ئاقمارالنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

— ئەكە مېنىڭ پۇلۇم.

— مەن تېپىۋالدىم. ئەينىكىمدە چىقتىمۇ؟ ھە، مېنىڭ پۇلۇم بۇ.

— سەندە نەدە پۇل بولسۇن ساراڭ؟ ئەكە، ھازىر سەن قوغلاپ يانچۇقۇمدىن چۈشۈپ قاپتۇ.

— مانا، ئەينىكىمدە كۆرۈندى... بۇ سېنىڭ پۇلۇڭ ئەمەس.

— مېنىڭ بولماي كىمنىڭ بولاتتى ساراڭ، ئەكە!

— بۇ تاشتاننىڭ پۇلى، بايام سەن سېيىپ ئولتۇرغان مازارلىقنىڭ كەينىدىكى ئەسكى تاملىقتا تاشتان مېڭىپ يۈرەتتى... ھە، بۇ شۇنىڭ پۇلى!... ساڭا بەردىما؟

— نېمە دەيدۇ ما ساراڭ؟!— كېلىن چۆچۈپ كەتتى،— ئاغزىڭنى يۇم ساراڭ! جۆيلۈمە!...

شۇ ئارىلىقتا ئەتراپتا بىرقانچە ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار ئاقمارالنىڭ يەنە قانداق ئاجايىپلارنى سۆزلىشىنى كۈتكەندەك قىزىقىپ تاماشا كۆرۈشمەكتە ئىدى. خەقلەر ئولاشقاننى كۆرگەن چوكان غىپپىدە ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئاقمارال بولسا خىيالىغا كەلگەنچە توۋلاپ يۈگۈردى.

— قاچە خەق، قاچە!... پۇل قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ!... ھە... ھېلى پۇل بېسىۋالىدۇ...— ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىۋېتىپ ئالدىغا ئۇچرىغان ئىبراي مۇدىرغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاس قالدى،— ھە، ئىبراي مۇدىرما؟ قاچە پۇل قوغلاۋاتىدۇ. ھېلى بېسىۋالىدۇ... ئۆتكەندە بېسىۋالغىنىڭ كىمتى؟... بىر پاي ئايىغىڭنى ئېلىۋالسام كەچكىچە قوغلىغانتىڭ ھە شۇ چاغدا!...

— يوقال ساراڭ! ئۆلمىدىڭغۇ سەن! سەندىنمۇ قۇتۇلىدىغان كۈن بولارمۇ؟— دېدى ئىبراي مۇدىر يەردىن بىر چالمىنى ئېلىپ ئاقمارالنىڭ بېشىغا تەڭلەپ ھەيۋە قىلىپ،— ھۇ، ئۆلۈمنىڭ كۆزى كۆرمىگەن ساراڭ...

ئاقمارال ئىبراي مۇدىرنىڭ ئالدىدىن ئاران قېچىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. يولدا ئالدىغا مومىسى ئۇچراپ قېلىپ كەينىدىن يالۋۇرۇپ قوغلاپ دېگەندەك پۇچۇق ناننى تۇتقۇزدى. ئۇ پۇچۇق ناننى ئىككى يالماپلا يەپ ئۆزى دائىم بېرىۋالىدىغان يارنىڭ بويىدىكى يالغۇز جىگدىنىڭ سايىسىغا قاراپ ماڭدى.

مومسى ئۇنىڭ كەينىدىن ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئەگەشكىنىچە يارنىڭ بويىغا كەلگەندە ھاۋا قىزىپ كەتكەن ئىدى. مومسى ئاقمارالنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە، ئېغىزلىرىنىڭ چۆرىسىگە، كىرلىشىپ لەش بولۇپ كەتكەن كۆكسىلىرىگە چىۋىنلارنىڭ ئولىشىپ كەتسىمۇ تۇيماي ئۇخلاپ كەتكىنىنى كۆردى.

— ۋاي بىچارە بالام، ئاقمارالىم، قېنى سېنىڭ ئاي كۆرۈنگەن يۈزلىرىڭ؟ قېنى سېنىڭ يۇلتۇز چاقنىغان خۇمارلىق كۆزلىرىڭ؟ قېنى سېنىڭ مەجنۇنتالدەك ئەۋرىشىم چاچلىرىڭ؟... ئىست بالام! تاپانلىرىڭ يىرىڭداپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ!... نېمە تارتقۇلۇق بۇ ساڭا نېمە تارتقۇلۇق؟...

مومسى ئاقمارالنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىغلىغىنىچە چىۋىنلارنى قورۇشقا باشلىدى. ئاقمارالنىڭ بۇلارنى بىلگۈچىلىكى يوق ھە دەپ خورخىراپ ئۇخلايتتى.

3

بۈگۈن قۇربان ھېيت كۈنى ئىدى. مەھەللىدىكىلەر ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم بويىچە نۆۋەت بىلەن ئۆي-ئۆيلەرگە پەتىلىشىپ قۇربانلىق گۆشكە ئېغىز تېگەتتى. جامائەتنى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ سەيناغا سېلىنغان پالاسلارغا باشلاپ داستىخانلارغا بوغۇرساقلارنى قويۇۋاتقان ساھىبخانا ئەتراپنى بىر قۇر قاراپ ئېغىز ئاچتى.

— جامائەت، ھەممەيلەن تولۇق كېلىپ بولدۇقمۇ؟ يەنە كىملەر يوق؟ ھازىر گۆش تارتىمىز...

— ھەممىمىز باركەنمىز،— دېدى تۆپتىن بىرسى غازنىڭ بوينىدەك ئۇزۇن بويىنىنى ھەر ياققا ئايلاندۇرۇپ قاراپ.

— ئەمسە، قېنى گۆشلەرگە ئېغىز تېگىڭلار جامائەت...

كىشىلەر لېگەنلەردە ئالدىغا سۈرۈلۈپ كەلگەن گۆشلەرگە تەرەپ-تەرەپتىن قول ئۇزىتىشتى. ھە دەپ لېگەنگە ئۇزىتىلغان ئۇزۇن-ئۇزۇن قوللار... ھە دەپ ماچىلدىتىپ گۆش چاينىغان ئېغىزلار... ھە دەپ كىرتىلدىتىپ سۆڭەك قىرغان قەلەمتىراشلار...

قاياقتىن كەلگىنى بەلگىسىز، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئاقمارال پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ يۇملاق بولۇپ ئولتۇرۇشقان جامائەتنى كۆرۈپ جايىدا چىپپىدە توختىدى. بۇرۇنقىدەك ئادەم ئۇچرىغان زامات تاپا-تۇپپاك سۆزلىمەي كىشىلەرنىڭ بەخۇدۇك ئولتۇرۇپ گۆش يېيىشلىرىگە قاراپ تۈكۈرۈكىنى يۇتتى. قارىغاندا قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بولسا كېرەك. يا ئارقىغا يانماي، يا يەنە يېقىنلاپ كەلمەي تۇرغان جايىدا قوزۇقتەك قېتىپ تۇرغانچە جامائەتنىڭ گۆش يېيىشىگە قاراپ تۇرۇۋەردى. ئەمما كۆپ بەرداشلىق بېرەلمەي كەينىگە يېنىپ ئېتىزنىڭ قىرىغا كاسىسىنى قويغىنىچە قولىدىكى تولا پۈچۈلۈپ كىچىكلەپ كەتكەن ئەينىكىنى چىقىرىپ كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ جامائەتنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

— يەنە كەلدى!

ئارىدىن بىرسى شۇنداق دەپ تەئەددى قىلدى. ئارقىدىن بىرسى قوشۇپ قويدى.

— دىققەت قىلىڭلار، ئاۋۇ ساراڭ گۆشكە توپا سورۇپ قاچمىسۇن!...

— راست، قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ بۇ ساراڭنى...

— مۇشۇنى ساناتورىيەگە ئاپىرىپ سولاپ قويىدىغان ئادەم چىقمىدى...

— ۋاي چىققان، ئۆتكەن يىلى يەكەنگە ئاپىرىپ قويسا ھېمىتنىڭ سېيىدىن پىيادە مېڭىپ ئۆتۈپ قېچىپ كەلگەن تەلۋە ساراڭ بۇ...

— ھە، مېنى دەۋەتامسەن؟!— گۇدۇڭ-گۇدۇڭ قىلىپ سۆزلىشىۋاتقانلارغا قاراپ ئورنىدىن تۇرغان ئاقمارال جامائەتكە ئۇدۇل قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغان زامات يىرتىلىپ سالۋاراپ قالغان كۆڭلىكىدىن توپا توزۇدى.

— ئاينا، يەنە ئىش تېرىيدۇ بۇ ساراڭ...

— ئۇنى ھەيدىۋېتىڭلار!— دېدى كىمدۇر بىرى. شۇ ھامان بىر نەچچە ئوغۇل بالا ئورنىدىن شارتتىدە تۇرۇپ ئاقمارالغا ھەيۋە قىلدى. ئاقمارال پارتتىدە ئارقىغا قاراپ قاچتى. باللار ئۇنى يىراقراق كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ھەيۋە قىلىپ خېلى يەرلەرگىچە كەتتى. قېچىپ كېتىۋاتقان ئاقمارالنىڭ قولىدىن ھېلىقى پۇچۇق ئەينەكنى چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك، ئاقمارال توختاپ يەرگە ئېڭىشتى. شۇ چاغدا باللارنىڭ بىرسى ئاتقان ياڭاقتەك بىر تال تاش ئۇنىڭ بىر كۆزىگە «تاڭ» قىلىپ تەگدى! ئاقمارال «ئانا!» دېگەنچە بىر كۆزىنى تۇتۇپ دۈم چۈشتى. ئوغۇللار ئاقمارالنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرۈپ ھودۇقۇشقانچە جامائەت تەرەپكىمۇ قايتماي ئۆيلىرىگە قاراپ بەدەر تىكىۋېتىشتى.

شۇ چاغدا بىر قولتۇقىدا جامائەتكە ئاتاپ سالغان بوغۇرساق توشقۇزۇلغان داستىخان، يەنە بىر قولىدا ئاقمارالغا تۇگۈنۈپ يالتىراق خالتىغا ئورىۋالغان بىر پارچە قوۋۇرغىنى كۆتۈرۈۋالغان مومىسى كېلىپ قېلىپ ئاقمارالنى كۆرۈپ كۆرگەن كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

— ۋاي ئاللا!... ئاقمارالىمغا نېمە بولدى؟ كىم قۇيۇۋەتتى كۆزۈڭنى جېنىم بالام!؟... خەپ توختاپ تۇرۇش، بۇ ئىشنى جامائەتكە ئېيتىمەن!...

مومىسى بىر كۆزى قانغا بويالغان پېتى يىغلاپ تېلىپ قالغان ئاقمارالنى ئالداپ سىلاپ يىغىدىن ئاران پەس قىلدى. ئاقمارالنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىگە قاراپ ئۆزىمۇ يىغلاپ ئېزىلىپ قالدى. كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن ئاقمارالنىڭ يۈزلىرىدىكى قاننى سۈرتۈپ، ئالداپ ـ سىلاپ يۈرۈپ قولىدىكى قوۋۇرغىنى يېگۈزدى. قورسىقنى چالا تويغۇزغان ئاقمارال سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ پۇچۇق ئەينىكىنى تاپقاندىن كېيىن بۇرۇنقىدەك غىڭشىپ بىر نېمىلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى. ئاقمارالنىڭ ئۈۋالچىلىقىغا چىدىيالمىغان مومىسى دەرغەزەپ بولغان ھالدا جامائەت يىغىلغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ مىڭبىر جاپادا جامائەت ئولتۇرغان بېدىلىككە كەلگەندە كىشىلەر گۆش كېكىرىشكەن ھالدا دۇئا قىلىشىۋاتاتتى.

— ئايىمڭلار مۇبارەك بولسۇن!...— دېدى موماي ئەڭ ئاۋۋال مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ قائىدىسىنى قىلىپ. ئۇنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئازراق ھېس قىلىشقان كىشىلەر غىدىق ـ پىدىق قىلىشماي ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تارقاشقا باشلىدى.

— بوغۇرساققا ئېغىز تېگىڭلار جامائەت!— دېدى موماي داستىخاننى يەرگىلا يېيىپ. بىراق ھېچكىم داستىخانغا قاراپ قويمىدى.

— تۇل خوتۇن دەپ ياراتمىدىڭلارمۇ؟ ئېغىز تېگىڭلارچۇ!— دېدى موماي يېلىنىپ. بىر ئاقساقال كىشى كېلىپ «بىسمىللا!» دېگىنىچە بىر تال بوغۇرساقنى ئاغزىغا سالدى. ئاڭغىچە قالغان جامائەت تارقاپ كېتىشتى.

— مەمەتمۇ سەن؟ ئاقمارالنى نېمە قىلدىڭلار؟— دېدى موماي ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياش بالىغا قاراپ. مەمەت مومايدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ غىپپىدە يانغا ئۆتۈپ يوقالدى.

— ئاقمارالىمنىڭ كۆزىگە كىم تاش ئاتتى؟

ھېچكىم جاۋاپ بېرىشمىدى. ھەممىسى بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشنىڭ كويىدا ئىدى.

— ئەزبىرايى خۇدا جامائەت! ئاجىزەمنى ئاراڭلارغا ئېلىپ بىر چىشلەم گۆش بېرىشنىڭ ئورنىغا تاش بىلەن كۆزىنى قۇيۇۋەتكىنىڭلار نېمىسى؟ بۈگۈن ئۇلۇغ ئايەم كۈنىدە ئاجىز نېمىنى ئانىي قىلغىنىڭلار قانداق ئىش؟!

مومايىنىڭ ھەسرەتلىك نىدالىرى ھېچكىمگە تەسىر قىلمىغانىدەك جامائەت ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىشتى. جامائەتنىڭ ئارىسىدا كېتىۋاتقان قاسەننى كۆرگەن موماي ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى.

— توختىغىنە قاسەن؟ ئاقمارال قىزىمنى كىم ئۇردى؟ سەن مەھەللىنىڭ باشلىقىغۇ؟ بىزگە ئىگە بولمامسەن؟

— مەن نېمە بىلمەن ئاقمارالنىڭنى؟ مەن يا ساقچى بولمىسام!... — دېدى قاسەن جەيىنكىنى سىلكىپ تارتقانچە.

بايقۇش موماينىڭ گېپىگە قۇلاق سالغان، سۆزىگە جاۋاب ئېيتقان بىرمۇ ئادەم بولمىدى. ھەممىسى پۇشۇلدىشىپ قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇشقىنىچە تەرەپ-تەرەپكە تارقاشتى. موماي تارقىشىۋاتقان جامائەتنىڭ كەينىدىن كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغانچە قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

بىر قاپىقى كۆپكۆك كۆكىرىپ، قان يالاپ قالغان كۆزلىرى ئىششىپ يۇمۇلۇپ قالغان ئاقمارال قەيەردىندۇر تاپقان بىر ئەسكى لاتا قونچاقنى كۆتۈرۈپ مەھەللىنىڭ چېتىدە پەيدا بولدى. ئۇ قونچاقنى پوكىنىغا چىڭ بېسىپ «ئەللەي»لەپ كېتىۋېتىپ ئەسكى-تۇسكى دۆۋىلەنگەن جايدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغان جىيەنالىغا ئۇچراپ قالدى. جىيەنالى مۇشۇ مەھەللىلىك بەڭگى يىگىت بولۇپ ئازراق سارالىق قېتىش يېرىمۇ بار ئىدى. كىشىلەرگە ئانچە كۆپ ئارىلاشمايدىغان، بىر ئولتۇرغان يېرىدە ھاڭۋېقىپ كەچكىچە ئولتۇرىدىغان غەلىتە مىجەزلىك ئۇ يىگىت ئاقمارالنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغىنىنى كۆرۈپ سەل چۆچۈگەن بولسىمۇ يەنىلا ئورنىدىن قىمىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى. ئاقمارال قولىدىكى «بالا»سىنى جىيەنالىنىڭ يېنىدا ئاستا «ياتقۇزدى»-دە، ئاندىن جىيەنالىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى.

— نېمە دەپ سارالىدەك ئولتۇرىسەن؟ — دېدى ئاقمارال جىيەنالىغا قاراپ. جىيەنالى ئاقمارالغا پەرۋا قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ بۇنداق پەرۋاسىزلىقىدىن ئىچى پۇشقان ئاقمارال قايتا ئورنىدىن تۇرۇپ «بالا»سىنى قولىغا ئېلىپ يىرتىق كۆڭلىكىنى قايرىپ قويۇپ «ئېمىتىش»كە باشلىدى.

ئاقمارالنىڭ لەش بولغان كۆكسىنى قولى بىلەن تارتىپ-سوزۇپ قونچاقنىڭ ئاغزىغا چاپلاپ «بالا ئەمگۈزۈشى»دىن سەل ھەيران بولغان جىيەنالىنىڭ خۇمارى تۇتۇپ ئىلمىشىپ كەتكەن كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئاقمارالنىڭ كىرلەشكەن كۆكسىگە قادىلىپ قاراپ قالدى. نەدىن پەيدا بولغىنى بەلگىسىز بىر ھاۋايى-ھەۋەستىن كۆڭلىگە شۇررىدە بىر ئىقىم تارىغاندەك بولغان جىيەنالى ئاقمارالنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ سۇرۇلدى. ئاندىن ئاقمارالنىڭ لەش بولغان كۆكسىنى قوپال، ئارىدەك كېلەڭسىز ئالقانلىرى بىلەن بوش سىلىدى. جىيەنالىنىڭ بۇ قىلىقىغا ئاقمارال باشتا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. لېكىن جىيەنالى ئۇنى بوش قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتقاندا قولىدىكى قونچاقنى قويۇپ جىيەنالىنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەردى. شۇندا جىيەنالى ئۇنى بوز تۇپراققا باسماداپ تەلۋىلەرچە سۆيۈپ كەتتى.

دەل شۇ چاغدا ئۇلارغا يېقىنلا بىر جايدىكى جىگدىلىكتىن بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەزەلدىن ئادەم ئاۋازىغا سەزگۈر ئاقمارال ئۈستىدىن ئەسەبىيلەرچە بېسىلىۋالغان جىيەنالىنى ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ جىگدىلىككە قاراپ يۈگۈردى. نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەي ھەيران-تاڭ بولغان جىيەنالى بىردەم تۇرۇپ قېلىپ ئاقمارالغا ئەگەشتى.

ئاقمارال جىگدىلىككە يېتىپ كەلگەندە زۇلەي بىلەن ئىبراينىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇ شۇ ھامان قولىدىن چۈشۈرمەيدىغان پۇچۇق ئەينىكىنى كۆزىگە يېقىن تۇتتى.

— سارالى بوپتۇ ماۋۇلار! ھە نېمە بولدى؟ قېنى مېنىڭ چېچىم؟ تارغىقىم قېنى؟ قېنى بىر كۆزۈم؟ مانا پاتمىغان بولسام!...

ئاقمارال قولىدىكى ئەينەكنى ئالدىدىكى تاشقا كەلتۈرۈپ بىرنى ئۇرۇۋىدى، ئەينەك نەچچە پارچە بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۇششاق ئەينەك پارچىلىرى ئارىسىدىن بىر تال پۇچۇق ئەينەكنى ئېلىپ يەنە كۆزىگە تۇتتى. قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن ئىبراي ئاقمارالنىڭ يانپىشىغا كەلتۈرۈپ بىرنى تەپتى.

— يوقال ئۆلمەيدىغان سارالى! مانا ئەمسە...

— ئۇرما، ئۇرما دەيمەن. بالام يىغلاپ كېتىدۇ!

ئاقمارال قولىدىكى قونچاقنى «تاياقتىن ئارىچىلاپ» يوشۇرغىنىچە ئىبرايىغا سۆڭگۈچىنى چىقىرىپ تۇرغاندا ئىبرايىنىڭ قاتتىق تەپكەن بىر تېپىكى بىلەن ئەمدىلا كەينىدىن يېتىشىپ كەلگەن جىيەنالىنىڭ ئالدىغا يىقىلدى. شۇ پۇرسەتتە ئىبراي بىلەن زۇلەي ئىككىسى قاياقىقىدۇر يوقىلىپ غايىب بولۇشتى. ئاقمارال ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىدا قاراپ تۇرغان جىيەنالىنى كۆردى-دە، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى سەزمىگەندەك جىيەنالىنىڭ باش-كۆزلىرىگە تاش-چالمىلارنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. جىيەنالى بېشىغا تېگىۋاتقان تاش-چالمىلارغا پەرۋامۇ قىلماي قاراپ تۇراتتى. ئېتىپ ھارغان ئاقمارال بىر چاغدا توختاپ قولىدىكى قونچاقنى جىيەنالىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— بالامغا قاراپ قويە. مەن كەتتىم.

ئۇ شۇنداق دەپ مەھەللىنىڭ يانباغرىغا قاراپ يۈگۈردى. يىراقتىن «مارالىم بالام، ئاقمارال...» دەپ قاقشاپ يىغلاپ كېلىۋاتقان مومىسى يىراقتىن بىرسىنىڭ ئېگىز يار بويىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، تۇيۇقسىز سەنتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدى-يۇ، ئاندىن كېيىنكىسىنى بىلەلمىدى.

* * *

ھەئە! ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ مۇناسىۋىتى تاسادىپىيلىق ئۈستىدە بولىدىكەن، ئۇنى ھېچبىر كۈچ توسۇپ قالالمايدىكەن. بۇ ھاياتتا كۈتۈلمىگەن سىرلىق ئىشلار تاسادىپىي يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن، يەنە كۈتۈلمىگەن سىرلارمۇ تاسادىپىي ئايان بولۇپ قالىدىكەن.

ياردىن چۈشۈپ كېتىپ ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتكەن بايقۇش ئاقمارالنىڭ جەسىتى تېپىلغاندا ئۇنىڭ تىتىلىپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا قوشۇپ تىكىۋېتىلگەن، كىرلىشىپ پارقىراپ قېتىپ كەتكەن بىر سىرلىق تۇمار چىقتى. كىمدۇر بىرى خەقتىن يوشۇرۇن تۇمارنى سۆكۈپ ئاچقان چېغى، تۇمارنىڭ ئىچىدە پۈكلەنگەن قەغەزگە يېزىلغان خەت چىقتى. «ئاقمارالىم، مېنى كەچۈر، سەن بىلەن تويىمىز بولغان تۈنى ئالدىڭدا مات بولۇپ نومۇستىن ئۆلدۈم! شۇ كۈندىن باشلاپ سېنىڭ ئالدىڭدا يىگىتلىك يۈزۈم قالمىدى. مۆجىزە بولۇپ قالسىكەن دېدىم. ئەمما يۈزۈڭگە قارىيالمىدىم. مەنمۇ ئەركەك بولدۇمما!؟ بۇ مەن ئۈچۈن قانداق زور ئازاب ھە؟! مۇنداق ئازابنى يۇدۇپ ساڭا قانداق تىك قاراپ ياشىيالايمەن؟... خەير، ئامان بولغىن. بەختىڭنى تاپقىن ئاقمارالىم. سېنىڭ بەختىڭنى تاپقىنىڭنى بۇ ھالىتىم بىلەن كۆرۈشكە مېنىڭ زىنھار غەيرىتىم يوقتۇر! خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولدۇم. ئەلۋىدا...!

ئامراق ئېرىڭ مەردانىدىن»

ئاقمارالنى كۆمۈپ قويۇشتى. ئەلمىساقتىن بېرى شۇنداق! ئىنسان تۇغۇلىدۇ، رىزقىغا تۇشلۇق ياشايدۇ. ئاندىن ئۆلىدۇ. بارا-بارا ئۇنتۇلىدۇ. مەھەللىدىكىلەرنىڭ تىنچىنى قويمايدىغان، ئەمما مەھەللىنىڭ جىمجىت تۈنلىرىنى ئويغىتىپ جانلاندۇرۇۋېتىدىغان بىزنىڭ ئاقمارالمۇ تېزلا ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ ئۇنتۇلدى. ئەمما ئۇ بىزگە بىر ئوينى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ھەئە! ئەگەر ئاقمارال ئۆلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئاشۇ پۇچۇق ئەينىكىدىن يەنە نېمىلەرنىڭ ئەكسى زاھىر بولار ئىدىكىن ھە؟!...

قىرغىزچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:
**ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى (قىرغىز)**

مۇھەررىرى: **ئەركىن نۇر**



# ئەسەرنىڭ پۇرىقى

(مويەننىڭ پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا سۆزلىگەن نۇتقى)

**سەھىپە ئىلاۋىسى:** ھەرقانداق بىر رايون، مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت، يېڭىلىق، گۈللىنىشلىرى بىر تەرەپتىن ئۆز يازغۇچى، شائىر، ئەدىبلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت، ئىخلاستا تەۋرەتكەن قەلىمىگە؛ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىزدىنىش، مۇلاھىزە، تەتقىقاتلىرىغا باغلىق بولسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن باشقا دۆلەت، رايون، خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى خاسلىقلىرىغا نەزەر سېلىش، ئۇلار ياراتقان، يارىتىۋاتقان ئەدەبىي ئېقىم، يېڭىلىق، ئۇسلۇبلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئۆرنەك، ئەينەك سۈپىتىدە پايدىلىنىشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ژۇرنىلىمىز مۇشۇ سانىدىن باشلاپ، «ئىجادىيەت تەجرىبىخانىسى» ناملىق يېڭى سەھىپىنى ئاچتۇق. ئەمەلىيەتتىمۇ مەيلى چەت ئەل، جۇڭگو ياكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بولسۇن ئاپتور، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تونۇشتۇرۇلۇشقا، شۇ ئارقىلىق ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇشقا تېگىشلىك تەجرىبىلەر ھېلىھەم خېلىلا كۆپ. دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان، ئۆز دۆلىتى ئەدەبىيات مۇنبىرىدە زور تەسىر قوزغىغان ياكى ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئۆز رايونى ئەدەبىياتىغا يېڭى قان ئاتا قىلغان يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى ھەم ئەدەبىيات، يېزىقچىلىق ھەققىدە سۆزلىگەن ئىلغار نۇتۇق، بايانلىرى؛ باشقىلارنىڭ مەلۇم يازغۇچى، شائىر ھەققىدە ئېلىپ بارغان يېڭى بايقاش، تەتقىقاتلىرىدىن تارتىپ تاكى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە ئەدەبىي سۆھبەت، ئىلمىي مۇھاكىمىلەر، شۇنداقلا چەت ئەل ھەم ئېلىمىزدە تەسىر قوزغىغان، يېڭىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان ئەدەبىيات نەزەرىيەلىرى، ئەدەبىي ئېقىم، ئىجادىيەت يېڭىلىق، ئۇسلۇبلىرىغىچە بولغان كەڭ مەزمۇنلار سەھىپىمىز ئۈچۈن ئەسەر مەنبەسى بولالايدۇ. قىسقىسى، «ئىجادىيەت تەجرىبىخانىسى» سەھىپىمىز ئەدەبىياتىمىز، ئاپتور، ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۈچۈن تەجرىبە، ئۈلگە بولالايدىغان، يېڭىلىق روھى، ساقلاش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلىدۇ.




قېنى كېلىڭ، ھەممىمىز بىرلىكتە ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلايلى...

ناپولېئون بىر چاغلاردا: «كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ پۇراش سېزىمىمگە تايىنىپلا يۇرتۇم كورسكا ئارىلىنى تېپىپ كىتەلەيمەن» دېگەنىكەن، چۈنكى ئۇ ئارالدا بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەتراپتىن ئۇنىڭ ئۆزگىچە ھىدى تارىلىپ تۇرارمىش...

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى شولوخوف «تىنچ دون» رومانىدا بىزگە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان پۇراش سېزىمىنى نامايان قىلىپ بەردى. يازغۇچى دون دەرياسى سۈيىنىڭ پۇرىقىنى، يايلاقتىكى كۆك، قۇرۇق ئوتنىڭ ھىدىنى، يەنە ئاتنىڭ بەدىنىدىن تارالغان تەر پۇرىقىنى تەسۋىرلىدى، ئەلۋەتتە يەنە كازاك ئەرلىرى ۋە خوتۇنلىرىنىڭ بەدىنىدىكى ھىدلارنى قەلەمگە ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇمىدى. شولوخوف رومانىنىڭ بەت بېشى سۆزىدە: «ئاھ، تىمتاس دون دەرياسى، بىزنىڭ ئاتىمىز!» دەپ يازغىنىدەك، دون دەرياسى ھەم كازاك يايلاقلىرىنىڭ ھىدى ئەمەلىيەتتە يازغۇچىنىڭ يۇرتىنىڭ ھىدى ئىدى.

جۇڭگو-رۇسىيە چېگراسىدىكى ئۇسسۇرى دەرياسىدا تۇغۇلىدىغان كىتا بېلىقلىرى چوڭ دېڭىزلارنىڭ تەكتىدە چوڭ بولىدىكەن، بىراق ئۇ تۇخۇملاش مەزگىلىدە، تۈمەن چاقىرىملاپ دەريا-دېڭىزلارنى، قاتمۇ قات خېيىم-خەتەرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، تۇغۇلغان جايىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەۋلاد قالدۇرىدىكەن. بېلىقلارنىڭ مۇنداق ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشلىرىنى راستىنلا چۈشىنەلمەي قالىمىز. ئەمما يېقىندا بېلىقشۇناسلار (ئىختىئولوگلار) بۇنىڭ جاۋابىنى تېپىپ چىقتى، ئەسلىدە بېلىق ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىزنىڭكىدەك بۇنداق ئالاھىدە بۇرنى بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەكلا تەرەققىي قىلغان پۇراش سېزىمى ۋە پۇراقنى ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى بولىدىكەن، مانا مۇشۇنداق ئىقتىدارى، ئۆزى تۇغۇلغان ئانا دەريانىڭ خاتىرىسىدىكى ھىدىغا تايىنىپ، ئۇلۇغ دېڭىزلارنىڭ دەھشەتلىك قاينامىلىرىغا قارشى كېزىپ، قىرغاقتا كېلەيلا دېگەندە يېرىمى دېگۈدەك ئۆلۈپ كېتىدىكەن، قىرغاققا ئۇلىشالىغانلىرى بولسا بىرمۇ ساق يېرى قالمىغان ھالەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانىغا دەسسەپلا، ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىۋالىدىكەن، ئاندىن ئاھۇ زارىسىز ئۆلۈپ كېتىدىكەن. ئانا دەريانىڭ ھىدى ئۇلارغا نىشان كۆرسىتىپ، ھەتتا مۇشەققەتلەرنى يېڭىشى ئۈچۈن مادار بولىدىكەن...

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كىتا بېلىقلىرىنىڭ ھاياتى يازغۇچىلارنىڭكىگە بەكلا ئوخشايدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىمۇ ئەمەلىيەتتە يۇرت ھىدى ئەستىلىكلىرى ئارقىلىق يۇرتىنى ئىزدەش مۇساپىسىدۇر...

ئۇنىئالغۇ، سىنئالغۇ، ئىنتېرنېتلار پەيدا بولغان بۈگۈندە، ھېكايىنىڭ ئەھۋالاتلارنى خاتىرىلەپ، مەنزىرىلەرنى سۈرەتلەشتەك فۇنكسىيەسى كەسكىن خىرىسلارغا دۇچ كەلدى. سىزنىڭ قەلىمىڭىز قانچىلىك نەپىس، توغرا بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا سىن تارتقۇنىڭ كۆزىدىن ئاشۇرۇپ يازالمايسىز-دە. بىراق، «ھىد مەسلىسى»دە بولسا، ئاپپارات بېشىنى ئېگىشكە مەجبۇر. بۇ دەل بىز بۈگۈنكى دەۋر يازغۇچىلىرى ئىگە بولالىغان ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت بولسىمۇ، ئەپسۇس، پەرىزىمچە ياخشى كۆنلەر ئۇزاققا بارمايدىغان ئوخشايدۇ، بۇ كوزىرىمىزنى ئىشقا سالا-سالمايلا ئاشۇ ئالىملارنى «پۇراق ئالغۇ»نى ياساپ چىقمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. ھىد تارىتالايدىغان كىنو ۋە تېلېۋىزورلارمۇ تاپ بېسىپلا بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇنداق ماشىنىلار تېخى ئىختىرا بولمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىزنىڭ قىزىقىدا ھىد-پۇراقلارغا تويۇنغان ئەسەرلەرنى يېزىۋالمىقىمىز زۆرۈر...

مەن ئاشۇنداق پۇرىقى بولغان ھېكايىلەرنى ئوقۇشقا ئامراق. مېنىڭچە پۇرىقى بولغان ھېكايە ياخشى ھېكايىدۇر. ئۆزىگە خاس پۇرىقى بولغان ھېكايە بولسا ئەڭ ياخشى ھېكايىدۇر. ئۆزىنىڭ كىتابىنى پۇراق-ھىدلارغا تولدۇرالىغان يازغۇچى ياخشى يازغۇچىدۇر، خاس پۇراقلار بىلەن كىتابىنى بىزىيەلىگەن يازغۇچى بولسا ئەڭ ياخشى يازغۇچىدۇر...

يازغۇچى بەلكىم سەزگۈر بىر بۇرۇنغا موھتاجدۇر، بىراق بۇرنى بەكلا سەزگۈر بولغان كىشىنىمۇ يازغۇچى دېيەلمەيمىز. ئوۋ ئىتىنىڭ بۇرنى ھەممىمىزنىڭكىدىن ئۆتكۈر، بىراق ئۇ يازغۇچى ئەمەس. نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار ئەمەلىيەتتە ئېغىر بۇرۇن ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان، ناھايەت، بۇ ئۇلارنىڭ خاس ھىدى بولغان ئەسەرلەرنى يېزىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولالمىغان.

مېنىڭ دېگىنىم— بىر يازغۇچى چوقۇم پۇراق ھەققىدە مول تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. كۈچلۈك ئىجادچانلىققا ئىگە ياخشى يازغۇچىلار يېزىقچىلىق قىلىۋاتقاندا چوقۇم قەلىمىدىكى ئادەم، مەنزىرىلەرنىڭ ئۆز ھىدىنى ئىمالال قويۇۋېتىشىگە يول قويۇشى، پۇراقسىز شەيئىلەرگىمۇ تەسەۋۋۇر كۈچى ئارقىلىق پۇراق ئاتا قىلىشى كېرەك. بۇ ھەقتىكى مىساللار ئەلۋەتتە ئاز ئەمەس...

گېرمانىيە يازغۇچىسى پاترىك سۇسكىنىد (تەرجىماندىن) ئۆزىنىڭ «ئەتىر» ناملىق رومانىدا، دەرىجىدىن تاشقىرى پۇراش سېزىمىگە ئىگە بىر غەلىتە ئادەمنى يازغان، ئۇ ھەرخىل پۇراقلارنى تېپىپ، ئەتىر ياساشنىڭ تۇغما ئۇستىسى بولۇپ، بۇنداق تالانت ئەلۋەتتە پەقەت پارىژدىلا دۇنياغا كۆز ئاچالايدۇ. بۇ رەھىمسىز تالانت ئىگىسىنىڭ كاللىسىدا جاھاندىكى بارچە شەيئىنىڭ پۇرىقى ساقلانغان بولۇپ، ئۇ بۇلارنى تەكرار سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە جاھاندىكى ئەڭ ئېسىل پۇراق—ياش قىزلارنىڭ پۇرىقى ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ نورماللىقىدىن ئېشىپ كەتكەن پۇراش سېزىمىگە تايىنىپ، 24 نەپەر نازىنىن قىزنى ئۆلتۈرگەن، ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى پۇراقلارنى سۈغۇرۇپ ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئاخىرىدا بىر خىل ئەتىرنى ياساپ چىققان. ئۇ بۇ سىرلىق ئەتىرنى ئۇستىبېشىغا چاچقان چېغىدا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ رەزىللىكىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاجايىپ چوڭقۇر سۆيگۈ ھېسسىياتىدا بولغان. ھەتتا پولاتتەك پاكىتلار ئالدىدىمۇ، كىشلەر ئۇنىڭ بىر ئەشەددىي قاتىل ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمىگەن. ئۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن قىزلارنىڭ ئاتىلىرىدىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭقۇر قايىللىق پەيدا بولغان، قاتىلنى قەدىرلەش ئۆز قىزىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىدىنمۇ ھالقىپ كەتكەنىكەن. بۇ رەھىمسىز مەخلۇق ئەيمەنمەستىنلا كىم ئىنسانلارنىڭ پۇرىقىنى تىزگىنلىۋالسا، شۇ دۇنيانىڭ غوجىسى بولالايدىكەن، دەپ جار سالغانىكەن...

گارسىيا ماركۇسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق»تىكى پېرسوناژ ئۆزى قويۇپ بەرگەن سېسىق يەل ئارقىلىق گۈل-چېچەكلەرنى قۇرۇتۇۋېتەلەيدۇ، قۇتىدەك قاپقاراڭغۇلۇقتىمۇ پەقەت پۇراش سېزىمىگە تايىنىپ قىلچە خاتاسىزلا ئۆزى سۆيىدىغان ئايالنىڭ باغرىنى تاپالايدۇ...

فولكنېرنىڭ «شاۋقۇن ۋە غەليان» ناملىق رومانىدا بىر پېرسوناژ بار، ئۇ سوغۇقنى ھىدلىيالايدۇ، ئەمەلىيەتتە، سوغوقنىڭ پۇرىقى بولمايدۇ، بىراق فولكنېر شۇنداق يازدى، بىزمۇ ئۇنى ئاشۇرۇپ يېزىپتۇ، دېمىدۇق، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىرلەندۇق. راستتەك ھېس قىلدۇق، چۈنكى سوغۇقنى پۇرىيالايدىغان ئۇ پېرسوناژ بولسا بىر ھاماقەت...

يۇقىرىقى مىساللار ۋە ئاددىي تەھلىللەردىن بىز ئەسەرلەردە راستتىنلا مۇنداق ئىككى خىل پۇراقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ياكى بولمىغاندا پۇراقنىڭ ئىككى خىل يېزىلىش ئۇسۇلى بارلىقىنى بايقىدۇق. بىر خىلى ئەمەلىيەتنى يېزىش ئۇسۇلى بويىچە، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى بولۇپمۇ يۇرت تەسىراتلىرى ئاساسىدا ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان شەيئىگە پۇراق ئاتا قىلىش ياكى پۇراق ئارقىلىق تەسۋىرلەۋاتقان شەيئىنى ئاشكارا قىلىش؛ يەنە بىر خىلى بولسا، يازغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ئارقىلىق ھىد-پۇرىقى بولمىغان شەيئىلەرگە پۇراق ئاتا قىلىش، پۇرىقى بولسىمۇ يەنە ئۇنىڭغا باشقىچە پۇراق ئاتا قىلىپ يېزىشتۇر.

سوغوقنىڭ پۇرىقى يوق، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن بىر شەيئى ئەمەس، بىراق فولكنېر قاپ يۈرەكلىك بىلەن ئۇنىڭغا پۇراق ئاتا قىلدى.

ئۆلۈم، ئۇمۇ شەيئى ئەمەس، ئۆلۈمنىڭ پۇرىقى يوق، ئەمما ماركوز ئۆز پېرسوناژلىرىغا ئۆلۈمنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالايدىغان ئىقتىدار ئاتا قىلدى...

ئەلۋەتتە، پەقەت پۇراق بولسىلا ئەسەر پۈتۈپ قالمايدۇ، يازغۇچى ئەسەر يېزىۋاتقاندا جەزمەن بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنى ئىشقا سېلىشى كېرەك، سىزنىڭ تەم، كۆرۈش سەزگۈڭىز، ئاڭلاش، تېگىش سېزىمىڭىز ياكى بولمىسا دەرىجىدىن تاشقىرى تۇيغۇڭىزدىن باشقا سىرلىق سەزگۈلىرىڭىز دېگەندەك. شۇنداق بولغاندىلا، سىزنىڭ ئەسىرىڭىز ھاياتلىق ھىدى بىلەن تارتۇقلىنالايدۇ. ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ھاياتي كۈچى بولمىغان خەتلەر دۆۋىسى بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى پۇرىقى، ئاۋازى، ھارارىتى، شەكلى، ھېسسىياتى بولغان تىرىك جان

بولالايدۇ...

يېزىقچىلىقتا يېڭى كىرىشكەن چاغلاردا دائىملا مۇشۇنىڭدەك باش قېتىنچىلىقتا دۇچ كېلەتتۇق، يەنى، تۇرمۇشتا راستىنلا بولۇپ ئۆتكەن، ئەسلىدىنلا بەك ئەگرى ـ توقاي، تەسىرلىك بولغان ھېكايىلەرنى ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىققاندىن كېيىن ئوقۇساق، توقۇلغاندەك، كىشىنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالالىغۇدەك قۇدرەتتىن مۇستەسنا بىر نېمە بولۇپ قالاتتى. ئەلۋەتتە، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بار، بىز بۇنىڭ ئېنىقلا بىر توقۇلمىلىقنى بىلىمىز ـ يۇ، بىراق ئۇنىڭدىن چوڭقۇر تەسىراتلارغا ئېرىشىمىز. ئۇنداقتا نېمىشقا بىزدە بۇنداق ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ؟ مېنىڭچە، مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى دەل بىز ئاشۇ تۇرمۇشنىكى راست ۋەقەلەرنى خاتىرىلەۋاتقاندا ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىيەتچى ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىپ، پۇراش، كۆرۈش، ئاڭلاش قاتارلىق ھەممە سەزگۈلىرىمىزنى قوزغاتمىغانلىقىمىزدا. ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ توقۇلما ئەسەرلىرىنىڭ بىزنى شۇنچىۋالا ئىشەندۈرەلىشىدىكى سەۋەب بولسا، دەل ئۇلارنىڭ بارچە سەزگۈلىرىنى قوزغىتىپ يازالىغانلىقىدا، شۇنداقلا تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى ھەقىقىي ئىشقا سېلىپ، نۇرغۇنلىغان ئۆزگىچە تۇيغۇلارنى يارىتالىغانلىقىدا. بۇ دەل بىزنىڭ ئادەمنىڭ قوڭغۇزغا ئايلىنىشىنىڭ مۇمكىنسىزلىكىگە چىنپۈتۈپ تۇرۇپمۇ، كافكانىڭ «شەكىل ئۆزگەرتىش خاتىرىسى» پوۋېستىدىكى ئادەمنىڭ قوڭغۇزغا ئايلانغانلىقىدىن ئاجايىپ لەرزىگە كەلگىنىمىزگە ئوخشاشلا بىر ئىش...

كىنو مەيدانىغا كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر پىروزىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ كېتىشكەنىدى، 50 يىل مۇقەددەم، جۇڭگودا ھەتتا پىروزا «ئۆلىدۇ» دېگەندەك پەرەزلەرمۇ بولۇنغانىدى، بىراق پىروزا ھېلھەم «ھايات». تېلېۋىزور ھەممە ئائىلىنى قاپلىغاندىن كېيىن، ئەيتاۋۇر پىروزىنىڭ تەقدىرى سەل كاجلىشىپ قالغاندەك بولدى، دېمىسىمۇ، تېلېۋىزور پىروزىنىڭ بىر قىسىم ئوقۇرمەنلىرىنى تارتىۋالغان ئىدى، لېكىن شۇنىڭدىمۇ رومان ئوقۇيدىغان ئادەملەر يەنىلا ئازلاپ قالمىدى، پىروزىغىمۇ «ئۆلۈم نۆۋىتى» قىسقا مەزگىلدە كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. ئىنتېرنېتنىڭ بارلىققا كېلىشى پىروزىغا كەسكىن بىر رىقابەتنى سوۋغا قىلغان بولسىمۇ، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ پەقەت بىزنى ئەنئەنىۋى كىتابنىڭ تارىتىش شەكلىدىن پەرقلىنىدىغان بىر خىل يېزىش ئۇسۇلى بىلەن تەمىن ئەتتىلا، خالاس...

ئەسەر يېزىشتىن باشقىسى قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئاللىبۇرۇنلا يېزىقچىلىقنىڭ مۇشكۈل ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن بولساممۇ، بۇنى ئېتىراپ قىلغۇم يوق، ئەكسىچە شۇنداق ئويلايمەنكى، پىروزا باشقا سەنئەت ياكى تېخنىكا شەكىللىرى ئورنىنى باسالمايدىغان ھۆكۈمراندۇر. ھەتتا «پۇراق ئالغۇ» ئىختىرا قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇ پەقەتلا دۇنيادا مەۋجۇت بولغان پۇراقنىلا ئالالايدۇ، رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان پۇراقنى خاتىرىلەشكە بولسا بىقۇۋۇلدۇر. بۇ خۇددى سىنئالغۇنىڭ مەۋجۇت بولمىغان ئاۋازنى خاتىرىلىيەلمىگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش. ئەمما يازغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى يوقنى بار قىلالايدۇ. يازغۇچى مانا مۇشۇنداق قىلالمايدىغان ئىشى يوق ئىقتىدارى بىلەن، ئەزەلدىن مەۋجۇت بولمىغان پۇراقنى كەشىپ قىلىپ، ئەزەلدىن مەۋجۇت بولمىغان شەيئىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. مانا بۇلار بىزنىڭ بۇ كەسپىمىزنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىنىڭ يىلتىزىدۇر...

ئەينى يىللاردا، گېرمانىيە يازغۇچىسى توماس.مان كافكانىڭ بىر پارچە رومانىنى ئېينىشتېينغا سوۋغا قىلغانىكەن، بىراق، ئەتىسىلا ئېينىشتېين رومانىنى توماس.مانغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ئادەمنىڭ مېڭىسىمۇ بۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئەمەس» دەپتۇ. بىزنىڭ كافكا جاھان تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئالىمنىمۇ يېڭىۋالغانىدى، مانا بۇ بىزنىڭ ساھەيىمىزنىڭ غۇرۇرى، ئىپتىخارى...

ئۇنداقتا بىز ئاسمان ـ پەلەكنى تىترەتكۈدەك دەرىجىدە سەزگۈمىزنى قوزغىتىپ، تىنىقى، پۇرىقى، ھارارىتى، ئاۋازى، ئەلۋەتتە يەنە سىرلىق ئىدىيەسىمۇ بولغان رومانلارنى ئىختىرا قىلايلى!

دۇرۇس، يازغۇچى ئەسىرىنى تىل بىلەن يازىدۇ، بىز دېگەن پۇراق، تۈس، ھارارەت، شەكىللەرنىڭ ھەممىسىلا جەزمەن تىل ئارقىلىق «ياساپ چىقىرىلىدۇ» ياكى تىلنى ۋاستە قىلىدۇ. تىل بولمىسا ھەممە مەۋجۇت بولمايدۇ. ئەدەبىي

تىلىنىڭ كونكرېت مەنىلەرنى ئۆزىگە يۈكلىگەنلىكىدە. شۇڭلاشقا تەرجىمىدىكى قولايلىقنى كۆزلەپ بولسىمۇ، يازغۇچىلارنىڭ سەزگۈسىنى چوقۇم ئىجتىھات بىلەن يېزىپ چىقمىقى، تۈيغۇلارغا باي، «ھايات» دۇنيانى بەرپا قىلمىقى ھاجەتتۇر. سەزگۈ بولغاندىلا ئاندىن ھېسسىيات بولىدۇ، سەزگۈسىز، «ئۆلۈك» ئەسەر ئەلۋەتتە كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالالمايدۇ...

ئۇسسۇرى دەرياسىدىكى كىتا بېلىقلىرى كەبى ئانا دەريايىمىزنىڭ پۇرىقىنى ھىدلاپ، قەھرىمانلارچە، قورقۇمسىزلارچە ئالغا ئىلگىرىلەش بىزگە نېسىپ بولغاي!

تەسەۋۋۇرىمىزنىڭ قەدەم-ئىزلىرى يېراق قەدىمكى زاماندىكى پۇراقلارغىمۇ يەتسۇن، ئۇ ۋاقىتتا يەر شارىدا سىپسىق ھىدى جاھاننى بىر ئالىدىغان سانسىزلىغان دىنازاۋۇرلار ياشار ئىدى. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، دىنازاۋۇر ئۆزىنىڭ سىپسىق ئۇسۇرۇقىدا ئۆلگەن ئىكەن...

مەن ئاجايىپ بىر قاپ يۈرەكلىك بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەسئۇل رەھبەرلەرگە مۇنداق بىر تەكلىپنى بېرىمەن: «2008-يىلى ئېچىلىش مۇراسىمىدا، مەشئەلگە ئوت يېقىلغان ئاشۇ دەقىقىدە، چوقۇم يۈز خىل گۈل، يۈز خىل دەرەخ، يۈز خىل ئېسىل شارابنىڭ ئارىلاشمىسىنىڭ پۇرىقىمۇ تەڭلا شىددەتلىك رەۋىشتە قويۇپ بېرىلىشى، ئولىمپىكنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماقلارغا گۈپپىدە ئۇرۇلۇشى كېرەك...»

خاتىرىلىرىمىزگە مەھكەم ئورناپ كەتكەن بارچە ھىدنى قوزغىتايلى، ئاندىن ئاشۇ ھىدنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشىمىزنى، سۆيگۈلىرىمىزنى، ئازاب-ھەسرەتلىرىمىزنى، شادلىقلىرىمىزنى، غېرىبلىقىمىزنى، باللىقىمىزنى، ئانىمىزنى... ئىشقىلىپ ھەممە نېمىمىزنى، خۇددى پىروئوست بىر چىشلەم مادېلىن كولباساسىنى(باقالى) كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كەچمىشلىرىگە قايتقاندەك ئەسلەيلى...

ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى پۇسۇڭلىڭنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «لياۋجەي رىۋايەتلىرى»دە سىرلىق بىر ئەما راھىب سۆزلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ بۇرنى بىلەن ماقالىنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى پۇرىيالايدىكەن، كىجۇي(ئەمەلدارلىق) ئىمتىھانىغا قاتناشماقچى بولغان تالاي تالىپلار ماقالىلىرىنى بۇ راھىبنىڭ پۇراپ بېقىشىغا سۇنۇشىدىكەن، راھىب ناچار ماقالىنى پۇرىسا دەرھال قۇسۇۋېتىدىكەن، ئۇ «ناچار ماقالە بەتبۇي پۇراق چىقىرىدۇ» دەيدىكەن. بىراق كېيىنچە، ئۇنى شۇنداق قاتتىق قۇستۇرۇۋەتكەن ماقالىلەر نېمىشقىدۇر قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭ بۇرنىغا مەززىلىك پۇرىغان ياخشى ماقالىلەر بولسا قوبۇل قىلىنالماي قالىدىكەن...

تەيۋەندىكى بۇنۇڭ مىللىتى ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغان، ئۇلارنىڭ كەنتىنىڭ يەر ئاستىدا ياشايدىغان بىر قەبىلىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ پۇراش سېزىمى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىكەن، يەنە كېلىپ بۇ قەبىلىدىكىلەر تاماققا ئۇستا بولۇپ، ئەتكەن تاماقلىرىنىڭ مەززىلىك ھىدلىرى ئىشتىھانى يارىدىكەن، بىراق ئۆزلىرى يېمەيدىكەن. تائاملارنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى بىر ئوچۇقچىلىققا تىزىدىكەن، ئاندىن قەبىلىدىكىلەر تائاملارنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ، تاماق ھىدىنى سۈمۈرىدىكەن. ئۇلار پۇراقنى ھىدلاشقا تايىنىپلا جان ساقلىيالايدىكەن، يەر يۈزىدىكىلەر دائىم ئوغرىلىقچە يەر ئاستىغا چۈشۈپ، پۇراش قەبىلىسىدىكىلەر پۇراپ قويغان تائاملارنى ئوغرىلاپ كېتىدىكەن. مەن بۇ ۋەقەلەرنى بىر پارچە ھېكايە قىلىپ يېزىپ چىقتىم، ئەسەردە مەن ھەمىشە يەر ئاستىغا چۈشۈپ تاماق ئوغرىلاپ يەيدىغان كىچىك بالا بولغانىدىم. شۇڭغىنىسى ھېكايىنى ئېلان قىلىپ بولۇپلا دەرھال پۇشايمان قىلدىم، ئەسلىدە نورمال ئادەملەرنىڭ مەيدانىدا ئەمەس، پۇراش قەبىلىسىدىكىلەرنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ يازسام توغرا بولاتتىكەن. ئەگەر مەن ئۆزۈمنى پۇراش قەبىلىدىكىلەرنىڭ بالىسى قىلىپ تەسەۋۋۇر قىلغان بولسام ئىدىم، بۇ ھېكايە جەزمەنكى قالتىس سىرلىق چىققان بولاتتى...

2001-يىلى 12-ئاينىڭ 14-كۈنى

(مويەننىڭ «ئەسەرنىڭ پۇرىقى» ناملىق كىتابىدىن رابىگۈل ۋەلى تەرجىمىسى)

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت



# «ئىشتات سىرتىدىكى ئاتا» — لى يۇك

جاڭ مو

لى يۇك دېگەن بۇ ئىسىم ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى مىللەت مېيىپلىرى ۋە مېيىپلار خىزمىتىنى سۆيۈپ ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەرگە ناھايىتى تونۇش. گەرچە مېيىپ بولسىمۇ ئىرادىسى كۈچلۈك، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا باي، كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بۇ كىشىنىڭ قىسمىتىگە تەن بېرىدىغان ياشقا كەلگەنلىكىنى ھەمدە بۇگۈنگىچە يەككە-يېگانە ياشاۋاتقانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىلغار ئىش-ئىزلىرى كۆپ قېتىم مەتبۇئاتلاردا تەشۋىق قىلىنىغان. بۇنىڭدىن 23 يىل بۇرۇن ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يايدۇرۇلغان «بىر ئادەم بىر ئايدا بىر يۈەن» ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان؛ بۇنىڭدىن 22 يىل بۇرۇن، ئۇ 10 يىل ئىزچىل ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىشتۈرۈش سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىغان ھەمدە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بەرگەن. 22 يىل بۇرۇن ئۇ پىداكارلىق بىلەن بىر تۈركۈم مېيىپلارغا باشلامچىلىق قىلىپ تېنى مېيىپ بولسىمۇ مەنىۋىيىتى مېيىپ بولماسلىق، توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەشتەك مېيىپلار خىزمىتى دولقۇنىنى ئەۋجىگە چىقارغانىدى...

گەرچە ئۇنىڭ پۇلى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ناھايىتى تېجەشلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تېجىگەن پۇللىرىنى ئىئانە قىلىپ مەكتەپلەرگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ.

گەرچە ئۇ ئاتا بولمىسىمۇ، ئەمما سەمىمىي-ساداقىتى ۋە ئوتلۇق مېھىر-مۇھەببىتى بىلەن بىر تۈركۈم ئالاھىدە بالىلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

گەرچە ئۇ مېيىپ بولسىمۇ، ئەمما ئىرادىسى مېيىپ ئەمەس، قەلبى بىلەن مېيىپلارنىڭ ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

شۇ كۈنى مۇئەللىپ ئىرادىسى مېيىپ بولمىغان،

## ئىناق جەمئىيەت كارتىنلىرى

توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان مېيىپ ــ لى يۈڭ بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، قىزغىن، باشقىلارغا ياردەم بېرىش بىلەن ھاياتىغا لەززەت تاپىدىغان بۇ لى يۈڭ ئاكا نەچچە كۈن ئاۋۋال، ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداشقا بىر نەچچە كۈنلۈك خالىس ياردەم بېرىش داۋامىدا ئۆزىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈۋالغان ئىكەن.

ئۇ مېنىڭ قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ:

— مەن «ئىشتات سىرتىدىكى ئاتا» — دېدى ئىپتىخارلىق بىلەن، — گەرچە كەچۈرمىشلىرىم ئازابلىق بولسىمۇ، مېنىڭ تۇرمۇشۇم بەختلىك.

مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگىنىمدە، ئۇنىڭ تۇرمۇش شارائىتى مېنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ئۇ تېخىچە ئاپىسى بىلەن بىللە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ ، 80 ـ يىللىرى سېلىنغان خەتەرلىك كەپە ئۆيدە ئولتۇرۇۋېتىپتۇ. كۈن تۈزۈك چۈشمىگەچكە ئۆي زەي ھەم قاراڭغۇ، نەمخۇش تۇرىدىكەن. ئەمما، مۇئەللىپنى تېخىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئۇنىڭ ئۆيى مۇشۇنداق كۆرۈمسىز، ئاددىي بولسىمۇ، مېھمانخانا ئۆيىگە جەمەتىنىڭ ئوبچە سۈرىتى ئېسىلغاندىن باشقا، يەنە ئۆزىنىڭ ھەر مىللەت باللىرى، ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن ئوبچە چۈشكەن سۈرەتلىرى، تەقدىرنامە، لەۋھە دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىلا يەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇشى بولدى. بۇنىسى كىشىنى ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئويغا سالاتتى.

مانا بۇ ئىرادىسى مېيىپ ئەمەس لى يۈڭ!

مانا بۇ مېيىپ لى يۈڭنىڭ قوغلاشقىنى!

مانا بۇ «ئىشتات سىرتىدىكى ئاتا» ــ لى يۈڭنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى!

## مېيىپ كىشى ۋە «بىر ئادەم بىر ئايدا بىر يۈەن» ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتى

مۇئەللىپ لى يۈڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ھايالشمايلا:

— مېنىڭ ھۆرمەتكە لايىق مۇلايىم ئانام بار، — دېدى ئۇ، — ئۇ ھەممىشە ھالىمدىن خەۋەر ئالىدۇ. مېنىڭ ئۇلۇغ ئانام بار، ئۇ مېنى ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

مۇئەللىپ دەسلەپتە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەنمەي قالغان بولسامۇ، ئىچكىرىلەپ پاراڭلاشقانچە ئۇنىڭ بۇ سۆزىنىڭ تېگىگە يەتتىم. ئۇنىڭ بارلىق ھېكايىلىرى ئۇنىڭ ئانىسىدىن باشلىنىدىكەن.

لى يۈڭنىڭ ئاتىسى ئەسلىدە گومىنداڭنىڭ «25 ـ سېنتەبىر قوزغىلىڭى»غا قاتنىشىپ، ھەقىقەتكە قايتقان كادىر ئىكەن. يېڭى شىنجاڭ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىڭتۇەن باش ئىشتابىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە تاكى 1990 ـ يىلغا قەدەر قوماندان بولۇپ ئىشلەپ پېنسىيەگە چىقىپتۇ. ئۇ بىر نەچچە يىل ئاۋۋال كېسەللىك سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئانىسى بولسا ھەربىي ئائىلە تاۋابىئاتى ئىكەن، بۇ مەركىزىي شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن مەلۇم زاۋۇتتا ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ ئىشلەپتۇ. كېيىنچە، 16 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ ئۆيدە ئىشسىز بىكار تۇرۇپ قالغان ئوغلىنىمۇ ئۆزى ئىشلەۋاتقان يەردە ئىشقا سېپتۇ، ئاتا ـ ئانىسى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئەمەلىيەتچىل، جاپادىن قاچمايدىغان، تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل، مۆمىن ئادەملەردىن ئىكەن.

— ئانام مېنىڭ ھاياتىمنى جەسەت ساقلاش ئۆيىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن. ئانام بولمىغان بولسا، مەنمۇ بولمىغان بولاتتىم. مېنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىممۇ بولمىغان بولاتتى، — لى يۈڭ يەنە ئانىسىنى تەكىتلەشكە باشلىغاندا، مۇئەللىپ ئۇنى قورقۇنچلۇق سۆزلەرنى قىلىپ ئادەمنى قورقۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغاندى. ئۇنىڭ بايانلىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئاڭلىغانچە ئاندىن ھەقىقەتەنمۇ ئانىسىنىڭ ئۇنى پۇلسىراتتىن ئۆتۈپ قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم.

1963 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئەمدىلا تۇغۇلغىنىغا 45 كۈنلۈك بولغان لى يۈڭ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، نېرۋىسى نورمال تەرەققىي قىلالماي، كىچىكىدىنلا تارتىشىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. ئۇ، ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى بىنورمال شەكىلدە ئۆسكەچكە، بىر ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ بىلەك ـ قوللىرى، ئۇنىڭ پۇتى نورمال تەرەققىي قىلالمىغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۆسۈپ يېتىلىش ئىقتىدارىنىمۇ يوقاتقانىكەن.

بىر قېتىم ئۇنىڭ كېسىلى تۇتۇپ كېتىپ، ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. دوختۇرخانىغا ئاپارسا، دوختۇر ئۇنى بەربىر قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمىغۇدەك، دەپ قاراپ جەسەت ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپتۇ. ئەمما، ئانىسى ئوغلىنىڭ ساقايمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىكەن، «ئۆلسىمۇ ئانىسىنىڭ قوينىدا ئۆلسۇن» دەپ ياندۇرۇپ چىقىپتۇ.

سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە لى يۈڭنىڭ ئانىسى ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

— شۇ ۋاقىتتا بىز ئىككىمىز دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا قاتتىق يىغلىشىپ كەتتۇق. يىغىدىن كېيىن مەن «بۇ دېگەن مېنىڭ بالام، مېنىڭ يۈرەك پارەم. ئۆلسىمۇ مېنىڭ باغرىمدا ئۆلسۇن، تاكى ئەڭ ئاخىرقى نەپىسى ئۈزۈلگۈچە قوينۇمدا ياشىسۇن» دەپ ئويلىدىم.

شۇنىڭ بىلەن لى يۈڭنىڭ ئانىسى دوختۇرنىڭ توسۇشلىرىغىمۇ قارىماي، ئۇنى جەسەت ساقلاش ئۆيىدىن كۆتۈرگەنچە قايتۇرۇپ چىقىپتۇ. ئانىسى لى يۈڭغا قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ چىرايىدا يېقىملىق تەبەسسۇم، تېنىدا تېخىچە ئىسسىق ھارارەت يوقالمىغان. ئانا «ئۆلۈك ئاتنى تىرىك ئات قاتارىدا داۋالىتىۋېرەي» دەپ ئويلاپ، قېرى تېۋىپنىڭ يېنىغا چېپىپتۇ.

ئويلىمىغان يەردىن بۇ قېرى تېۋىپ يىڭنە قويۇپ داۋالاش ئارقىلىق لى يۈڭنى پۇلسىراتتىن قايتۇرۇپ كەپتۇ. ئەپسۇس، لى يۈڭ ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ پۇتى باسماس بولۇپ قالغانىنىڭ سىرتىدا، نۇرغۇن ئەزالىرى ساقسىز بولۇپ قاپتۇ.

لى يۈڭ مۇئەللىپنى كۆرۈپ، «مېنى ئانام ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن، ئەمدى مەن ئانامنىڭ ماڭا بېغىشلىغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەك» دېدى.

لى يۈڭنىڭ ئانىسى ئۇنى چوڭ قىلىپ بولغۇچە بەك كۆپ جاپا چېكىپ كەتكىنىنى، ئۈچ بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغۇدەك ئەجىر بىلەن مۇشۇ بىر بالىنى بېقىپ ئاران چوڭ قىلغىنىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قاتتىق ئىچى پۇشقىنىنى، بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ «بالىڭىز قانداق بولدى» دەپ سورىغانلىرىدا ئىچىدە ئازابتىن ئۆرتىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، بىراق ئوغلىنىڭ بەزىدە جانلىنىپ، ئوماق قىلىقلارنى قىلغىنىدا پۈتكۈل ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

لى ئانا ئۇنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇپ بولغۇچە كۆپ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لى يۈڭمۇ ئادەم بولۇپ پىشىپ يېتىلگۈچە نۇرغۇن جاپا تارتتى. ئۇنى باشقىلار كۆزگە ئىلمايتتى، ساۋاقداشلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇشقا ئۇنىمايتتى، كىچىك دوستلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناشنى خالىمايتتى، ھەممىلا ئادەم ئۇنى «مېڭىسى يوق»، «توكۇر»، «ئاقساق ـ چولاق»... دېگەندەك كەمسىتىپ تىللايتتى. شۇڭا، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئوقۇشتىن توختاپ قالدى. كېيىن لى يۈڭ خىزمەت ئىزدەپمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن دەككە يېدى...

لى يۈڭ ھەربىر قېتىم ئالدانغاندا، خورلۇققا ئۇچرىغاندا، خىزمەت ئىزدەپ دەككە يېگەنلىرىدە ئۆلۈۋالغۇسى كېلەتتى. بىراق، ئوغلىنىڭ روھىي ھالىتى ھەر قېتىم ياخشى بولمىغانىنى كۆرسە، ئانىسى تېرىكىپ سۆزلەپ كېتەتتى:

— سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىڭ ھەممىسى تەل تۇرۇپتۇ، ئىدىيەڭدىن

ئۆتمەيدىغان يەنە نېمىسى بار؟ — ئۇ ئوغلىنى رىغبەتلەندۈرۈپ شۇنداق دەيتتى، — ئەسكى ئىش قىلمىساڭلا، ئاتا - ئاناڭ ساڭا مۇكاپات بېرىدۇ.

شۇڭا، لى يۈڭ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، دائىم ياخشى ئىشلا قىلاتتى، ئانىسىدىن ئالغان مېھىر - مۇھەببەت مەشئىلىنى قولدىن - قولغا يەتكۈزۈشكە تىرىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ھەممە كىشىگە مېيىپلارنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى، نورمال كىشىلەردىنمۇ ئۆتە مېھرىبان - ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى، تۇرمۇشنى، ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغۇسى كېلەتتى. ئۇ، كۆپچىلىك ئالدىدا ئېتىراپ قىلىنىشنى، جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنى ئويلايتتى.

تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئانىسى ئوغلى ئېرىشكەن مۇكاپات، لەۋھە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەتىۋارلاپ ساقلايتتى. گەرچە ئۇ مۇئەللىپنى كۆرۈپ «بۇ نەرسىلەر نېمىگە ئەسقاتاتتى. يا ئۇنى ئاش - تاماق ئورنىدا يېگىلى بولمىسا» دەپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ نەرسىلەرنى ساندۇقىغا سېلىپ ساقلاپ كەلگەنىدى.

لى يۈڭنىڭ ئېيتىشىچە، بەلكىم ئۇ ئانىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغىنىدىن بولسا كېرەك، گەرچە تۇغما مېيىپ بولسىمۇ، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي، روھىنى ئۈستۈن تۇتۇپ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشايدىكەن.

لى يۈڭنىڭ ئېيتقىنى بىر ئازمۇ ساختا، يالغان ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ قورۇسىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «بەكلا ئۈمىدۋار ياشايدۇ، مېيىپلارغا بىر ئازمۇ ئوخشىمايدۇ» دېيىشەتتى. مۇئەللىپ ئۇنىڭ بىلەن ھويلىدا كېتىۋاتقىنىدا، ئۇ ئاھالىلەر بىلەن قىزغىن سالام - سەھەت قىلىشىپ ماڭدى. ئۇ دېمىسىمۇ قىزغىن، روھىي كەيپىياتى ئۈستۈن ئىدى.

1979 - يىلى لى ئانا ئوغلىنىڭ خىزمەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بولالماي، ئۆز ئورنىغا ئوغلىنى ئىشقا قويدى. مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ خىزمەت ئورنىغا ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى ھايات يولىنى باشلىدى.

ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ لى يۈڭ جىسمى مېيىپ بولسىمۇ كۈچلۈك ئىرادە تىكلىدى، جاپالىق ئىشلىدى، ئۇلۇغۋار غايە، جەسۇر ئىرادە بىلەن ۋەتەنگە بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇپ، «ئۆزىنىڭ باشقىلار ئالدىدا نورمال ئادەملەردىن ھېچ يېرىنىڭ كەم ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ» قويۇشنى ئويلىدى.

1991 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «بىر ئادەم بىر ئايدا بىر يۈەن» ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا لى يۈڭنىڭ مائاشى ئارانلا نەچچە ئون يۈەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئويلاپ قالغانىدى: «مەن يا تاماكا چەكمەيدىغان، يا ھاراق ئىچمەيدىغان تۇرسام، ھەر ئايدا ئانامغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان پۇلدىن سىرت يەنە قولۇمدا ئاز - تولا پارچە - پۇرات خەجلەيدىغانمۇ پۇلۇم بار تۇرۇقلۇق، نېمە دەپ ئۆزۈمنىڭ بىر كىشىلىك مېھىر - مۇھەببىتىنى ھەسسە قوشالمايمەن.»

بۇنىڭ بىلەن لى يۈڭ ئۆزىنىڭ بۇ خالىس نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يولىنى تېپىۋالغىنىدىن ئۇزاققىچە خۇشال بولۇپ يۈردى. «بىر ئادەم بىر ئايدا بىر يۈەن» ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغان شۇ تۈنجى ئېيىدىلا ئۇ ئاكتىپلىق بىلەن مەركىزىي شەھەردىكى جەنۇبىي ئاق قوۋۇققا جايلاشقان ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنى ئىزدەپ تاپتى - دە، بىر يولىلا بىر يىللىق پۇلنى، يەنى 12 يۈەننى تاپشۇرۇۋەتتى. كېيىنكى ھەر يىلىمۇ شۇنداق قىلدى. شۇ چاغلاردا ئۇ بىر نەچچە مو قاتناش پۇلىنى بولسىمۇ تېجەپ قېلىش ئۈچۈن مېيىپ پۇتىنى سۆرەپ يۈرۈپ، قىزىل كۆۋرۈكتىن ئاق قوۋۇققىچە پىيادە نەچچە سائەتلەپ ماڭغانىدى. بۇنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەن فوندى جەمئىيەت خىزمەتچىلىرى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى.

دەسلىپىدە، لى يۈڭ «ئانام بىلىپ قالسا خاپا بولىدۇ» دەپ قورققانىدى. شۇڭا، بۇ ئىشنى ئاتا -

ئانىسىدىن سىر قىلىپ ساقلىدى. ئاتا ـ ئانىسىمۇ بۇنى سەزمەي قالغانىدى. ئەمما، لى يۇڭنىڭ ئانىسى سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى: «ئۇنىڭ خەجلەيدىغان پۇلى نېمىشقا يەتمەس بولۇپ قالدى، يا ئۇنىڭ يېگۈدەك ئۇششاق ـ چۈششەك بىر نېمە سېتىۋالغىنىنى كۆرگىلى بولمىسا». ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ، نە تاماكا چەكمەيدىغان، نە ھاراق ئىچمەيدىغان، نە قالايمىقان پۇل خەجلىمەيدىغان ئوغلىنىڭ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان پۇلنى زادى نەگە خەجلەۋاتقىنىنى بىلەلمەي ئىچى سىقىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

لى يۇڭ بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتىدىغىنىنى، ئانىسىنىڭ: «ئوغلىمىز ئەقلىنى تېپىپتۇ» دەپ سۆيۈنۈپ كېتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بوۋاي ـ مومايلار ئىككىسى ھاياجاندىن ئوغلىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى سىلاپ كەتتى... شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ساخاۋەت ئارقىلىق مېھىر ـ مۇھەببەت يەتكۈزۈشكە قاتنىشىپ ياخشى قىپتىمەن، دەپ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاشتى، دەرۋەقە بۇ يولنى توغرا تاللىغانىدى. ئۇنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچلەندى، پۇل تاپشۇرغانچە تېخىمۇ كۆپ تاپشۇرغۇسى كېلىدىغان بولدى. بىر قېتىم ئۇ ئىدارىدىن بېرىلگەن يۈز نەچچە يۈەنلىك مۇكاپاتنى بۇ فوندى جەمئىيەتكە ئاپىرىپ تاپشۇرۇۋەتتى.

لى يۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى ھەممىدىن خۇشال قىلغىنى ھەر ئايدا پۇل تاپشۇرغاندا، فوندى جەمئىيەتنىڭ پۇل تاپشۇرغانلىق ئىسپات قەغىزى كېسىپ بېرىلگەندە، ئاشۇ كىچىككىنە ئاساسنى قويىنغا سېلىۋاتقىنىدا ئۆزىنى جەمئىيەت ئاخىر ئېتىراپ قىلغاندەك سېزىپ يۈرەكلىرى يايراپ كېتىدىكەن. ھەر قېتىم ئۇ پۇل تۆلىگەنلىك ئىسپاتنى كۆتۈرۈپ بارغىنىدا، ئانىسىمۇ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كېتىدىكەن ۋە «ھەي دادىسى، قاراڭلا ئوغلۇڭلىغا، ئۇ يەنە بىر ياخشى ئىش قىلدى» دەيدىكەن. ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان مىسلىسىز خۇشاللىق ۋە بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدىكەن.

دەسلىپىدە، ئۇ مۇشۇنداق ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا باشلىغاندا ئۆزىنى چوڭ تۇتقاندەك يۈرىدىغان بوپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى بۇنى كۆرۈپ، ئوغلىغا نەسىھەت قىلىشىپتۇ:

ــ بىرەر قېتىم ياخشى ئىش قىلىش تەس ئەمەس. تەسى شۇكى، بىر ئۆمۈر ياخشى ئىش قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، قىلغان ئىشىنى كۆز ـ كۆز قىلمايدىغان ۋە ماختانمايدىغان بوپتۇ.

مانا شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىككى يىلغىچە توختىماي ئايمۇ ئاي ئىئانە تاپشۇرۇپتۇ. قولىغا پۇل كىرسىلا ئۇ يەرگە قاتراپتۇ. بۇنىڭ بىلەن تاپشۇرغان ئومۇمىي پۇلنىڭ سوممىسى 2000 يۈەندىن ئېشىپتۇ.

كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، جەمئىيەتنىڭ ئىززەتلىشىگە ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنغان بۇ خالىس ئىشتىن باشقىلار قۇسۇر ئىزدەپ مەسخىرە قىلىدىغانلارمۇ چىقىپتۇ:

ــ ئۇ نوچى ئىكەن، خەققە ئىئانە بەرگۈدەك بوپتۇ!

ــ پۇلى بولسا ئۆزى خەجلەپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا جىم ئولتۇرۇش نېمىدېگەن ياخشى.

لى يۇڭ بۇنداق سۆزلەر قۇلىقىغا كىرىپ قالغۇدەك بولسا، دەسلەپتە بەك ئازابلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن ئاتا ـ ئانىسى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن خاپا بوپتۇ:

ــ سەن زادى باشقىلارنى كۆرسۇن دەپ ياخشى ئىش قىلىۋاتامسەن، ياكى ئۆزۈڭ ئۈچۈنمۇ؟

ئۇنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتۈپتۇ:

ــ مەن باشقىلار ئۈچۈنلا ياشىمايمەن. مەن ئۆزۈم ئۈچۈن، مېنى سۆيىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ياشايمەن.

ئۇ «بىر ئادەم بىر ئايدا بىر يۈەن» ئوقۇشقا ياردەم بېرىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشقانلىقى ۋە ئەستايىدىللىقى، ھەر ئايدا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك

پۇلىدىن ئاشۇرۇپ ئۇئانە تاپشۇرۇپ كەلگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوقۇش ياردەم پۇلى ئۇئانە قىلىشتىكى ئىلغار شەخس»، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ فوندى جەمئىيىتى «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەندەك شەرەپلىك ناملارنى بەرگەنىكەن.

لى يۈڭ تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بۇ تەقدىرنامىلەرنى قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ.

— مەن بىر مېيىپ، ۋەتەن-خەلق ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بېرەلمىسەممۇ، قولۇمدىن كېلىدىغان كىچىك ئىشلارنى بولسىمۇ قىلىپ كەلدىم،— دەيدۇ ئۇ.

## بىر مېيىپ ۋە ئۇنىڭ ئەقىل يېتىلدۈرۈش سىنىپىدىكى بالىلىرى

لى يۈڭ 22 يىلنى بىر كۈندەك ياشاپ، ئەقىل يېتىلدۈرۈش سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى. بۇنى سۈرۈشتە قىلساق، ئۇ 1992-يىلى باشلانغان ئىش ئىدى.

ئۇ چاغدا 29 ياشلىق لى يۈڭ قىزىل كۆۋرۈك ئاھالىلەر كومىتېتى تەۋەسىدىكى مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىدى. لى يۈڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېيىپلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇ شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ مېڭىسى پالەچ بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ئەقلىي قابىلىيىتى تۇسالغۇغا ئۇچراپ نورمال ئوقۇيالمىغان بالىلارنى ئوقۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەكلىكىنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئەقىل يېتىلدۈرۈش سىنىپى ئاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، قەلبى لەرزىگە كەلدى.

ئۇ: «بەلكىم مەندەك كېسەل ئازابى تارتىۋاتقان بالىلارنىڭ دەردىگە ھەمدەردەمەن بولارمەن ۋە بەلكىم ئۇلارنى كۆرۈپ بۇرۇنقى ئۆزۈمنى كۆرگەندەك بولارمەن» دەپ ئويلاپ، ئاشۇ ھەر مىللەت مېيىپ بالىلىرىنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. بۇ چاغدا لى يۈڭ 300 يۈەن مائاش ئالىدىغان خىزمەتچى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، بۇ بالىلارنى يوقلاش ئۈچۈن 40 يۈەن خەجلەپ، ئويۇنچۇق ۋە ئاز-تولا يېمەكلىك ئېلىۋالدى.

ئۇ سىنىپ ئادەتتىكى سىنىپلارغا قارىغاندا بەكلا كىچىك، ئەمما پارتىلىرى يېپيېڭى ئىدى. ئىككى ئوغۇل ئورۇندۇقى يېنىدا ۋارقىراپ-جارقىراپ يۈرەتتى، يەنە بىر نەچچە بالىلار پارتىسىغا ئېسىلغانچە ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى...

مانا بۇ لى يۈڭنىڭ ئەقىل يېتىلدۈرۈش سىنىپىنى تۇنجى كۆرگەن چاغدا قېپقالغان تەسىرات ئىدى. ئەمما ئۇ، تېخى بۇ سىنىپنىڭ ئىچىنى تۈزۈك كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەستىن بىردىنلا بېلىنىڭ چىممىدە قىلىپ قاتتىق ئاغرىپ كەتكىنىنى سەزدى. بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىۋىدى، بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ بېلىنى غاچچىدە چىشلەپلا، كۈلگەن پېتى قېچىپ كەتكىنىنى كۆردى.

— راستىنى ئېيتسام، ئۇ بالا چىشلىۋالغاندا بەك ئاغرىپ كەتكەنىدى،— دېدى ئۇ. شۇنداق بولسىمۇ لى يۈڭ مەكتەپ ئورنى بولغاچقا ۋارقىريالماي جىممىدە تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ بۇ بالىلارغا بىر خالتا پېچىنىنى تارقىتىپ بەردى...

لى يۈڭ مۇئەللىم ئارقىلىق بۇ بالىلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقىنىدا، ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىدا توسۇلۇش كۆرۈلگەن بۇ بالىلارنى ئايدا كەم دېگەندىمۇ بىرەر قېتىم بېرىپ يوقلاپ تۇرۇش، ئۇلارنى بىردەم بولسىمۇ ئوينىتىش نىيىتىگە كەلدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئەقلىي ئىقتىدارى توسۇلۇپ قالغان بالىلار دائىم دېگۈدەك «لى ئاتا»سىنى كۆرۈپ تۇرالايدىغان بولدى، شۇنداقلا «ئىشتات سىرتىدىكى ئاتا» دېگەن ئاتاق قويۇلدى.

گەرچە مۇئەللىم لى يۇڭنى باللارنىڭ ئالدىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، دەسلەپتە بىر نەچچە يىلغىچە باللار بۇ «چاقىرىلمىغان مېھمان»نى ئۈنچىۋالا خالاپ كەتمىدى، ئەكسىچە سوغۇق، ھەتتا دۈشمەنلىك نەزىرىدە قارىدى. ئۇ بۇ كەيپسىز، بەئەباش باللارنىڭ كۆپ دەردىنى تارتتى. باللار ئۇنىڭ باش-كۆزىگە سۇ چېچىۋېتەتتى، بەلەكلىرىنى چىمدىپ كۆكەرتىۋېتەتتى، پاقالچەكلىرىدە باللار چىشلىۋالغان چىش ئىزلىرى بار ئىدى...

بىراق، لى يۇڭ بۇنىڭدىن زارلانمىدى. بۇ باللارنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى، خۇددى ئەمدىلا ئېمىشنى ئۆگىنىۋاتقان سەبىي بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىۋالغاندەك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى.

بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لىيۇ بولۇپ، ئۇ 1988-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 12-باشلانغۇچ مەكتەپتە 1-قېتىم ئەقلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش سىنىپى ئېچىپ دەرس ئۆتكەن تۇنجى مۇئەللىم ئىدى. شۇ يىللاردا پۈتكۈل شىنجاڭ بويىچە ئالاھىدە ئوقۇتقۇچىلىققا تىزىمغا ئالدۇرغانلار ئۈچلا كىشى بولۇپ، لىيۇ جۆەنخۇي ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى. بۇ قىز مۇئەللىم شىنجاڭ بويىچە ئەقلىي ئىقتىدار سىنىپىنىڭ بىردىنبىر ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالغانىدى.

مۇئەللىپ، لىيۇ جۆەنخۇيدىن «قانداقسىغا بۇ ئالاھىدە ئوقۇتقۇچىلىقنى تاللاپ قالدىڭىز» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مەن بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ بىر فىلىمىنى كۆرگەن. فىلىمدا بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى توسۇلۇشقا ئۇچرىغان باللارنى ئوقۇتۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىدەك ھېكايە سۆزلەنگەن. بۇ ھېكايە ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغان، ئەقلىي ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچرىغان مېيىپلارنى تەربىيەلەشمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك ئىش دەپ ھېسابلايتتىم، شۇڭا كۆپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا دەرھال تىزىمغا ئالدۇرغانىدىم.

ئۇ تا ھازىرغىچە بۇ تاللىشىدىن پۇشايمان قىلىپ باقماپتۇ، ئۆزىنىڭ بۇ خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىشنى خالىمايدىكەن. ئۇ بۇ باللار بىلەن بىللە بولۇشنى مەڭگۈلۈك شەرەپ ۋە بەخت ھېس قىلىدىكەن ھەم بۇنىڭدىن چەكسىز ئېپتىخارلىنىدىكەن.

لىيۇ جۆەنخۇينىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى چاغدا ئەقلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش سىنىپىنى ئېچىش ھېچكىمنىڭ يادىغا يەتمىگەنىكەن. كىشىلەر بۇ باللارنى كەمسىتىدىكەن، بىر كىشىنىڭ بۇ باللارنى يوقلاپ كېلىپ ساخاۋەت قولىنى سۇنۇشنى ئويلاپمۇ باقماپتۇ.

— ئەينى چاغدا مەن بۇ كىشىنى بىر نەچچە قېتىم كەلسە كېلىپ، ھامان توختاپ قالىدۇ، دەپلا ئويلىغان. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ساخاۋەت ئىشلىرىنى توپتوغرا 22 يىلغىچە داۋاملاشتۇردى. ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ھېچقانداق ئۆزگىرىپ قالمىدى. ئۆزى كۆپلىگەن كېسەل چىرماپ تۇرغان بىر مېيىپ كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغلۇق ۋە نېمىدېگەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھ-ھە!

لى مۇئەللىمنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20-باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىدىلا لى يۇڭنى تونۇيدىكەن. كېيىن 5-باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەقلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش سىنىپى ئېچىلىپ، لى مۇئەللىمنى ئۇ يەرگە يۆتكەپ ئاپىرىپ ئىشلىتىپتۇ. لى يۇڭنىڭ خىزمىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، 5-باشلانغۇچ مەكتەپ ئەتراپىغا يۆتكىلىپتۇ.

— بىزنىڭ ئۇ يەر كىشىلەر تەرىپىدىن ئىزچىل ئۇنتۇپ كېتىلگەن، تاشلىۋېتىلگەن جاي ئىدى. پەقەت لى يۇڭلا 15 يىللاپ بىزنى ئۈزمەي قوللاپ كەلگەن بىردىنبىر كىشى بولۇپ قالدى.

مۇئەللىپ شۇ كۈنى لى يۇڭ بىلەن بىللە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5-باشلانغۇچ مەكتەپكە

ئەقلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش سىنىپىنى كۆرگىلى بارغىنىمىزدا، ئالاھىدە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 26 يىل بولغان، 58نىڭ قارىسىنى ئالغان لىۋ جۆەنخۇي مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن مەيداندا ئويناۋاتقانىكەن.

— دىڭ دىڭ، ئاستىراق ماڭ، يىقىلىپ چۈشمىگىن يەنە...

— يا يا، ھەرىكەت قىلغىنا، يايا ئەڭ گەپ ئاڭلايدىغان ياخشى بالا.

— چاۋ چاۋ، يۈگۈرمە، بىرئازدىن كېيىن مۇئەللىم بىلەن چاۋاك چېلىپ ئوينايسەن...

لىۋ جۆەنخۇي مۇئەللىم بىر ياقتىن بالىلار بىلەن ئوينىسا، بىر ياقتىن ئۇلارنى ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەيتتى.

مۇئەللىپ لىۋ جۆەنخۇينىڭ گەرچە يەنىلا روھلۇق كۆرۈنسىمۇ، چىرايىغا چۈشكەن چوڭقۇر قورۇقلار ۋە چېچىدىكى ئاقلارغا قاراپ، ئۇنىڭ 20 يىللاپ ئالاھىدە ئوقۇتقۇچىلىق جەريانىدا تارتقان جاپالىرى ۋە سىڭدۈرگەن يۈرەك قېنىنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولدى.

مۇئەللىپ بىلەن لى يۈڭ مەكتەپكە كىرىپ كەلگەندە، ئويناۋاتقان شياۋ دىڭ بىردىنلا تۇرۇپ قالدى. ئۇ لىۋ جۆەنخۇي مۇئەللىمنىڭ قولىدىن بوشىنىپ چىقىپ، ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى...

— تاغا، تاغا...— دەپ توۋلايتتى ئۇ.

باشقا بالىلارمۇ لى يۈڭنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار لى يۈڭنى ئورىۋېلىپ چۇرۇقلىشاتتى:

— تاغا، مەن بۈگۈن گەپ ئاڭلىدىم.

— تاغا، سىزنى بەك كۆرگۈم كەلدى.

لىۋ جۆەنخۇي مۇئەللىم چۈشەنچە بەردى:

— ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە مۇئەللىمدىن سىرت، لى يۈڭ تاغىسىلا بار. ئۇلار ھەر قېتىم لى يۈڭ تاغىسىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرسە بەك خۇش بولۇپ كېتىدۇ!

لىۋ جۆەنخۇينىڭ ئېيتىشىچە، لى يۈڭ مەيلى قىش، مەيلى ياز، مەيلى باھار، مەيلى كۈز بولسۇن ئوخشاشلا ئوقۇش قوراللىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە ھەر تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ بۇ بالىلارنى يوقلاپ ھەم ئۇلار بىلەن يۈزتۇرا پاراڭلىشىپ تۇرىدىكەن. بالىلارنىڭ سەبىي قەلبىدە لى يۈڭ ئۇنتۇلماس «ياخشى دادا، ياخشى تاغا»سى ئىكەن. گەرچە بۇ بالىلار لى يۈڭنىڭ بالىلىرى بولمىسىمۇ، ئۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن سەممىي ۋە قىزغىن ھالدا بالىلارغا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەن. چوڭلار، ھەتتا بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇنى «ئىشتات سىرتىدىكى ئاتا» دېيىشىدىكەن.

— سىز ئۇلارنىڭ مېڭىسى ياخشى ئىشلىمەيدۇ دەپ قارىماڭ، ئۇلار مەكتەپتىن ئايرىلسىمۇ مېنى ئۇنتۇمايدۇ،— دېدى لى يۈڭ پەخىرلىنىپ.

— مۇنىرە تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزگەندە، ئاتا-ئانىسى مېنىمۇ تەكلىپ قىلىپ قوشۇۋالغان. شياۋ شا خىزمەتكە چىقىپ، تۇنجى قېتىم تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزىدىغاندا مەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن. شياۋ خۇي توي قىلىدىغاندا، مەن بىر يۈڭ ئەدىيال ئاپىرىۋېدىم، ئۇ ئىشلىتىشكە قىيماي ھازىرغىچە ساقلاپ يۈرىدۇ. ئەكبەر تىكتاك توپ مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ مۇكاپات ئاپتىكەن، مۇكاپات بۇيۇمىنى ماڭا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ...— لى يۈڭ مانا شۇلارنى سۆزلەۋاتقىنىدا، چىرايىدا بەخت ۋە ئىپتىخارلىق نۇرلىرى چاقناپ كەتتى.

بالىلار ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنىمۇ، يولۇققان بەزى كۆڭۈلسىزلىكلىرىنىمۇ لى يۈڭغا سۆزلەپ بېرەتتى، بالىلارنىڭ قايغۇ-شادلىقىغا ئورتاقلىشالىغان لى يۈڭ بۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال ئىدى.

2004-يىلى 12-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدارىگە كېلىپ ئەمدىلا خىزمىتىنى باشلىغان لى يۈڭ بىر تېلېفوننى قوبۇل قىلدى. تېلېفوننى شياۋ كېنىڭ ئاتىسى بەرگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شياۋ

كي مەكتەپ پۈتكۈزۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. لى يۇڭ مۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭ ئاتىسى: «شياۋ كى سىز بىلەن كۆرۈشىدىكەن، ئۆيىمىزگە بىر كېلىپ كەتسىڭىز» دەپتۇ.

لى يۇڭ ھېچنەرسىنى ئويلىماي، دەرھال بالىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

— بالىلارنىڭ ئىشى مېنىڭ ئىشىم. مەن «ئىشتات سىرتىدىكى ئاتا» دېگەن نامغا تۇشلۇق ئىش قىلىشىم كېرەك-تە!

شۇ كۈنى ناھايىتى قېلىن قار ياغقانىكەن، لى يۇڭ بىر ئات باغرى جايدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ پۇتىدا بىردىنلا كۈچ قالماپتۇ-دە، يىقىلغانچە پەسكە قاراپ سىيرىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ قاردا خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىسسىغاندەك بولۇپ يولنى يەنە داۋام قىپتۇ.

ئۇ شياۋ كىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، شياۋ كى ئۇنى كۆرۈپ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، تەستە مۇنداق دەپتۇ:

— لى يۇڭ تاغا، نېمىشقا ئەمدى كەلگەنسىز!

ئەسلىدە شياۋ كى ئاپىسى بىلەن دېيىشىپ قالغان بولۇپ، زىيادە خاپا بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئاپىسىنى ئىشقىمۇ بارغۇزمىغان، بەلكى ئۇ، لى يۇڭ بىلەن كۆرۈشمەن، دەپ تۇرۇۋالغانىكەن.

شۇ كۈنى لى يۇڭ شياۋ كىغا ھەمراھ بولۇپ، ئىشقىمۇ بارالماي ئۆتۈپتۇ.

— ھېلىمۇ ياخشى ئىدارىدىكىلەر مېنىڭ بۇ ئىشىمنى قوللايتتى. بولمىسا مەندىن پۇل تۇتۇۋالغان بولاتتى.

لى يۇڭنى تونۇيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى «پىخسىق»: يا ئىچمەيدۇ، يا چەكمەيدۇ، ئۆيىگە قايتسىمۇ «11-يول»غىلا تايىنىدۇ، قوغدىغۇچىلار فورمىسى كىيىدۇ، دېمەك، يېڭىدىن كىيىمىمۇ سېتىۋالمايدۇ، قىسقىسى، ئۇ «ئۆتۈپ كەتكەن پىخسىق» دېيىشەتتى.

بىراق، لىيۇ جۇەنخۇي مۇئەللىم مۇنداق قارىمايتتى.

— ئۇ، بالىلارغا بىر ئازمۇ پىخسىقلىق قىلمايدۇ. بالىلارغا نېمە كېرەك بولسا، كېيىنكى قېتىم كەلگەندە ئالغاچ كېلىشكە ھۆددە قىلىدۇ. 22 يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ بالىلار ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

پۇلنىڭ گېپى چىقسا، لى يۇڭ تولىمۇ ئەستايىدىل ھالدا:

— بىر پۇڭ، بىر لىغىچە ئىنچىكە ھېسابلاپ خەجلىمىسە، بالىلارغا بەرگۈدەك نەدىكى پۇل دەيسىز!— دەيدۇ ئۇ،— بىراق، ئۇ پۇلنى خەجلەشكە ئەرزىيدۇ...

لى يۇڭ بىلەن بۇ بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلۇقى زادى قانچىلىك؟ لىيۇ جۇەنخۇي:

— چوڭقۇرلۇقتا ھەتتا بەزىدە مېنىڭ ھەسستىمنى كەلتۈرىدۇ،— دېدى چاقچاق قىلىپ.

لىيۇ جۇەنخۇي مۇئەللىمنىڭ ئېيتىشىچە، 2005-يىلىنىڭ ئالدىنقى ياز ئايلىرىدا لى يۇڭ دورىدىن زەھەرلىنىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قاپتۇ، ئۇ ئۈچ كېچە-كۈندۈزگىچە ھوشىغا كەلمەي ئۆلۈكتەك يېتىپتۇ. بالىلار بۇنى ئۇققاندىن كېيىن دەرس ئوقۇغۇسىمۇ كەلمەيدىغان، مۇئەللىمدىن ئۆزلىرىنى «ئىشتات سىرتىدىكى ئاتا»سىنىڭ يېنىغا ئاپىرىشنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىراق، بۇ ۋاقىتتا لى يۇڭ تېخى خەتەرلىك ھالەتتىن ئۆتۈپ كېتىپ بولالمىغاچقا دوختۇرلار يېنىغا ئادەم كىرگۈزمەيتتى. ئۇ دوختۇرخانىنى بىلىدىغان بىر نەچچە ئوقۇغۇچى بېرىپ، دوختۇردىن ئۆتۈنسىمۇ كىرگۈزمەپتۇ. ئۇلار ئىشخانىنىڭ ئالدىدا يىغلىشىپ كېتىپتۇ. ئاخىر دوختۇرنىڭ يۈرىكى يۇمشاپ، ئىككى بالىنى ۋاكالىتەن كىرىپ چىقىشقا ئاران قوشۇلغانىكەن.

— دوختۇردىن ئۆتۈنۈشنى دېمىگەندىمۇ، بۇ بالىلارنىڭ دوختۇرخانىنى ئىزدەپ تېپىپ بارالىشىمۇ مۆجىزىدەك بىر ئىش،— دېدى لىيۇ جۇەنخۇي

مۇئەللىم.

بالىلارنىڭ پۇلى بولمىغاچقا، بىر قېتىم كونسېرۋا سېتىۋېلىپ ئېلىپ بارغانىدى. بالىلاردىن شياۋ شيا بىلەن مۇنىرە ۋەكىل قىلىنىپ كىرگۈزۈلدى، ئۇلار لى يۈئېنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ئادەتتە چىرايىدىن كۈلكە ئۆچمەيدىغان لى يۈئېنىڭ ھەممە يېرىگە شلانكىلار تىقىپ قويۇلغىنىنى، لى يۈئېنىڭ مىدىر-سىدىر قىلماستىن ياتقىنىنى كۆرۈپ ئىككىسى نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشتى...

ئاخىرى شياۋ شيا كونسېرۋانىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، قوشۇق بىلەن لى يۈئېغا ئىچۈرۈش ئۈچۈن ئېغىزىغا سالدى. بىراق، لى يۈئېنىڭ ھېچقانداق ئىنكاسى بولمىدى. شياۋ شيا يىغلىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ، قولىنى شۇنچىكى بىر مىدىرلىتىشىغىلا قۇتىدىكى مېۋە شالاققىدە لى يۈئېنىڭ ئۈستىباشلىرىغا تۆكۈلۈپ كېتەتتى.

مۇنىرە داسقا سۇ ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى بىر-بىرلەپ قايرىپ ئاچۇرۇپ، بىر بارماق، بىر بارماقتىن سۈرتۈپ چىقىدۇ. ئۇ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ «ئاتىسى»نىڭ تېنى نورمال تەرەققىي قىلمىغىنىنى، بىر پۇتىنىڭ مۇنچىۋالا قورۇلۇپ قالغىنىنى ئەزەلدىن بىلمەيتتى. ئۇ مانا شۇنداق بىر پۇت بىلەن بالىلار ئۈچۈن ھەريان چاپقانىدى.

بۇ كۆرۈنۈش لى يۈئېنىڭ ئانىسىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى، شۇنداقلا شۇ مەيداندىكى داۋالاش خادىملىرىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

دەسلەپتە، بەزى دوختۇرلار بۇ ئىككى بالىنى لى يۈئېنىڭ بالىلىرى ئىكەن، دەپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ لى يۈئې ياردەم قىلغان ئالاھىدە بالىلار ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، قاتتىق تەسىرلىنىدۇ ھەمدە لى يۈئېنىڭ ئانىسىغا:

— سىزنىڭ ياخشى بالىڭىز بار ئىكەن، ئۇنىڭ تۆلىگەن بەدىلىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، — دېيىشىدۇ.

ساخاۋەت قولىدا ئېگىز-پەس تىزىلغان گۈللەر تەكشى قىرقىپ تىزىلغان گۈللەردىن چىرايلىق.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان لى يۈئې ئۆزىنىڭ تېجەپ يىغقان پۇللىرى بىلەن بۇ بالىلارنىڭ ئوقۇش ۋە تۇرمۇشىغا ياردەم قىلىپ كەلدى. بالىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ «ئىشتات سىرتىدىكى ئاتا»سىنى قاتتىق سېغىناتتى.

2009-يىلى يازدا ھاۋا بەكلا ئىسسىپ كەتتى. كۆپلىگەن قىزغىن كىشىلەر بالىلارنى كۆرگىلى كەلدى، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىمۇ بالىلارغا ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بەرگەنىدى. ھالبۇكى، بالىلار قولىغا بۇ ئوزۇقلۇقنى ئالغىنىدا، ئۆزلىرىنىڭ بۇ «ئىشتات سىرتىدىكى ئاتا»—لى يۈئېنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قېلىشتى...

«5-ئىيۇل» زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى مىللەتتىن بولغان بۇ بالىلار لى يۈئېغا كۆڭۈل بۆلدى، ئۇنى سېغىندى. كۆپچىلىك ليۇ جۈەنخۇي مۇئەللىمگە تېلېفون بېرىش ياكى ئاتا-ئانىسىغا تېلېفون بەرگۈزۈش ئارقىلىق «ئىشتات سىرتىدىكى ئاتا»سىنىڭ «ئۆزىنى ياخشى قوغدىشىنى، بولمىسا ئۆزلىرى بىلەن ئوينايدىغان ئادەمنىڭ يوق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى»، «ئۇنى بالىلارنىڭ سېغىنغانلىقىنى، ياخشى تۇرۇشى كېرەكلىكىنى» ئېيتىشىدۇ. بۇ ئىش لى يۈئېنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. ئۇ، ئەقلىي ئىقتىدارى توسۇلۇشقا ئۇچرىغان ھەرقايسى مىللەت بالىلىرىغا ياردەم بېرىش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، بالىلار ئۈچۈن ياخشى داۋالىنىپ، ئەقلىي ئىقتىدارى توسۇلغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى دائىم يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ئىش-ھەرىكىتى كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت ئاتا-ئانىلىرىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇلار بىردەك: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئامەت، مىللىي تىررورلۇق ئاپەت» دېيىشىدۇ.

بىر كىشىنىڭ ساخاۋەتلىك ئىشلىرى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ. ئۈرۈمچى شەھەرلىك

يېڭىشەھەر يولى ئاھالىلەر كومىتېتىغا ۋاقىتلىق چۈشكەن كادىر لىيۇ شىڭكې ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئەقلىي قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش سىنىپى بارلىقىنى ئېنىق بىلمەي كەلگەن، شۇنداقلا ئادەتتە كەم سۆز لى يۈئىنىڭ بۇنچە كۆپ تەسىرلىك ھېكايىلىرى بارلىقىدىن خەۋەرسىز قالغانىكەن.

— مېيىپلارغا ياردەم بېرىش كۈنى ئاھالىلەر كومىتېتى پائالىيەت قىلدى. لى يۈك بۇ ئەقلىي ئىقتىدارى توسۇلۇشقا ئۇچرىغان بالىلارنى يوقلاش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، ئاندىن بۇنداق بىر سىنىپنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۇق.

ئۇلار شۇ كۈنى لىيۇ جۇەنخۇي مۇئەللىمنىڭ لى يۈك ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەن نۇرغۇن ھېكايىلىرىنى ئاڭلىدى.

ئاھالىلەر كومىتېتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەيرانلىق بىلەن سۆزلىشەتتى:

— ئۇ مېيىپ تۇرۇقلۇقمۇ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ئۇنىمايدۇ. يىغقان پۇللىرىنى بالىلار ئۈچۈن خەجلەيدۇ.

— بىر-ئىككى يىل شۇنداق قىلىش ئاسان، ئەمما 15 يىللاپ داۋاملاشتۇرۇش ئاسان ئەمەس-تە. ئادەتتىكى نورمال ئادەملەردىن قېنى كىم شۇنداق قىلالىدى؟

— بۇ بالىلار ھەقىقەتەن بەك بىچارە. لى يۈدەك ئادەملىرىمىز كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن بولسا، ئاندىن ياخشى بولغان بولاتتى!...

كۆپچىلىك، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن لى يۈدىن ئۆگەنسەك بولغۇدەك، كىشىلەر ئۇنتۇپ كېتىشكەن بۇ بالىلارغا دىققەت قىلساق بولغۇدەك، دېگەن پىكىرگە كېلىشتى.

«1-ئىيۇن» بالىلار بايرىمىدا بۇ ئاھالىلەر كومىتېتىدىكىلەر بىلەن لى يۈك بالىلارغا بايرام ئۆتكۈزۈپ بەردى.

— مېيىپلىق ماڭا كۆپ توسالغۇ بولدى. مېنىڭ تاكى ھازىرغا قەدەر مۇستەقىل ئائىلەم يوق، توي قىلالمىدىم. بىراق، مېنىڭ ئۆزۈمنى بەختلىك قىلىش ئۇسۇلى بار. مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ھەر قايسى مىللەت قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قىلىمەن. گەرچە مەن ئۇلار بىلەن قانداش بولمىساممۇ، ئەمما ھېسسىيات جەھەتتە مەن ئۇلارنىڭ يۆلەنچۈكى. مەن مۇشۇ دۇنيادا ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئۇلارغا بولغان ياردىمىمنى توختاتمايمەن، — دەيدۇ لى يۈك.

22 يىلدىن بۇيان لى يۈك ھەر ئايدا بالىلارغا ئوقۇش قوراللىرى ۋە يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ يوقلاپ تۇردى. ئۇلارغا تۇرمۇش پۇلى بەردى. گەرچە بۇ پۇللار كۆپ بولمىسىمۇ، بىر مېيىپ كىشىنىڭ ياخشى كۆڭلى. ئۇ ھازىرغا قەدەر تۆت قارار ئوقۇغان ئەقلى كەمتۈك بالىلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ كەلدى.

22 يىلدىن بۇيان «ئىشتات سىرتىدىكى ئاتا» — لى يۈك ئۆزىنىڭ بۇ بالىلىرى بىلەن قايغۇدىمۇ، خۇشاللىقتىمۇ بىللە بولدى، بۇ بالىلارنىڭ ئىشەنچى ۋە دوستلۇقىغا ئېرىشتى.

22 يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەقلىي ئىقتىدارى توسۇلغان بۇ بالىلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ جەمئىيەتكە قەدەم قويدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى خىزمەت تاپتى، بەزىسى تۇرمۇشلۇق بولدى، لى يۈك بۇلاردىن ئېپتىخارلىنىش ئىچىدە، «ئۆز بالىلىرىغا قارىغاندەك قارىغان»لىقىنى ئېيتتى.

## مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ۋە ئۇنىڭ ھەر مىللەتتىن بولغان قېرىنداشلىرى

1992-يىلى ئىرادىلىك، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان لى يۈك 29 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئىچىدىن يانىدىغان دېڭگاتېل زاپچاسلىرى زاۋۇتىدا خىزمەت قىلىۋاتقانىدى. شۇ جەرياندا ئۇ كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى شوربۇلاق تەۋەلىكى باشقۇرۇش ئىشخانىسى قىزىل كۆۋرۈك ئاھالىلەر كومىتېتى مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ

رەئىسلىكىگە، شۇنداقلا شەھەرلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىكىگە سايلاندى.

— بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ھەق بېرىلمەيدۇ. مېيىپلارنى يىغىپ ھەرخىل پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزئارا ياردەم ھەم ئىلھام بېرىدىغان گەپ!— بۇ گەپ گەرچە كەمتەرلىك بىلەن قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما دەل مۇشۇ ھەق بەرمەيدىغان ئىشلار ئۇنىڭ ھاياتىغا يېڭىچە مەزمۇن قوشقان. ئۇ بۇ ئىشلارغا ھەممىدىن قىزغىن، ھەممىدىن ئاكتىپ. ئۇ مانا شۇنىڭدىن باشلاپ يېڭىچە ھايات يولىغا قەدەم قويغان.

قىزىلكۆۋرۈك ئاھالىلەر كومىتېتى شور بۇلاق تەۋەلىكى باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا قاراشلىق ئاھالىلەر كومىتېتىدا خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق بولۇپ 160تىن ئوشۇق مېيىپلاردىن تەشكىللەنگەن ئىجتىمائىي تەشكىلات بار، بۇ يەرگە ھەرخىل مېيىپلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن:

تەۋەلىكتىكى مېيىپلار خىزمىتىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى مېيىپ تۇرۇپمۇ ئۇ يەر- بۇ يەرلەرگە چېپىپ يۈرۈشتىن باش تارتمىدى. ئۆزى ئائىلىسىنى قىيىنچىلىقى ئېغىر مېيىپ كىشىلەرنى پات- پات يوقلاپ تۇردى ھەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. داۋاملىق دېگۈدەك ئاھالىلەر كومىتېتىدا مېيىپلار پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى ھەمدە تۇرمۇشلۇق قىسىم ۋە خەلق ساقچىلىرى بىلەن بىرمۇبىر ياردەم بېرىپ، مەدەنىيەتنى ئورتاق بەرپا قىلىش گۇرۇپپىسىدىن ئالتىنى قۇردى. مېيىپلارنى يۆلەش، ياردەم بېرىش جەمئىيىتى، مېيىپلارغا ياردەم بېرىش دوستلۇق جەمئىيىتى قاتارلىق بىر قاتار مېيىپلارغا ياردەم بېرىدىغان جەمئىيەتلەرنى قۇرۇشقا كۈچ چىقاردى. ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى بىر تۈركۈم ھەر مىللەتتىن بولغان ئىرادىلىك مېيىپلارغا باشلامچىلىق قىلدى.

— خىزمەتنىڭ ياخشى- يامانلىقى، رەھبەرلىك قىلغۇچىنىڭ قابىلىيىتىگە باغلىق،— شۇ سۆزلەرنى دەۋاتقاندا ئۇ خۇددى گېنېراللارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ تەۋەلىكتىكى مېيىپلار خىزمىتىنى شەھەر بويىچە ئەڭ ئالدىغا ئۆتكۈزىمەن، دەپ ۋەدىمۇ بەرگەنىدى.

ئاھالىلەر كومىتېتى مېيىپلار خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، لى يۇڭ ئاھالىلەر كومىتېتى بىر تىيىنلىق پائالىيەت چىقىمىنى كۆتۈرمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئۆزى يېنىدىن پۇل ئاجرىتىپ كىشىلەرنى مېيىپلار خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشكە چاقىردى. كۆپ يىللاردىن بېرى، ئۇ ئۆزى يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇيۇشتۇرغان ساخاۋەت ئاپالىيىتىلا نەچچە يۈزگە يەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نەچچە ئونمىڭ يۈەن سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى. مېيىپلار ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشخانىسى بولمىغانلىقتىن، ئۇ ئۆز ئۆيىنى ئىشخانا قىلىۋالدى ھەمدە ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن مېيىپلارنى شۇ ئۆيدە كۈتۈۋالدى. رايوننىڭ مېيىپلار خىزمىتىدە، گەرچە رايون ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى مېيىپلار خىزمىتىگە بىر تىيىن ئاجراتمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئاكتىپلىق بىلەن يۇقىرىنىڭ ۋە تەۋەلىكتىكى ئىدارە- ئورۇنلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مېيىپلارغا ياردەم بېرىش خىزمەتلىرىنى ئوبدان يۈرۈشتۈرۈپ ئىشلىدى.

شۇ ۋاقىتتىكى مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ كېڭەش باشلىقى ما فېڭلىيەننىڭ دېيىشىچە، لى يۇڭ رايوننىڭ مېيىپلار خىزمىتىنى يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، مېيىپ بولۇش بىلەن ئۇ بەدىنىدىكى ھەرخىل ئاغرىق- ئازابلارغا ۋە ھەرخىل روھىي بېسىملارغا بەرداشلىق بېرىپتۇ. بىر تىيىنلىق خىزمەت چىقىمى ئاجرىتىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن دەم ئېلىش ۋاقتىنى قۇربان قىپتۇ. ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپتۇ، ھەتتا ئۆيىدىكى 80دىن ئاشقان كېسەل ئانىسىنىمۇ يادىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ.

1994- يىلى بېيجىڭ يىراق جەنۇب مېيىپلار

تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى لى يۇڭ ئۈچۈن چوڭ ئىلھام بولدى. يىراق جەنۇب مېيىپلار تەنھەرىكەت يىغىنىغا بولغان قوللىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇ ئاكتىپلىق بىلەن تەنھەرىكەت يىغىنىغا ئىئانە بەردى ھەمدە جۇڭگو مېيىپلار جەمئىيىتى ئەۋەتكەن تەشەككۈر تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

لى يۇڭ دېگەن بۇ ئىسىم ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى مىللەت مېيىپلىرى ۋە مېيىپلار خىزمىتىنى سۆيۈپ ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەرگە ناھايىتىمۇ تونۇش. بۇ كىشىنىڭ 51 ياشقىچە يەككە-يېگانە ياشاۋاتقانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇنىڭ تېنى مېيىپ بولسىمۇ، ئەمما ئىرادىسى مېيىپ ئەمەسلىكىگە، ئۆزىنى بېغىشلاش، شۇنداقلا قىزغىنلىق بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىش روھىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز.

كۆپ يىللاردىن بېرى لى يۇڭ ئۆزىنىڭ خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىپلا قالماي، يەنە پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى مېيىپلار خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىپ كەلدى. ئىشقا بارغاندا ۋە ياكى ئىشتىن چۈشكەندە بولسۇن، مېيىپلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئۇ ياردىمىنى ئايىمىدى. ۋاپات بولغان لى يۇفاڭنىڭ يالغۇز قالغانلىقى، ئۆيىدىكىلەرنىڭ سىرتتا خىزمەت قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان لى يۇڭ بۇ ياشانغان كىشىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى ھەمدە داۋاملىق ئۇنىڭ ئۆيلىرىنىمۇ تازىلاپ بەردى.

مۇئەللىپ لى يۇڭنى زىيارەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، لى يۇفاڭنىڭ ئىشىدىن خەۋەردار بىر ياشانغان كىشى ھاياجانلانغان ھالدا:

— لى يۇڭ بىز مېيىپلار ئۇنتۇيالمايدىغان ياخشى ئادەم، ئۇ لى يۇفاڭنىڭ ھالىدىن خۇددى ئۆز ئوغلىدەك خەۋەر ئالدى،— دېدى.

لى يۇڭ مېيىپلار خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بىللە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى ۋە مېيىپ مىللىي يولداشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. بىر قېتىم ئۇ مەركەز پۇتبول كوماندىسىدا پۇتبولچى بولغان، 20 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى، تاسادىپىي ھادىسىدە ئىككى پۇتىدىن ئايرىلىپ مېيىپ بولۇپ قالغان ئۇيغۇر ياشنى ئۇچراتتى ھەمدە بۇ ياشنىڭ روھىي جەھەتتە ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغانلىقىنى، ئائىلىسىدىكىلەرنىمۇ بىسەرەمجان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۆلۈپلا قۇتۇلماقچى بولغاندا لى يۇڭ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى ھەمدە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭدا ئىلھام-ئىشەنچ پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىگە ياردەم بېرىپ، ھاياتقا بولغان ئىشەنچىنى قايتا تۇرغۇزدى. ھازىر بۇ ئۇيغۇر يىگىت ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ قالدى ھەمدە لى يۇڭ بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆزئارا ئىلھام بېرىپ، ئۆزئارا بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ كەلدى.

لى يۇڭ ئۆزىنىڭ خىزمىتى ۋە مېيىپلار خىزمىتىنى سۆيۈپ ئىشلەش بىلەن بىللە، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا پارتىيەگە، سوتسىيالىزمغا، پارتىيەنىڭ لۇشيەنى، يېتەكچى پرىنسىپى ۋە سىياسەتلىرىگە ئائىت كۆپلىگەن كىتابلارنى كۆردى. 1998-يىلى پارتكومنىڭ سىناپ تەتقىق قىلىپ بېكىتىشى بىلەن شەرەپلىك ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئەزا بولدى. پارتىيە ئەزاسى بولۇش بىلەن بىللە ئۇ ئۆزىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويدى. ئۆزىنىڭ خىزمىتى ۋە مېيىپلار خىزمىتىنى تېخىمۇ جان-دىل بىلەن بېرىلىپ ئىشلىدى.

لى يۇڭ ئۆزىنىڭ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ۋە ئىجتىھات بىلەن كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، ئۇ ئىلگىر-ئاخىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مېيىپلار خىزمىتىنى ماسلاشتۇرۇش كومىتېتى تەرىپىدىن مېيىپ ئىلغار شەخس، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مېيىپلارنى نىسبەتلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئىلغار شەخس»، تەڭرىتاغ

رايونى بويىچە «مېيىپلار ئىچىدىكى ئىلغار شەخس» دېگەندەك مۇكاپات ۋە شان-شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لى يۈڭ يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 2-، 3-نۆۋەتلىك مېيىپلار قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، تەڭرىتاغ رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەكىلى، جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ۋەكىلى قاتارلىق ئالاھىدە شان-شەرەپلەرگە مۇيەسسەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇ كونكرېت ئىشلەۋاتقان ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى شوربۇلاق تەۋەلىكى باشقۇرۇش ئىشخانىسى قىزىلكۆۋرۈك ئاھالىلەر كومىتېتى مېيىپلار بىرلەشمىسى — تەڭرىتاغ رايونلۇق مەدەنىيەت ئىشخانىسى تەرىپىدىن «رايون دەرىجىلىك ئىككىدە مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى.

شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى نۇر بەكرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ 3-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا مەخسۇس لى يۈڭ بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرۇپ، «ياخشى ئىشلەڭ، بىزنىڭ ھەر مىللەت شىنجاڭ خەلقىمىز ئارىسىدىكى مېيىپلارغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈڭ» دېدى.

ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى شۆھرەت زاكىر مەركىزىي شەھەردە ئۆتكۈزۈلگەن 2008-يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت پائالىيىتىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا لى يۈڭ بىلەن مەخسۇس خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

مۇئەللىپ ئۇ خاتىرە سۈرەتلەرنى كۆرۈپ، لى يۈڭنى دوستانە قۇچاقلاپ قويدى.

لى يۈڭ مېيىپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان روھى ھەمدە ئاھالىلەر كومىتېتى مېيىپلار خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا ئالاھىدە قوشقان تۆھپىلىرى ئارقىلىق ئاپتونوم رايون، شەھەر، ئاھالىلەر كومىتېتى، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ھەمدە ھەرخىل مۇكاپات، شان-شەرەپلەرگە ئېرىشتى، شۇنداقلا ھەرقايسى مىللەت ئاممىسىنىڭ ۋە ھەرقايسى مىللەت مېيىپلىرى ھەمدە ئاتا-ئانىلارنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا مۇيەسسەر بولدى.

لېكىن، ئۇنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئىشلىرى ئۇنچىۋالا ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمىدى. ئۇ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر زاۋۇتتا بىخەتەرلىك خادىمى، خوجىلىق باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچىسى، كېيىن ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش بىرلەشمە ئەترىتىنىڭ پىدائىيسى دېگەندەك خىزمەتلەرنى قىلغان. 2012-يىلى خوجىلىق باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ ئادەم قىسقارتىشى بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ 33 يىللىق خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇ ئارىلىقتا بىر قېتىم چۈش كۆرگەندەكلا تويمۇ قىلغان، ئەمما مېيىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىسى بەختسىز ھالدا ئاياغلاشقان.

ئۇ، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلمايدۇ. ئەمما، ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئوغۇللۇق بۇرچىنى ئادا قىلمىغىنىنى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماي ئۇنى ئىنىسى ۋە سىڭلىسىغا قالدۇرۇپ قويغىنىنى ھېس قىلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆكۈندى ھەم «بۇ مېنىڭ بىردىنبىر پۇشايمان قىلىدىغىنىم» دېدى، شۇنداقلا ئۇ مېيىپ بالىلارنىڭ ئوقۇشىغا داۋاملىق ياردىمىنى ئۈزۈپ قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**ئامانگۈل غوپۇر تەرجىمىسى**

**مۇھەررىرى: ئەركىن نۇر**

# بىز كېتەيلى

پەرىدە ياقۇپ

## ئىچىمدىكى ھېلىقى كىشى

زادى ئۇنتۇغىلى بولمايدۇ
ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇ قەدەر چوڭقۇر!
ئىچىمدىكى جىمجىت ئاۋازى
تاشلار مېنى دوزاخقا ئۇدۇل.

زادى ئەسلىگىلى بولمايدۇ
چۈشتىن غۇۋا ئۇنىڭ كەلمىشى...
جېنىمدىكى تېرەن بىر يەردە
شۇنداق ئۆتتى سەرسان بىر كىشى

ھېچنېمە قىلغىلى بولمايدۇ
ئاقارماقتا سۈزۈك بىر ئاسمان!
ئىچىمدىكى ھېلىقى كىشى
مەڭگۈ ئىشقا ئاشماس بىر ئارمان

## ۋوگزال

نېمىشقا كەينىمگە قارىدىم
ئوت - چۆپلەردەك چەيلىنىش ئۈچۈنمۇ
يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك چايقىلىش ئۈچۈنمۇ
ياكى نېمىشقا؟
كەينىمگە قاراپتىمەن
كەينىڭ بەئەينى بىر قۇياشتەك پاتماقتا ئىدى

## شامالغا

شامالنىڭ رەڭگى يار
پۈتلىرى قار
ئالما پۇرىقىدەك ئۇچۇپ كېلىپ
بىر تال ئالمىدەك ئېسىپ قويار
غەم دەرەخلىرىگە

## ئۇجمە يوپۇرمىقى

چاك - چاك يىرىلدى
نە شەكىللەر گۈلدەك ئېچىلار؟!
يۇمشاق تۈكلۈك بىر قۇرت
ئۆمىلەۋاتقان كۈنلەردىكى
يۈرىكىم بىرتال ئۇجمە يوپۇرمىقى

## ئۇ بىر كۈز پەسلى ئىدى

بۇ بىر كۈز پەسلى ئىدى
پەقەت غازاڭلارنىلا ئۈزۈلۈپ چۈشىدۇ، دەپ
ئويلىغان ئىدىم
نېمە بىلەي يۈرەكنىڭمۇ ئۈزۈلىشىنى؟!
كۆزۈمنى چىڭگىدە يۇمۇۋالدىم
ئاۋازىڭ ئىچىمنى سەرسان قىلماقتا
كۈز غازاڭلىرىدەك.

## يار قىزىلى

ساڭا قاراپ يۈگۈرگىنىمدە
يۇلتۇزلارنى بويايدۇ
يىقىلىپ - قوپقىنىمدا
تۇپراقنى بويايدۇ
شۇ كۈن
ھەر نەرسە باغرىمنىڭ رەڭگىدە

## قىيماسلىق

قولدىن بەرگۈم كەلمەيدۇ
ئەڭ ئاخىرقى ئەسكەرنىڭ

ياشلار ئەدەبىياتى

قولدىن بەرگۈسى كەلمىگىنىدەك
ۋەتىنىنى
ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمغىچە
سېنى

## ياق...

گۈللەر سېنى ئاچسا
خۇش پۇراققا تولدۇ
گۈللەر مېنى ئاچسا
ھەسرەتكە قالدۇ
شاماللار ساڭا چىقسا
لەرزان سىلكىندۇ
شاماللار ماڭا چىقسا
ئاتەش ياندۇ
قۇشلار سېنى سايرىسا
قۇياش ئېچىلدۇ
قۇشلار مېنى سايرىسا
يۇلتۇزلار چېچىلدۇ
سېنىڭ باغرىڭدا بوستان
مېنىڭ باغرىمدا قان!
ياق! ئەي ياق!...
مېنى سېنىڭدە خاراب بولىدىغان قىل!

## كۆرمەي...

بىر كۈن كۆرمەي
ئۈزۈن زامان كۆرمىگەندەك بولىمەن
ناھايىتى ئۈزۈن زامان كۆرمەي
ھېچ كۆرمىگەندەك بولىمەن
ھېچ كۆرمەي
زادى ئايرىلمىغاندەك بولىمەن

## كۆڭلۈم پەرىشان

كۆڭلۈمنى يېرىم دېگىلى بولمايدۇ
سەن بىلەن توشقان
كۆڭلۈمنى پۈتۈن دېگىلى بولمايدۇ
سەندىن ئايرىلغان
كۆڭلۈم پەرىشان!

## تۇپراقتىن ئېغىر

پايدىسىزلىقنى بىلسەممۇ
ئىشكنى ئېچىۋەتتىم
كەلمىگىنىڭنى بىلسەممۇ
تالاغا چىقتىم
كەلمەيدىغان بولساڭمۇ
يوللارغا قارىدىم
سېنى كەلمەيدىغان يوللار دەپ!

ئاھ ئۇردۇم
ئۇھ تارتتىم
ئاسمانغا قارىغىنىم بىلەنمۇ
تۇپراقتىن ئېغىردۇر
سېنىڭ
ماڭا قالدۇرغان ھەسرىتىڭ!

## غېرىبانە

بىر نەرسە كۈتمەنىمكىن دەيمەن
كۆزلىرىڭگە تىكىلىپ تۇرۇپ
يالغۇزغىنە بىر دەرەخ
توزۇپ كېتەر كېچەمدە قۇرۇپ

سەپەرگە چىققۇم كېلەر
يىراقلارغا كەتكۈم كېلەر
سېنىڭ بىلەن، پەقەت سەن بىلەن
لېكىن ھامان قالىمەن ئۆزۈم
نېمە دېگۈم بولغىيدى ساڭا
قۇرۇپ كېتەر تىلىمدا سۆزۈم
كۈلۈمسىرەيمەن
قۇچاقلاپ قويىسەن شۇنداق مېھرىلىك
ئىچىمدە قالدۇ ئاقىۋەت ھەممە
تېخى تۆكۈلمىگەن كۆز ياشلىرىمدەك

## قۇچاقلاش

مېنى مەھكەم قۇچاقلا
چىڭ قۇچاقلا
يالغۇزلۇقتەك قۇچاقلا
غېرىبلىقتەك قۇچاقلا
يىغىدەك قۇچاقلا
قۇچاقلا مېنى
مۇشۇلار قۇچاقلىغاندەك...

## سەن تەرەپتىن كېلىدۇ

بىر ھەسرەت كېلىدۇ
بۇزىدۇ
بىر ھاياجان كېلىدۇ
بۇزىدۇ
بىر شادلىق كېلىدۇ
يەنە بۇزىدۇ
ئەي يېقىنىم!
بېشىمغا ھەر نە كەلسە
سەن تەرەپتىن كېلىدۇ...

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت



# ئىمران سالاھى شېئىرلىرىنى بويلاپ...

تەييارلىغۇچى : قۇدرەت قۇربان

## شائىر ئارخىپى

ئىمران سالاھى 1947 ـ يىلى تېھراندا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى تۆمۈر يول ئىشچىسى. ئاپىسى ئەسلىدە ئەزەربەيجانلىق تۈرك ئايال بولۇپ، ئىمراننىڭ بالىلىق مەزگىللىرىدە ئائىلە بويىچە ئىراننىڭ شەرقىي ئەزەربەيجان ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلاشقان. 1966 ـ يىلى شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان. 1994 ـ يىلى ئامېرىكىدا ئۇنىڭ «ئاشىق قوشىقى»، 1999 ـ يىلى شۋېتسىيەدە «ئىمران سالاھى شېئىرلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىنغان




ھەمدە شۋېتسىيەدە كىتابىنى تارقىتىش مۇراسىمىغا ۋە مەخسۇس لېكسىيە سۆزلەش، دېكلاماتسىيە قىلىش پائالىيەتلىرىگە تەكلىپ قىلىنغان.

شائىرنىڭ پارسچە شېئىر توپلاملىرىدىن «سۇدا ئۆكسۈش»(1974)، «تۇماندىكى پويىز»(1976)، «يېرىم يولدىكى بېكەت»(1977)، «ئون يەتتىنچى»(1979)، «ئىمران سالاھى شېئىرلىرىدىن تاللانما»(1999)، «ئەسمەكنە سەھەر شاملى»(2000)، «بىر كۆرۈپلا»(2000)، «مىڭبىر يۈزلۈك ئەينەك»(2001)، «ئەركىلەتمە ئىسمىمدا چاقىرغىن مېنى»(2003)؛ تۈركچە شېئىر توپلاملىرىدىن «تاش دېرىزىدىن ئۇچۇپ كىرىدۇ»(1982)، «گويا ئەينەكتەك»(2001) قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان. ساتىرىك ئەبجەش يازمىلاردىن «ھازىر بىزنىڭ سۆزلەيدىغان ۋاقتىمىز»(1998)، «گۈلزارلىقىمدىن بىر تال ياپراق ئېلىپ كەت»(2000)، «ئىگىلىكنى قايتا گۈللەندۈرۈش تەدبىرلىرى»(2003)، «قىزىل ئەتىرگۈل خۇش پۇرىقىنىڭ مۇزىكىسى»(2005)؛

«يا ئىشىنەرسەن، يا ئىشەنمەسسەن» ناملىق رومانى؛ (1995) تەتقىقات كىتابلىرىدىن «نىلۇپەر ئەرنىڭ چۈشى — سەرمەد كاشانىنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرىدىكى ئىدىيە» (1991)، «مەسخىرە: نەسرىدىن ئەپەندىمنىڭ ماھىيىتى» (2000)، «ئۇنلۇك كۆلگۈچى ۋە كۆلكە ئاۋازى چىقارغۇچىنى ياساش» (2003) قاتارلىق ئەسەرلىرى نەشىر قىلىنغاندىن باشقا ئۇ يەنە «كۈنىمىزدىكى ئىران ساتىرىك يازغۇچىلىرى» (يىل سانى ئېنىق ئەمەس)، ساتىرىك ئەبجەش يازمىلاردىن تاللانما — «بىر لەۋدە مىڭ كۈلكە» (1998)، «يوشۇرۇن يامغۇر — مەۋلانا جالالىدىن رۇمى رۇبائىيلىرى» ناملىق توپلام (2000)، «مېنىڭ يۈرىكىم تۈنجى قېتىم سۆيگۈ ئۈچۈن سوقتى — فورۇغ فەرۇخزادە مەكتۇپلىرى» (2002)، «ساتىرالار» (2003)، «تۈركىيە ھازىرقى زامان شېئىرىيەت پېشۋالىرى» (2004) قاتارلىق بىر قاتار كىتابلارنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن.

## شائىرنىڭ شېئىرغا كىرىشى

شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشىشى شېئىرىي مۇھىتى ئىنتايىن قويۇق، قەدىمىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان خەلقىنىڭ شېئىرخۇمار خاراكتېرىدىن، كىشىگە رومانتىك تۇيغۇ بېغىشلايدىغان ئىران تۇپرىقىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىشتىن باشلانغان. ئۇنىڭ شېئىر يېزىشقا كىرىشىشى باشقىلاردەك ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئىلھاملىنىشتىن ئەمەس، ئاددىيغىنە قىزىقارلىق بىر كەچۈرمىشتىن باشلانغان. ئۇ بىر كۈنى تېھراندا ئوقۇۋاتقان مەكتىپىگە ۋېلسىپىتلىك كېتىۋاتقاندا، ۋېلسىپىتتىن كاشىلا چىقىپ، رېمونتخانىغا بارىدۇ ۋە رېمونتخانا تېمىغا يېزىلغان شېئىرلارنى كۆرۈپ، رېمونتچىدىن ئۇنىڭ كىمنىڭ شېئىرلىرى ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. ئويلىمىغان يەردىن رېمونتخانا غوجايىنى راھمان نىداھى ئۇستام بۇ شېئىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شائىر شۇنىڭدىن كېيىن شېئىرغا كۈچلۈك ئىشتىياق باغلاپ، رېمونتچى ئۇستامنىڭ ۋاستىسى بىلەن شېئىرىيەت مۇخلىسلىرى ۋە ئەدەبىيات جەمئىيەتلىرى بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش بىلەن شېئىرىيەتكە بولغان ئىشتىياقى يەنمۇ يالقۇنلاشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ يەڭگىل، يۇمۇرىستىك، لىرىكىلىق، چۆچەكسىمان، ئىجادىي خاسلىققا تويۇنغان شېئىرلىرى خەلقئارا تەسىرگە ئىگە ئىرانلىق داڭلىق شائىر ئەھمەد شاملۇۋ مۇھەررىرلىك قىلىۋاتقان نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىرى بولغان «تاللانغان گۈللەر»دە ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ كەينى-كەينىدىن ئېلان قىلىنغان نادىر شېئىرلىرى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغانلىقتىن ئىراندىكى «مۇۋەپپەقىيەت» ناملىق نوپۇزلۇق ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرلىكىگە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

ئۇ 1970-يىللىرىدىن باشلاپ بىر بۆلەك ئىجتىمائى، ھەجۋىي شېئىرلىرى ئارقىلىق كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، ئىراندىكى «بۇرج شېئىرىيەت ئېقىمى»نىڭ ۋەكىللىك شائىرىغا ئايلانغان ھەم «ئىران شېئىرىيىتىنىڭ نەسرىدىن ئەپەندىسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. شائىر 1980-يىللاردا 11 شائىردىن تەركىب تاپقان «سەيشەنبىلىك ئۇچرىشىش» نامىدىكى شېئىرىيەت پائالىيىتىنى تەشكىللەپ، ئەينى دەۋر ئىران شېئىرىيىتى ۋە دۇنيا شېئىرىيىتىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرىدىغان، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەيدىغان، شېئىرىيەت مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان ئىلمىي پائالىيەتكە يېتەكچىلىك قىلغان. بۇ پائالىيەت 11 يىل داۋام قىلىپ، شېئىرىيەت ماھارىتى ھەققىدە كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش مۇھىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

## ئىمران سالاھى شېئىرلىرىدىكى خاسلىق

1979-يىلى ئىران ئىسلام ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئىمران سالاھى شېئىرىيەت يېزىقچىلىقىدا بىر مەزگىل تىنچىرقىغان. 1992-يىلى ئۇ «مىڭبىر كېچە»نى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن سوپىستىك بىر خىل روھنى ھەم ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت بۇلىقىنى تاپقاندەك بولغان ۋە ئۇدا ئون يىلدەك شۇ تۇيغۇدىكى شېئىرلارنى يېزىپ، قويۇق پەلسەپىۋىلىككە ۋە سوپىزملىق تۈسكە ئىگە ئەنئەنىۋى يولنى تاپقان، شۇ ئارقىلىق ئىران شېئىرىيىتىنى قايتا ھاياتقا ئېرىشتۈرگەن. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى پارس تىل-ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتلىقىنى پۈتكۈزۈپ،

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، شەرق ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ، 2005 ـ يىلىدىن باشلاپ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تەتقىقات مەركىزى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ ئىشلەۋاتقان پارس ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى ۋە ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەرجىمان مۇخوگيەن خانىم بىۋاستە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان ئىمران سالاھى شېئىرلىرى ھەققىدە مۇنداق يۇقىرى باھا بەرگەن: «شائىر ئىمران سالاھى شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىشتا، سۆزلەر ئارىسىدىكى ئېلاستىكلىك ۋە كېڭىيىشچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى زور ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئىنسان خاراكتېرى نۇقتىسىدىن چوڭقۇر قېزىشنى ئىجادىيىتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا تارىخىي ئەستىلىك، غېرىبانە تۇيغۇ، ئاچچىق كۆز ياش ۋە ساتىرىك كەيپىيات سىڭدۈرۈلۈپ، شېئىرىي كەڭلىك ۋە پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىنغان.»

ئىمران سالاھى شېئىرلىرى توغرىسىدا جۇڭگولۇق ئاتاقلىق شائىر، شېئىرىيەت تەتقىقاتچىسى لياڭ شياۋمىڭ «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىدە سىستېمىلىق ھالدا تەھلىل قىلىپ: «ئىمران سالاھى 1992 ـ يىلى ‹مىڭبىر كېچە›نى قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن پەيدا بولغان كۈچلۈك ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە يېزىلغان كۆپلىگەن شېئىرلىرى بىلەن ئىران شېئىرىيىتى ساھەسىدە زور زىلزىلە پەيدا قىلغان. 2001 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ‹مىڭبىر يۈزلۈك ئەينەك› ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ توپلامدىكى ۋەكىللىك شېئىرلارنىڭ بىرى بولغان ‹مىڭبىر يۈزلۈك ئەينەك›تىكى پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇق، ئىراننىڭ قويۇق سوپىزملىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىدىكى توقۇنۇش روھىنى ئىپادىلىگەن. شېئىردىكى «ئەينەك» پاكلانغان روھىيەتنىڭ ئىماگلىق ماددىيلاشقان بەلگىسىدۇر» دەپ يازغان.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا «ئەينەك»، «ياپراق قېپىقچە»، «ئىشىك»، «يول» قاتارلىقلار ئاساسىي ئىماگنى تەشكىل قىلغان. «مىڭبىر يۈزلۈك ئەينەك» ناملىق شېئىردىكى:

مەن قانچە يىراقلاشقانچە
ئەكسىچە ساڭا شۇنچە يېقىنلىشىمەن
مەن ساڭا قانچە دۇمبەمنى قىلغانچە
ئەكسىچە سېنى شۇنچە كۆرەلەيمەن

يالغۇز ئارالدۇرمەن
سېغىنىش سۈيىگە چىلىشىپ تۇرغان
ھەممىلا يەر
ساڭا بارار يولۇمنى ئۈزۈپ تاشلىغان

مىڭبىر يۈزلۈك ئەينەك
چېھرىڭنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەربىر يۈزىدە

مەن سەندىن باشلانغان
سەندە ئاخىرلىشارمەن

دېگەن مىسرالىرىدىكى «ئەينەك» مۇقەددەس روھنى چاقناتقۇچى ئوبيېكت سۈپىتىدە ئاساسىي ئىماگ رولىنى ئويناپ، ئالەم روھىنىڭ مۇقەددەس بىرلىكى ۋە پايانسىزلىقى جۇلالاندۇرۇلغان. «سەير قىلساڭ بىز بىلەن ئەگەر» ناملىق شېئىردىكى:

سەير قىلساڭ بىز بىلەن ئەگەر
بەلگىسى يوق يوللاردىن ئۆتۈپ
مومامنىڭ يېشىل قورغىنىغا بارىسەن
ئەپسۇن بىلەن ئېچىلار ئىشىك
كىرىپ قارىساڭ
غەپلەت تۇمارى بۇزۇپ تاشلانغان
ئەينەك ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىلغان
ئۇچەيدەك ئۇزۇن كارىدۇر
پەلەمپىيى، تۈرلۈك ـ تۈمەن ۋەقەلەرنىڭ
رەڭلىرى ئالچىپار راۋاقلارغا ئېلىپ بارىدۇ
ئۇ چاغدا سەن پورەكلىگەن بىر تال گۈلنىڭ دېرىزىسىدىن
ئۈزۈۋالارسەن، يۇلتۇزنى

دېگەن مىسرالاردىكى «ئەينەك» مەنىۋى ئويغاقلىقنىڭ، روھىي چاقناشنىڭ، ئاسايىشلىق بېشارەتنىڭ ئىماگلاشقان سىمۋوللۇق بەلگىسى تەرىقىسىدە نامايان قىلىنغان. شېئىردىكى

«بەلگىسىز يول» ئوبيېكتىپ مەنىدىكىلا يول ئەمەس، كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدىكى «قەلئە»لەردىن، «ئەگرى - بۈگرى كارىدور»لاردىن ئۆتۈپ، «سانسىز پەلەمپەي»لەر ئارقىلىق «يۇلتۇزلار»غا، «گۈللۈك روجەكلەر»لەرگە باشلاپ بارىدىغان نىجاتلىق يولىغا تەققاسلانغان. «ھەيدەپ ياپراق قىيىقچە/يەلكەن يايدىم تەمتىرەپ/كۆلەر بوران قاقاقلاپ/يىغلار گاھى ھۆركىرەپ/» دېگەن مىسرالاردىكى ئاساسىي ئىماگدىن ئىبارەت «ياپراق قىيىقچە» رەھىمسىز ھاياتلىق قايىنىمىدا دولقۇن يېرىپ كېتىۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ قاش ئىلكىدىكى مۇشەققەتلىك مەنىۋىيەت سەپىرىگە ئىشارە قىلىنغان. ئىنسانىيەتنىڭ روھىي كىرىزىسى، مەنىۋى ئېچىرقىشى، نىدالىق زارى — «ئولتۇرىمىز ۋەيران قورۇدا/قاغجىرىغان بۇلاق بويىدا/تويدۇق راسا كەڭتاشا/ئاچارچىلىق - چاڭقاشقا/نادامەتلەر ئىلكىدە/بىرلا يانچۇق باردۇر بىزلەردە/پاتار ئاڭا يەتتە قات ئاسمان/» دېگەن مىسرالاردا ئەنئەنىۋى قېلىپتىكى «دەك، تەك، گويا، كەبى» دېگەندەك قوشۇمچىلارغا مۇراجىئەت قىلماستىن، سۆزلەرنى تەبىئىي بىرىكتۈرۈش ئاساسىدا يەڭگىل، چوڭقۇر، قىسقا، ئوبرازلىق، راۋان ۋە لىرىكىلىك تۈستە سىمۋوللۇق ئىپادە قىلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر ئۆزگىچىلىك كۆپىنچە خاتىمە قىسمىدا ئۇشتۇمتۇت بۇرىلىش ئارقىلىق مۇنتازلىق سەكرەتمىلىك ھاسىل قىلىپ، باغلانما تەسەۋۋۇر كەڭلىكىگە يېيىلغان قويۇق شېئىرىي كەيپىيات يارىتىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئوخشاشمىغان قاتلامدىكى زوقلانغۇچىلارنى ئوخشاشمىغان تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا شۇڭغۇتۇپ، ئۆزىگە تېگىشلىك نېسىۋىگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ. مەسىلەن:

بالا
ئۆزىنىڭ ياغاچتىن ياسالغان رەگەتكىسىدىن
ئاتتى بىر تاش
قۇشنىڭ قانىتى
شاھىت بولدى
تارتىش كۈچىنىڭ قۇدرىتىگە
قۇشنىڭ قېنى نەملىۋەتتى تۇپراقنى
باغدىكى قۇشلار شىلدىرلاشتى كۆز كەبى

دېگەن مىسرالار ئاسايىشلىق گۈزەللىكنى ۋەيران قىلغۇچى ۋەھىملىك ئىراگېدىيە كېيىنكى بۇرۇقتۇملۇق تۇيغۇسى ئۇشتۇمتۇت سەكرەتمىلىك ئىلكىدىكى پەرۋاسىزلىق كەيپىياتىغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. «يوقلاش» ناملىق شېئىردىكى:

ماڭا يامان سۈپەتلىك ئۆسمە ئۆسۈپ قالدى
خوتۇن - باللىرىم
ھەممىسى مەندىن قورقىدۇ
مېنىڭ تونۇش، يېقىن - يورۇقلىرىم
ياشقىنە سېستىرانى يوقلاپ كېتىدۇ

دېگەن مىسرانىڭ ئاخىرىدىكى ھەسرەتلىك كەيپىيات بىلەن يۇمۇرىستىك تۈگەللىمە. قىسمى كىشىنى ئىراگىكومېدىيەلىك ئۆتۈشمە بوشلۇقى ئىلكىدە ئىختىيارسىز خىيالغا چۆمدۈرىدۇ.

## شائىرنىڭ ئېلىمىزدىكى زىيارىتى

شائىر 2006 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئېلىمىزگە تەكلىپ قىلىنىپ، بېيجىڭدا «جوڭگو تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقارا شېئىرىيەت مۇكاپاتى»نىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش مۇراسىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدىكى «2006 - يىللىق پامىر شېئىرىيەت سەپىرى»گە ئىشتىراك قىلىنغان. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە توققۇز دۆلەتتىن كەلگەن داڭلىق شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان، سەنئەتكارلار قاتناشقان. ئامېرىكىلىق شائىر كارولىن دورس رايت، فوررېست جېيندېر، گېرمانىيەلىك جۇڭگوشۇناس شائىر ۋولفگىڭ كۇبىن، ئەنگلىيەلىك شائىر ۋىلىيام نىل خېربېرت، ياپونىيەلىك شائىر شىرايىشى كازۇكۇ، سەئۇدى ئەرەبىستانلىق شائىر ئامجەد ناسىر، رۇسىيەلىك شائىر ئولگا سېداكوۋا، چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان جۇڭگولۇق داڭلىق شائىرلاردىن دوۋدوۋ، ياڭلىيەن، جاۋ جىنجياڭ قاتارلىقلارمۇ قاتناشقان. 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن كېيىنكى زىيارىتىدە ئىمران سالاھى ئۇرۇمچىدىمۇ شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ، قىزغىن ئالقىشلانغان. شائىر 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە جەنۇبىي شىنجاڭدا بىر ھەپتە ئەتراپىدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق قەدىمىي دىيارىمىزغا بېرىپ، ھېيتگاھ جامەسى، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىلىرىنى

تاۋاپ قىلغان. قەدىمىي مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان قەشقەردىكى ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ رېمونت قىلىپ قوغدىلىش ئەھۋالىغا سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەن. قەشقەر خەلقىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆرپ - ئادىتى، تەرەققىياتى، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتى، مىللىي خاسلىققا ئىگە ئۆي - ئىمارەتلەر، كوچا - كويلار، گۈزەل مەنزىرىلەر شائىر قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ شېئىرلارنى يازغان. شائىر 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يۇرتى تېھرانغا قايتىپ، 10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يۈرەك تىقىلمىسى بىلەن ۋاپات بولغان.

# ئىمران سالاھى شېئىرلىرىدىن

## بۇ يول

نە بوز تورغاينىڭ سايراشلىرى، نە گۈل
نە دەرەخ، ئۆز سايىسىنى
گىلەمدەك يېيىپ تۇرغان
نە ئېقىن
تاشنىڭ يۈرىكىدە كۆيلەۋاتقان
بۇ ئاددىيغىنە يول مېنى زېرىكتۈرمەكتە

1996 - يىلى

## چەكلەنگەن ئىشىك

ئۇشتۇمتۇت، بىراقلا
ئاچتىڭ، چەكلەنگەن ئىشىكنى
ئەلەم كارىدورىنىڭ چېكىدىن ئېشىپ
يېتىپ كەلدى بىر ئۆستەڭ
ئېلىپ قاچتى سېنى بىر بۈركۈت، ئاراللار تامان

بىر كۈنى، بىر يەلكەن كۆتۈرۈلدى ئۇيۇقتىن ئاستا
ئاپاردى بىر كېمە سېنى، كۈلۈپ تۇرغان پارلاق يۇلتۇزغا
مانا ئەمدى باشقا بىر ئىشىك
ئېزىقتۇرۇپ ئېچىلماقتا
سەن كىرىپ كېلىسەن - يۇ
ئاللىقاچان چىقىپ كەتكىنىڭنى تۇيماي قالىسەن

1993 - يىلى

## قاراڭغۇ ئۆتكۈر

دەككە - دۈككە ئىچىدە، قاراڭغۇلۇقتا ئۆز ئالدىمىزغا
ئۆلگەنلەرنىڭ ئىگىنلىرىنى سالدۇرۇپ بولماقتىمىز
ھەممە تىرىك قالغانلارنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، كۆممەكتىمىز
بىر يۇتۇم سۇ ئۈچۈن
بىر بۇردا نان ئۈچۈن، تالىشىپ

ئاھ قايدىدۇر
يۇلتۇزلاردەك يورۇق روجەكلەر
بىزلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدىغان
ماۋۇ ئۆتكۈردىن، قاراڭغۇ

1993 - يىلى

## مەن سۇ ئۈزگۈچى

مەن سۇ ئۈزگۈچى
تەننىڭ ياغىچىغا ئېسىلىپ
قاراڭغۇنىڭ سۆيىدە

شۇنچە ئالاقزادىمەن
ھەتتا يارىلىنىشىنمۇ
ئەستىن چىقارغان

1993 - يىلى

## يىتتۇرۇپ قويۇش

مەن ھەر بىر دولقۇنغا مىنگىشىپ
تەقەززالىق ئىچىدە ساڭا ئاقىمەن
سېنىڭ يېنىڭغا ئۇلاشقىنىمدا
ئەقلى - ھوشۇم (سەزگۈم)نى يوقىتىمەن
مەن ئىلاھىي ھوشقا كېلىپ، ئەقلىمگە قايتقىنىمدا
ئەكسىچە، كۆرىدىغىنىم
مەن ئۆزۈمنىڭ سېنى

يىتتۇرۇپ قويغىنىم، يىراقلىقنىڭ مەلۇم جايىدا
1993 - يىلى

## سېنىڭ يېنىڭدىدۇرمەن

سېنىڭ يېنىڭدىدۇرمەن
ئەمما سەن يەتتە قات تۇرالغۇڭدىن چۈشۈپ
تۇشمۇ تۇشتىن مېنى ئىزدەيسەن
مېنىڭ يېنىمدىدۇرسەن
ئەمما مەن يەتتە قات ئورمانلار ئېشىپ
ھەر تەرەپتىن سېنى ئىزدەيمەن
1993 - يىلى

## مۇھەببەتنىڭ تاقىر ئارىلى

كىشىلەر مۇھەببەتنى
تاشلانغان ئارالغا زەنجىر بىلەن باغلاپ قويۇشتى
ھەممە قىرغاقتىكى كېمە - قولۋاقلارنىڭ بەرىنى
ۋەيران قىلىۋېتىشتى

مەن كېسىپ ئۆتۈپ
تۇرلۇك - تۈمەن ۋەقەلەرگە تولغان يەتتە دېڭىزدىن
ئېسىلىپ قالدىم
ھاياتنىڭ بىر پارچە ياغاچ تاختىسىغا
ئىبادەت (ئىمان كەلىمىسى)نىڭ مەيىن شامىلى ئارا—
بۇ شامال سېھىر - جادۇلارنى بىتچىت قىلغۇسى
1993 - يىلى

## سەير قىلساڭ بىز بىلەن ئەگەر

سەير قىلساڭ بىز بىلەن ئەگەر
بەلگىسى يوق يوللاردىن ئۆتۈپ
مومامنىڭ يېشىل قورغىنىغا بارسەن
ئەپسۇن بىلەن ئېچىلار ئىشىك
كىرىپ قارىساڭ
غەپلەت تۇمارى بۇزۇپ تاشلانغان
ئەينەك ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىلغان
ئۇچەيدەك ئۇزۇن كارىدۇر
پەلەمپەي، تۇرلۇك - تۈمەن ۋەقەلەرنىڭ
رەڭلىرى ئالىچىپار راۋاقلارغا ئېلىپ بارىدۇ
ئۇ چاغدا سەن پورەكلىگەن بىر تال گۈلنىڭ دېرىزىسىدىن
ئۇزۇۋالارسەن، يۇلتۇزنى
1993 - يىلى

## مىڭبىر يۈزلۈك ئەينەك

مەن قانچە يىراقلاشقانچە
ئەكسىچە ساڭا شۇنچە يېقىنلىشىمەن
مەن ساڭا قانچە خائىنلىق قىلغانچە
ئەكسىچە سېنى شۇنچە كۆرەلەيمەن
يالغۇز ئارالدۇرمەن
سېغىنىش سۈيىگە چىلىشىپ تۇرغان
ھەممىلا يەر
ساڭا بارار يولۇمنى ئۈزۈپ تاشلىغان

مىڭبىر يۈزلۈك ئەينەك
چېھرىڭنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەربىر يۈزىدە

مەن سەندىن باشلانغان
سەندە ئاخىرلىشارمەن
1993 - يىلى

## ھەمدۇسانالار

ئاسمان
ئىچىدە، كېشەكلىك دېرىزىنىڭ
دېڭىز
ئىچىدە، تاش تېمى بار كۆلچەكنىڭ
ئورمان
ئىچىگە سىغدۇرالمىغان، ئۇنى باغنىڭ قاشا تاملىرى

ئۇزۇن يىللاپ ساقلانغان مەيلەر
مەي كۈپىنى يېرىپ تاشلايدۇ
تېشىپ چىقىپ
ئېغىزىدىن دۇنيانىڭ

شۇ قەدەر چەكسىز - بىپايان
ھەر بىر ھەمدۇسانالار
چەكلىمەڭ ھەققىدىلا ئېيتىلىدىغان
1987 - يىلى

## قار توزانى ئىچىدە

كۆز يېشىم ئارقىلىق يىللار بېتىنى ۋاراقلايمەن
ھەر خىل نەرسىلەرگە قار توزانى قونماقتا
ئۇنتۇش كۆشەيدۇ، بەتنىڭ يىرتىقلىرىنى
ئوت ئوتۇن ئارىسىدا ئۇخلايدۇ

يالقۇن پانۇستا
بىر ئەر بۇزۇلغان ۋاگوندىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئۇخلايدۇ
ئالەمنىڭ ئەڭ ئاداققى بىر بېكىتىدىكى

كىچىككىنە بىر هويلا
بىر تۇپ ئانارى ئۆسكەن
يۈرىكىمدە

كىچىككىنە بىر هويلا
ۋەيران بولغان بىر كۆلى بار
مېنىڭ كۆزۈمدە

كىچىككىنە بىر هويلا
تەنها بىر ئايالى بار
مېنىڭ هاياتىمدا

پويىز چاقىنىڭ ئاۋازى
رېلىستا
كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ چاقى
تاراقلايدۇ يىپ ئارا

مەن كۆز يېشىم بىلەن يىللارنى ۋاراقلايمەن
هەممە پەسىل، قىش پەسلىدۇر

1987 ـ يىلى

## قەغەز ئايروپىلان

بالا
ئۆزىنىڭ ياغاچتىن ياسالغان رەگەتكىسىدىن
ئاتتى بىر تاش
قۇشنىڭ قانىتى
شاهىت بولدى
تارتىش كۈچىنىڭ قۇدرىتىگە
قۇشنىڭ قېنى نەملىۋەتتى تۇپراقنى
باغدىكى قۇشلار شىلدىرلاشتى كۆز كەبى
باغدىكى شۇ قۇشلار رەگەتكە سەۋەبلىك
كۆزگە ئوخشاش شىلدىرلاشقانىدى
پورەكلىگەن چېچەك ساپىقى
ئاۋۇ قۇشنى قويدى بەك مۇشكۇل
چېچەكنىڭ ساپىقى ئۈزۈلگەنىدى
دەرەخنىڭ ئۇچىدىن
قۇش چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى
قۇشنىڭ پېيى، كۆزىنىڭ ياپرىقىغا ئايلانغانىدى
شامالدا يەلپۈنۈۋاتقان

بالا
ئۆزىنىڭ ياغاچتىن ياسالغان رەگەتكىسىدىن
باغدا تاشتىن فونتان ياسىدى
قۇش
باغدا بىر ئازمۇ ئىز قالدۇرالماس بولغاندا
بالا
قەغەز ئايروپىلاننى ئۇچۇردى

1974 ـ يىلى

## يوقلاش

ئۆلۈم
ئېتىك دېرىزىدىن ماڭا قاراپ نەزەر تاشلايدۇ
هايات
ئىشىكتىن قېچىپ كېتىش غەرىزىدە بولىدۇ

مېنىڭ روهىم ئۆگزىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ
قاراڭغۇ هەم سوغۇق بىر كېچە
كارىۋىتىدا هېس قىلماق بولار
بىر ئاز يېنىكلەپ قالغاندەك
مېنىڭ قەلبىمدە
تېنىمنىڭ ئىچىدە باردۇر بىر قىسقۇچپاقا
مېنى هەدەپ قېزىۋاتقان
كۆڭلۈمگە ئايدىڭ
قۇرۇق پوست (قاسراق)قا ئايلىنىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغىنىم
هامان غۇلاپ چۈشىدىغىنىم هەم

ماڭا يامان سۈپەتلىك ئۆسمە ئۆسۈپ قالدى
خوتۇن ـ بالىلىرىم
هەممىسى مەندىن قورقىدۇ
مېنىڭ تونۇش، يېقىن ـ يورۇقلىرىم
ياشقىنە سېستىرانى يوقلاپ كېتىدۇ

1968 ـ يىلى

**ئەركىن نۇر تەرجىمىسى**

مۇھەررىرى: **مۇسا ئەھەد** (تەكلىپلىك)



# يىللار

(ھېكايە)

يۇسۇپجان مۇھەممەد ئەرتۇغ

*«مېنىڭ ئانام بىر بېلىق»*
*— ۋىللىيام فولكېنىر «جان ھەلقۇمغا كەلگەندە»*

قىشنىڭ باشلانغىنىغا ئىككى ئايغا يېقىن بولغان ئىدى. تۈنجى قارمۇ ئۈچ يېرىم ھەپتە بۇرۇنلا يېغىشنى باشلىۋالغان بولۇپ، شۇندىن بېرى پات-پاتلا ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

بۈگۈنكى ھاۋا ئەتىگەندىلا ناھايىتى قىزىقارلىق بولدى. ئەڭ دەسلەپتە ياغقىنى قار ئىدى، ئارقىدىن يامغۇرغا ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قارغا ئايلاندى.

قارنىڭ تۇساتتىن يامغۇرغا ئۆزگىرىشى ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى. ھەتتا مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ ياشاپ، بۈگۈنكى كۈندە يۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان چاللارمۇ قىلچە ھەيرانلىقىنى يوشۇرماستىن: «خۇدايىم تۇۋا، ماۋۇ نومۇسسىز ھاۋانى» دېيىشتى — گەرچە ئۇلارنىڭ بۇنداق ھاۋانى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقىنى بولمىسىمۇ. ئىگىزدىن قارىغاندا، ياكى ئوخشاش بىر تەكشىلىكتە تۇرۇپ سەل يىراقلارغا نەزەر سالغاندا يەرلەر خۇددى ماي قۇيۇۋېتىلگەندەك كۆرۈنەتتى. ناۋادا، بۇنداق كۆرۈنۈشلەرگە ئىككى قات ئەينەكنى بار دېرىزىدىن قارايدىغان بولسا ئادەمنىڭ سىرتقى دۇنياغا بولغان تەلپۈنۈشى ھەسسىلەپ ئاشقان بولاتتى، ھەتتا خېلى ئۇزاق داۋاملىشىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەڭ دەسلەپتە ياغقىنى قار ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يامغۇرغا — بايا دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئاساسەن سىم-سىم يامغۇرغا ئۆزگەردى. يامغۇر بارغانسېرى كۈچىيىپ يىگىرمە مىنۇتلارچە داۋاملاشقاندىن كېيىن قارغا ئايلاندى، زېمىن ئالىچىپار جانلىققا ئوخشاپ قالدى.

يولنىڭ ئۇدۇلىدا كىچىكرەك بىر بىنا بولۇپ، ئالدىدا ئۆزىگە يارىشا كىچىككىنە بىر تۈزلەڭلىكى بار ئىدى. بۈگۈنكىدەك ھاۋا ئوسال بولمىغان كۈنلەردە ئوقۇغۇچىلار سەھەردىلا بىنانىڭ ئالدىغا چىقىشىپ، ئالدى-كەينىگە ماڭغىنىچە بىر نەرسىلەرنى يادلاپ يۈرەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر بالا بولۇپ، كۆپىنچە چاغلاردا كۈندە دېگۈدەك چىقاتتى. ئۇ بەزىدە يادلاشقا كىرىشكەندە، بەزىدە

بىر ھازا يادلىغاندىن كېيىن، يەنە بەزىدە بولسا يادلاپ بولۇپ ئۆيىگە كىرىپ كېتەر چاغدا: «مېنىڭ ئانام بىر بېلىق، مېنىڭ ئانام بىر بېلىق» دېگەن سۆزنى قايتا ـ قايتا تەكرارلايتتى، گاھىدا بىرلا قېتىم دەيتتى. كىشىلەر ـ چوڭلار، ئۇنىڭ دوست ھەم تەڭتۇشلىرى، كىچىك بالىلار ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ئاناڭ بېلىق ئەمەس» دېيىشنى ئويلايتتى ـ يۇ، يەنە بالىنىڭ: «ياق، مېنىڭ ئانام بېلىق» دېيىشىنى بىلىپ، كۆپىنچە چاغلاردا ئېغىز ئاچمايتتى...

بىر موماي كۈنلۈك كۆتۈرگىنىچە بىنادىن چۈشتى. ئۇ خۇددى ئەرۋاھتەك غىپپىدە پەيدا بولۇپ قالغان ئىدى. مومايىنىڭ بويى پاكار بولۇپ، سىمىز كۆرۈنەتتى. ئەمما پاقالچىقى ئانچە سىمىز بولمىغاچقا، ئادەمدە «قېلىن كىيىنىۋالغاچقا سىمىز كۆرۈندىمىكىن» دېگەن ئويىنىمۇ پەيدا قىلاتتى. موماي قەدەملىرىنى ناھايىتى سىپتا ئالاتتى. ئۇنىڭ ئورنى ھەم ھەرىكىتىگە ئۇزاق دىققەت قىلىپ تۇرمىسا ماڭغان ـ ماڭمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر مۈشۈك ئەگىشىپ چۈشتى. مۈشۈك بىنا ئىشىكىدىن غېرىچ يىراقلىقتا مومايغا قاراپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا قارىۋەتكەندىن كېيىن بىنانىڭ ئارقىسىغا يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. موماي خۇددى ماڭماي سىيرىلغاندەك ئىلگىرىلەپ، يولغا چۈشىدىغان پەشتاققا كەلدى. بۇ بىنانىڭ ئالدىدىكى تەكشىلىكتىن يولغا چۈشىدىغان پەشتاقنىڭ ئۈچ پەلەمپىيى بولۇپ، پەشتاقلار ئۆلچەمسىز بولغاچقا پەس، لېكىن سەل كەڭرەك ئىدى. موماي پەلەمپەيگە كېلىپ بىر ھازا قاراپ تۇردى، ئارقىدىن پەلەمپەينىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا تۆت قېتىم ماڭدى. بەشىنچى قېتىمدا ئوڭ تەرەپتىكى چىملارنىڭ ئۈستىدىكى ئېرىمىگەن قارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن دەسسەپ بىر نەچچە قەدەم مېڭىۋىدى، ئېرىقچە كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە پەشتاققا قايتىپ كەلدى. يەنە پەشتاقنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا مېڭىۋېتىپ، بەدىنىنى سەل قىيپاش قىلىپ سول پۇتىنى بىرىنچى پەلەمپەيگە قويۇۋالدى، ئوڭ پۇتىنى پەشتاققا قويۇشقا ئۈلگۈرمەستىنلا سول پۇتىنى تارتىۋالدى. موماي سەل ئارقىسىغا ياندى، ئوڭ قولىنى چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇياق ـ بۇياققا قارىۋېتىپ بىناغا كىرىپ كەتتى. مۈشۈكى قەيەردىندۇر پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي موماي يەنە قايتىپ چىقتى. بۇ قېتىمقى مېڭىشى ئۇ ھەققىدە «ناھايىتى سىپتا قېرىپتۇ» دەپ ھۆكۈم چىقىرىشىمىزنى ئاسانلاشتۇراتتى. موماي پەشتاقنىڭ يېنىغا كېلىپ بىردەم قاراپ تۇردى، لېكىن بۇ قېتىم بايىقىدەك ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرمىدى. يولدا ئادەملەر كۆپىيىپ قالغان ئىدى، بىنادىنمۇ ئادەملەر چۈشۈشكە باشلىدى. يولدا بىرەيلەن بىناغا قاراپ تۇراتتى. شۇ دەقىقىدە بىنادىن بىر ياش يىگىت چىقىپ، پەشتاقتىن سەكرەپلا چۈشۈپ دوستىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بۇ موماي پەشتاقتىن چۈشەلمەيۋاتامدۇ نېمە؟

— شۇنى دېگىنە، ئەتىگەن سوغۇقتا نېمە بار بۇ قېرىغا ئۆيىدە ئولتۇرماي.

ئىككەيلەن شۇنداق دېگىنىچە ئوت ئالغۇزۇقلۇق ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى.

موماي ئارقىسىغا يېنىپ بىناغا كىرىپ كەتتى، مۈشۈكى باياتىنقىدەك ئۇنىڭ ئالدىدا ئىشىكتىن كىردى. مومايىنىڭ ھەرىكىتى بۇ قېتىممۇ شۇنداق سىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە شۇنداق كەسكىن ئىدى.

يولدىن كىشىلەر توختىماي ئۆتۈپ تۇردى، بىنادىنمۇ كىشىلەر ئۈزۈلمەي كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى.

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت



# نەسرلەر

بۇسارەم تۇرسۇن لالە

## ئۆلۈم ئۇچۇن ئېچىلغان گۇللەر

بەرگىسىز ئېچىلغان گۇلنىڭ بولماسلىقى ھەقىقەت بولغىنىدەك، ئېچىلغان گۇلنىڭ ھامان توزۇپ كېتىشىمۇ ئوخشاشلا ھەقىقەت.

تۇپراق گۇل ئۇچۇنلا يارالغان ئەمەس. ئەمما تۇپراق گۇلنىڭ قېنى.

گۇل تەبىئەتتىكى بىردىنبىر گۈزەللىك ئەمەس. ئەمما گۇل تەبىئەتنىڭ ئۇنسىز سۆزلەيدىغان ھېس-تۇيغۇسى.

گۇلنىڭ ئېچىلىپ توزۇپ كېتىشى بىلەن غۇنچە چېغىدا ئۇزۇپ تاشلىنىشىنىڭ پەرقى بار ئەلۋەتتە. چۇنكى، بىرسى ھەقىقەت بولسا، يەنە بىرسى ئىمكانىيەت ۋە پاجىئە.

يۈرىكىمگە قولۇڭنى تىقىپ، غۇنچە گۇلۇمنى سۇندۇرۇۋېتىپلا ھاياتىمدىن ئۆچۈپ كېتىشىڭنى ئويلىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما ئويلىيالمىدىم. سېنى «ھاياتىم بەدىلىگە پەرۋىش قىلىۋاتقان غۇنچە گۇلۇمگىلا شەيدا» دەپ ئويلىۋېلىشىم ئەخمەقلىق ياكى چەكتىن ئاشقان چوڭقۇر ئىشىنىش.

«يۈرىكىڭ ئاغرىدىمۇ؟» دېيىشىنىڭ ئورنىغا، «بەرگىلىرىڭ بارمۇ ياكى توزۇپ كەتتىمۇ؟» دەپ سورىغىن مەندىن. جاۋابىم شۇكى: «قاراپ باق! سەن سۇندۇرغان غۇنچە گۇلمەن...»

سېنى قانچە چوڭقۇر سۆيگەنسېرى شۇنچە ئۆچ بولۇپ كەتتىم.

سېنى قانچە كۆچلۈك سېغىنغانسېرى يەنە شۇنچىلىك سۇكۇتكە پاتتىم.

سەن بىلەن بىر قېتىم ئۇچرىشىپ قېلىشنى قانچە ئارزۇلىغان بولسام، يەنە شۇنچىلىك يىراقلىشىپ باردىم...

بىلدىم، غۇنچە گۇلۇم سۇندۇرۇلغان ئاشۇ كۇندىن باشلاپلا، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىدىم ھەم ئەمەس ئىدىم.

گۇللەر قەبرىستانلىقى گۇل بەرگىلىرىدىن

ياشلار ئەدەبىياتى

ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ يىغلايدۇ؟ ھېچكىم. پەقەت مەن ئۆزۈمنى تۇپراق بېشىغا قاداپ قويىمەن.

كۆزۈمدىكى سەن ئۇزۇپ ئوينايدىغان بۇلاقلار، سەنلا سالقىندايدىغان قاتار-قاتار دەرەخلەر، مەڭزىمدىكى سەن يايلايدىغان گۈزەل دۇنيا، لېۋىمدىكى پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تۇپ گۈل... بۇلار مەڭگۈ تاڭ ئاتماس كېچىلەرگە مەنسۇپ بولدى.

گۈل ئېچىلماي مەڭگۈ غۇنچە پېتى قالسۇنمۇ؟... غۇنچە چېغىدا سۇنۇپ تۈگىسۇنمۇ ياكى ئېچىلىپلا توزۇپ كەتسۇنمۇ؟...

ئۆلۈم ئۇچۇن ئېچىلغان گۈللەر... غۇنچە ياكى...

## لالەگە بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى

چۆۋۈلغان چېچىمغا يۈرىكىنى ئاچىدىغان كىم بار ئىدى؟ چېچىمنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ بىردەم يىغلىسام... كىم بار ئىدى؟ جاز مۇزىكىسىغا سەكرەپ، ساراڭلىقىمنى ئەڭ يۇقىرى گىرادۇستا قايناتسام، بىر پىيالە ساراڭلىقىمنى سەۋر بىلەن ئىچىپ تۈگىتىدىغان... كىم بار ئىدى؟ لالە ئۆزىنى ئۆزىگە ئېسىپ جار-جار ۋارقىرىسا، جىمجىت كېلىپ باغرىغا باسىدىغان، ئاھ !... يەنە كىم بار بولۇشى مۇمكىن؟...

كىم بار ئىدى، لالە مەن سېنىڭ ئاناڭ دەپ ئىشىك ئاچىدىغان؟ قەلبىنى كەڭ ئېچىپ قويۇپ، لالە كېلىدۇ دەپ ساقلايدىغان؟ ئاھ!... يەنە كىم بار ئىدى، لالە ئۈچۈن جېنىنى تىزىق قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، گۆھەر كەبى ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان؟ يەنە كىم بار ئىدى؟...

شۇ سوغۇق لەۋلەرنىڭ چىتلاقلىرىنى بۇزۇپ، يىراق-يىراق قېچىپ كەتسەمچۇ... كىم بار ئىدى، مېنى كىچىك بالدەك يېتىلەپ قايتۇرۇپ كېلىدىغان؟ كېچىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ يىغلىسام، ئاھ! يەنە كىم بار ئىدى، يامغۇرلۇق يۈزۈمنى ئاستا ئۆزىگە قارىتىپ تۇرۇپ «يىغلىما! يىغلىما جېنىم!» دېيەلەيدىغان؟ ئاھ!... يەنە كىم بار بولۇشى مۇمكىن؟...

كىم بار ئىدى، بوغۇچلانغان پۈتۈمنى يېشىۋېتىپ، مېنى بۇ شەھەردىن پۈررىدە قىلىپ ئۇچۇرۇۋېتىدىغان؟ يېرىلىپ كەتكەن يۈرىكىمنىڭ بېغىشلىرىنى قايرىۋەتمەي تېكىپ قويىدىغان؟ ئاھ! يەنە كىم بار ئىدى؟... كىم بار ئىدى؟...

يۇلتۇزلارنى يۇلتۇز، قۇياشنىمۇ قۇياش دېمەيمەن. ئەمدى ئۇلارنى چاقىرمايمەن. ئۇلار ماڭا ئامراق ئىدى، ئەمدى ئۇلار مېنى چاقىرسۇن! مېنىڭ ئۇلاردىن باشقا ئەركىلىگۈدەك نېمەم بار ئىدى؟...

بەختىمنى قاچانلاردا، نەدە خەجلەپ تۈگەتتىم بىلمەيمەن. ئاللىقاچان قۇرۇقدىلىپ قالغان يۈرىكىمگە ساپايەمنى تۇتقۇزۇپ، لالەنى بىردىن-بىردىن ئۇۋاپ ماڭدىم. ئاھ! يەنە كىم بار ئىدى، ئۇۋۇلىپ چۈشكەن بەرگلىرىمنى تېرىپ، ئەۋرىشكە قىلىپ ئارتېرىيە تومۇرىغا قىستۇرۇپ ساقلايدىغان؟ ئاھ، يەنە كىم بار ئىدى؟...

«مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار» دېدىم، مېنى بۈگۈن ئۇنتۇپ كېتىڭلار! مەندەك ئوماق، يىغلاڭغۇ لالەنى ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ ئاپىرىپ، كۆز ياشقا قىرىق كېچە-كۈندۈز چىلاپ سەگىتىپ قويۇڭلار! بىلىشىڭلار كېرەككى، ئۇ يىغلىسا تولىمۇ ئوماق. ئەمما بۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى. بۇ جازانى بىكار قىلىۋېتىدىغانغا، يەنە لالەدىن بۆلەك كىم بار ئىدى؟...

## قانداق ئېيتىمەن

ئېيپەتلىك، شەرمى-ھايالىق ئۇيغۇر قىزى تۇرسام، سەندىن بۇرۇن، «سېنى سۆيىمەن» دەپ قانداق ئېيتىمەن؟ يوشۇرۇن سۆيۈشنى شۇقەدەر پارە-پارە قىلىپ چېقىۋەتكۈم بولسىمۇ، مەن

شۇنچىلىك بىقۇۋۇل تۇرسام، سېنىڭ ئالدىڭدا ئاشىقلىقىمنى قانداق سۆزلەيمەن؟...

تاڭلار ئەمەس، پەقەت تۈنلەرلا بىلىدۇ كۆز يېشىمنىڭ رەڭگىنى.

قۇياش تېتىپ باقمىغان كۆز يېشىمنىڭ تەمىنى، يامغۇر تېتىيدۇ.

ھېچ كىشى ۋاراقلاپ باقمىغان تەنھالىقىمنىڭ سىرىنى لالە ئۆكسۈپ تۇرۇپ ئوقۇيدۇ.

ساڭا ھېچبىر زامان ئاشكارا بولۇشقا نېسىپ بولمىغان قەلبىمنى بىر ئازاب ئوينايدۇ.

قانداق ئېيتىمەن، «سېنى سۆيىمەن» دەپ قانداق ئېيتىمەن؟ سېنىڭ يۈزۈڭگە بىر تىكىلىپ قاراشتىنمۇ ئۈيىلىدىغان، بىر جۈملە سۆزنىمۇ راۋان دېيەلمەي، دۇدۇقلاپ كېكەچكە ئايلىنىدىغان تۇرسام. كۆز ئالدىڭدا بىر تال گۈل ئۆزگەنچىلىك ھەرىكەتنىمۇ قاملاشتۇرالماي، قىزىرىپ كېتىدىغان تۇرسام... كىم ئېيتىپ بېرىدۇ ماڭا، ئۇنىڭغا «سۆيىمەن» دەپ قانداق ئېيتىمەن؟...

بارچىگە تەئەللۇق بولغان كۈتۈش ھوقۇقى مەندىمۇ بار. سېنى چۈشلىرىمنىڭ ھەربىر دوقمۇشلىرىغا مۆكۈنۈۋېلىپ كۈتىمەن. چۈشلىرىمنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىپ باققان ئەمەس. ھامان سەنسىزلىك بىلەن مېنىڭ ئالدىمدىن تەكرار ئۆتىدۇ. تەكرار-تەكرار... تەكرار-تەكرار...

«مېنى يىغلاتما!» دېيەلمىدىم، «باغرىڭغا باس!» دېيەلمىدىم. «كەتمە!» دېيەلمىدىم، «يۈرىكىمنى ئاڭلا!» دېيەلمىدىم... دېيەلمىدىم، ھېچ نەرسە دېيەلمىدىم...

يامغۇر ياغسا بوپتىكەن-ھە، شۇ تاپ بىر شارىلداپ! يامغۇرنىڭ يەلكىسىگە مۇشتلاپ تۇرۇپ، سېنى سۆيىدىغانلىقىمنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتىۋەتسەم. ئاھ!... بۇ يۈرىكىم يەڭگىللەپ قالسا.

مىسكىن تىنىمدىن خازانلارنى تېرىۋېتىپ ناخشا ئېيتتىم. ناخشا ئاسفالت يوللارنى تىنتىۋەتتى. «ئاھ!» دېگەن ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قالمايلى» دېدى بىرسى. ئارقامغا يېنىشنى ئويلىمىغىنىم ئۈچۈن دېڭىز رەڭ كۆڭلىكىمنى پويىز رېلىسىغا ياپتىم. چوقۇمكى مەن ئۆلۈپ كېتەتتىم... ئەمما ھاياتلىق سەن ھايات بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا مېنى رېلىستىن قايتۇرۇپ كېلەتتى.

«قانداق ئېيتىمەن؟» دېگەن سۆزنى مەڭگۈلۈك زىندانغا تاشلىدىم. مېنىڭ مەڭگۈلۈكۈمنىڭ باشلىنىشى زىندان، ئاخىرلىشىشى بولسا ئۆلۈم.

مۇھەررىرى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت

**«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب-ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.**
**كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى «غالىبىيەت» يولى 100-نومۇر**
**ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991-2850601**

# 天尔塔格 文学双月刊

五次获新疆维吾尔自治区期刊奖期刊

2015年第三期期（总170期）


## 目　录


**生活素描**

努尔买买提的擦鞋店（中篇小说）…肉孜买买提·穆塔里普（15）

**诗歌与评价**

一千首诗歌题目角度来研究当代维吾尔诗歌…买买提·吾守尔（5）

**作家研究专栏**

这就是穆塔里普·斯依提(随笔)……吐尔逊拜格·伊布拉音(44)

**新潮诗歌天地**

夜晚的花园……………………………………古丽尼沙·伊明(37)

一颗小草发芽着一首古曲……………努尔夏提·买买提艾力(39)

超越一千零一夜……………………………阿里木江·阿扎提(42)

**兄弟民族文学**

翠镜(短篇小说)……阿不都热合曼·斯马依力(柯尔克孜族)(71)

**创作实验室**

小说的气味………………………………热比古丽·外力 译（79）

跟踪埃姆朗·萨罗希诗文………………库德来提·库尔班（100）

埃姆朗·萨罗希诗歌选……………………艾尔肯·努尔 译(104)

**和谐社会写照**

"编外爸爸"— 李勇（报告文学）………………………张末（84）

**老作家新作**

旅游日记(诗)………………………………伊明·艾合买提(68)

**纪实文学园地**

在故乡的日子(随笔)……………………阿不都热依木·祖农(60)

**青年文学**

河床流过我的身上(散文诗)………………努尔艾力·吐鲁普(57)

我们走吧(诗)……………………………………帕丽达·雅库甫(98)

岁月（短篇小说）…………………………玉苏甫江·买买提（107）

散文（一组）……………………………………布萨热木·吐尔逊（109）

格则勒与穆罕麦斯……………………阿布都萨拉姆·买买提（59）


封一：刀郎文化研究员、文艺组织人、已故作家：穆塔里普·斯依提

封一图片提供：依明·帕力图

杂志名由著名书法家：尼亚孜·克里木 撰写


主管；主办单位:
乌鲁木齐市文学艺术界联合会

编　辑:
《天尔塔格》编辑部

总　编:
普拉提·艾维组拉

副 总 编:
艾尔肯·努尔

编　辑:
阿里木·哈力丁
艾克拜尔·沙力
依米尔艾山·马合木提
木沙.艾海提(聘用)

美术编辑:
肖开提·肖克来提

责任校对:
克尤木·吐尔逊(聘用)

校 对:
迪拉热·艾比不拉

地址:乌鲁木齐市新兴街5号
邮编: 830092
电话: 0991-4658897, 4696807
国际连续出版物刊号:
ISBN1004-1745
国内统一连续出版物号:
CN65-1012/I

邮发代号: 58-83

零售价: 10.00元

# ئىناقلىق كۈچ، ئىناقلىق ئامەت

بۇ جاھاندا يەككە شەيئى يوق،
يىلتىزلىرى تۇتاش بارچىنىڭ.
قۇدرىتىدىن تاغلار تىترەيدۇ،
بارچە مىللەت ئىپتىقان ناخشىنىڭ.

ئىناق ئەلدە ئىناق مىللەتلەر،
چىرايىدىن تۈگۈلەر كۈلكە.
ئانا شەھرىم ئۇخشار ھەرقاچان،
بارچە دىلدىن سۇ ئىچكەن گۈلگە.

ئىناقلىق كۈچ، ئىناقلىق ئامەت،
ئىناقلىقتىن ياغىدۇ بەرىكەت،
ئۇخشاش بولسا كۆڭۈللەر رايى،
ئانا يۇرتتا قاينار مۇھەببەت.



«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى لايىھەلىگەن ئاممۇۋى پاراۋانلىق ئېلانلىرى

# بوستان مەھەللىسىدە نورۇز

2015 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نورۇز بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن باداۋان بوستان مەھەللىسى ئاھالىلەر كومىتېتى بىرلىكتە نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

پائالىيەتتە ئاھالىلەر كومىتېتى خىزمەتچىلىرى ۋە مەھەللىدىكى ئاھالىلەر تەييارلىغان مول، رەڭدار نومۇرلار ئورۇندىلىپ، پائالىيەتكە قاتناشقان ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي، رەڭدارلىققا ئىگە قىلىپلا قالماي، مۇھىمى كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت كۈچەيتىلدى.

بۇ قېتىمقى نورۇز پائالىيىتىدىن خۇرسەن بولغان ئاھالىلەر، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن تۆۋەنگە چۈشكەن كادىرلار ھەم بوستان مەھەللىسى ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى خىزمەتچىلەرگە ئۆز تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈشتى.

